# نۇرلۇق چىراغ

شەيخ ئەھمەد سەييىدنىڭ «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى»
ناملىق كىتابىغا يېزىلغان شەرھى

مۇئەللىپ: شەيخ مۇھەممەد شۇمەيس

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت قاراخانىي

# نۇرلۇغ چىراغ

# NURLU KANDİL

| | |
|---:|:---|
| Tercüme: | تەرجىمە قىلغۇچى: |
| **Muhammed Bişaret Karahani** | **مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت قاراخانىي** |
| Editör: | تەھرىر ۋە كورركتور: |
| **Habibullah Kurbani** | **ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Yayına Hazırlayan: | نەشر قىلغۇچى ئورۇن: |
| **Karahanlılar İslam Araştırma Merkezi** | **قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |
| Sayfa Tasarımı: | بەت لايىھەلىگۈچى: |
| **Ufuk Tasarım** | **ئۇپۇق ئىلان لايىھەچىلىكى** |

ISBN: 978-625-96234-3-6
Yayın Adresi: Maltepe Mah. Davutpaşa cad. Güven İş Merkezi
C Blok No: 83 / 3 İç Kapı No: 264 Zeytinburnu İstanbul

2026 ـ يىلى 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى

مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە،
رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا يول قويۇلمايدۇ. karahanilarbiz@gmail.com

Karahanlılar İslam Araştırma Merkezi
قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە.......................................................................................................1

كىرىش سۆز......................................................................................................5

بىرىنچى باب

ۋەھىينىڭ مەنبەلىك ئورنى ۋە ئالەمشۇمۇللۇقى، ئىنتائەتنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگىلا مەركەزلىشىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ...........................................................13

ئىككىنچى باب

قۇرئاننى پەيغەمبەرنىڭ يولى بويىچە قوبۇل قىلىش، قۇرئانغا ئەمەل قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئۇنىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئۇنىڭدىن ھىدايەت تىلەش، ئۇنىڭغا قانائەت قىلىش، ئۇنى ھاكىم قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىماننى زىيادە قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا ...........................................................................................................23

ئۈچىنچى باب

ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئۇلۇغلاش، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا ................................................................................37

تۆتىنچى باب

ئاڭ - چۈشەنچىلەرنى ۋەھىينىڭ ئۆلچىمىگە سېلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلچەملەرنى تۈزىتىشى ۋە ھەقنى خاتا نەزەرىيەۋى قاراشلار بىلەن رەت قىلىشنىڭ گۇمراھلىق سەۋەبى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ...........................................................................45

بەشىنچى باب

دىنىنىڭ بۇيرۇق، چەكلىمە ۋە خەۋەر جەھەتلەردىن خىلمۇخىل مەرتىۋىلىرى بارلىقى، دىننى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشنىڭ شۇ مەرتىۋىلەرنى تونۇشقا قاراپ پەرقلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ..............................................................................................55

ئالتىنچى باب

مۇئمىنىنىڭ ھاياتىدا نەپسىنى پاكلاش (تەزكىيە) نىڭ مۇھىملىقى، قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە نىجاتلىقىنىڭ مۇشۇ ئىككىسىگە باغلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا......................69

يەتتىنچى باب

مەنپەئەتلىك ئىلىمنىڭ شەرەپ ۋە پەزىلىتى ھەمدە ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغانلارنىڭ ئەيىبلىنىشى توغرىسىدا ..........................................................................77

سەككىزىنچى باب

ئەمەلنىڭ ئەھمىيىتى، ئىلىمدىن توغرا ئەمەل كۆزلىنىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ئەمەلىيەت ئۈستىدە تەربىيەلىگەنلىكى ۋە ئۇلارنى بىھۇدە سوئاللارنى سوراشتىن توسقانلىقى توغرىسىدا ..........................................................................85

توققۇزىنچى باب

نىيەتنىڭ ساپ بولۇشى، مەقبۇل ئەمەلنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەن ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن ئەمەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..........................................................93

ئونىنچى باب

غايە تىكلەشنىڭ مۇھىملىقى، ئالىي غايىلەرگە ئەرزىمەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا ..........................................................101

ئون بىرىنچى باب

كىشىنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا .....................................107

ئون ئىككىنچى باب

ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بارلىقى توغرىسىدا .........113

ئون ئۈچىنچى باب

پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىسلاھاتچىنىڭ ئىبادىتى، دەۋىتى ۋە سەۋرچانلىقىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا.....................................121

ئون تۆتىنچى باب

ئىسلاھات ۋە ئاللاھقا دەۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئەھمىيىتى ..........................................................................129

ئون بەشىنچى باب

ئىسلاھاتچىلارنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا ......................................................................137

ئون ئالتىنچى باب

جىنايەتچىلەرنىڭ يولىنى تونۇپ يېتىش، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىگە ھوشيار بولۇش ۋە مۇناپىقلارنىڭ سۈيىقەستلىرىدىن ئاگاھ بولۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا...........147

ئون يەتتىنچى باب

ياشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئىلىم ئىگىلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا...............................................157

ئون سەككىزىنچى باب

ئاياللارنىڭ ئىلىم تارقىتىش ۋە ئىسلامغا ياردەم بېرىشتىكى رولى، ئۇلارنىڭمۇ ياخشىلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنىڭغا ئالدىرىشى توغرىسىدا.........................................169

ئون توققۇزىنچى باب

ھەق يولدا ساباتلىق تۇرۇش ۋە دىندىن يېنىۋېلىشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا .....................179

يىگىرمىنچى باب

دىندا ئوتتۇراھال بولۇشقا ۋە ئاسانلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ۋە ھەددىدىن زىيادە چىڭىتىۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا ..................................................................................................187

يىگىرمە بىرىنچى باب

مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىدا گۈزەل ئەخلاق، ياخشىلىق ۋە خەير - ئېھسانىنىڭ مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا.......................................................................201

يىگىرمە ئىككىنچى باب

ھىدايەت ۋە پاراسەتكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرى، مۇسۇلمانىنىڭ رەببانىي ھىدايەتكە دائىم ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا...........................................................209

يىگىرمە ئۈچىنچى باب

ياخشى ھەمراھىنىڭ مۇھىملىقى، ئاللاھ ئۈچۈن دوستلىشىشنىڭ پەزىلىتى، بۆلۈنۈش، دەتالاش

ۋە ئىختىلاپلىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ............................................... 217

يىگىرمە تۆتىنچى باب

پىتنىلەردىن ھەزەر ئەيلەش، دۇنيانىڭ پىتنىسى ۋە دۇنيا تالىشىش دېگەندەك سالىھلار پەخەس بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا.......................................... 226

يىگىرمە بەشىنچى باب

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىشىش ۋە ئەھۋالىنىڭ ناچارلىشىش سەۋەبلىرىنى چۈشىنىش ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى تەلىماتلىرى توغرىسىدا.................................. 237

يىگىرمە ئالتىنچى باب

ئىسلاھاتتا، دىنىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈشتە، ئىنسانلارنى ئىدارە قىلىش ۋە دەۋەت قىلىشتا ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا.................................. 245

يىگىرمە يەتتىنچى باب

ياخشى ئاقىۋەت ۋە سىناقتىن كېيىنكى زەپەر ھەققىدە.................................................. 255

يىگىرمە سەككىزىنچى باب

قىيىنچىلىق ۋە پىتنىلەردىن كېيىن، ئاخىر زاماندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ تۈزىلىدىغانلىقى ۋە قۇدرەت تاپىدىغانلىقى ھەققىدىكى بېشارەتلەر توغرىسىدا ...................... 263

يىگىرمە توققۇزىنچى باب

ئىسلامنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىدىغان بىردىنبىر دىن ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ نىجاتلىقنىڭ شەرتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا.............................................................. 273

ئوتتۇزىنچى باب

مۇئمىننىڭ قورقۇنچ بىلەن ئۈمىد ئارىسىدا ئاللاھقا يۈزلىنىشى........................................ 281

ئوتتۇز بىرىنچى باب

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان سېغىنىش ۋە ئىشتىياق توغرىسىدا ...... 289

ئوتتۇز ئىككىنچى باب

ئاللاھ تائالانى سېغىنىش ھەققىدە ......................................................................................... 293

خاتىمە ........................................................................................................................ 298

# مۇقەددىمە

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، پۈتۈن كۈچ - قۇدرەت پەقەت ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر.

بىزگە مۇسۇلمانلىق نېمىتىنى ئاتا قىلغان، كىتابى قۇرئان كەرىمنى باتىل يولدىكىلەرنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ساقلىغان، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ۋاقىت ۋە شارائىتتا ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى تۈزەيدىغان، ھەرقانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتسىمۇ ئەھكاملىرى ئەمەلدىن قالمايدىغان، قانۇن - شەرىئەتلىرى يېڭىلىنىشقا موھتاج بولمايدىغان ئايەت ۋە دەلىللەرنى جايلاشتۇرغان مەرھەمەتلىك زات جانابى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن.

ئاتا - ئانامنى ۋە جېنىمنى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدىغان زات رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى بولغان بۇ زات دىنىدىن چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك ھېچنەرسىنى قالدۇرماي، ئەڭ گۈزەل شەكىلدە بايان قىلىپ بەردى. زامان قانچىلىك ئۆزگەرسە ئۆزگەرسۇن، نەقەدەر ئۇزۇن بولسا بولسۇن، ئۇ بىزنى ئەھۋالىمىزنى تۈزىدىغان يوللارغا باشلىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ سۈننىتىنى يالغانچىلارنىڭ تۆھمىتىدىن ساقلىدى، سۈننىتىنى تارقىتىدىغان سادىق، ئىخلاسمەن، پىداكار كىشىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، نەتىجىدە سۈننەت جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە تاراپ، كارۋان يولىدىكى نۇرلۇق مەشئەلگە ئايلاندى.

مەقسەتكە كەلسەك، ئاللاھنىڭ بۇ ئۈممەتكە ئۆزى نازىل قىلغان كىتاب قۇرئان كەرىمنى ۋە ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ساقلاپ بەرگەنلىكى ئۇ زاتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر. پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىسلاھاتى مۇجەسسەملەنگەن بۇ ئىككى ئىلاھىي نۇر ئىنسانلارغا يول كۆرسىتىشتە يېتەرلىك بايلىقتۇر. پۈتۈن جاھان ئەھلى مۇشۇ ئىككى نۇرنى ئاساس قىلماي تۇرۇپ ئەھۋالىنى تۈزىمەكچى بولسا، ھەرگىز تۈزەلمەيدۇ؛ ئىسلاھاتچىلار مۇشۇ ئىككى مەنبەدىن يولغا چىقماي تۇرۇپ ئۈممەتنىڭ قايتا قەد كۆتۈرۈشىنى ئويلىسا، ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ نىجاتلىقىمىز، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشىمىز، دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىمىزنىڭ ياخشىلىنىشى پەقەت ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەنلا

ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، ئۈممەتنىڭ قايتا قەد كۆتۈرۈشىدە ئاساسىي كۈچ بولىدىغان ئىسلام ياشلىرىنى ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىنى ئۇلۇغلاش، ھەر ئىشىدا شۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىش ۋە ئۇنى ھۆكۈمران قىلىش ئېڭى بىلەن تەربىيەلەش ئەڭ توغرا يولدۇر. بولۇپمۇ، بۇ تەربىيە شەرىئەتنىڭ تارماق ۋە ئۇششاق مەسىلىلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئاساسىي پىرىنسىپلىرى ۋە مۇھىم نۇقتىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

نۇرغۇن مۇسۇلمان ياشلىرى ئارىسىدا بىھۇدە ئويۇن - تاماشا ۋە بۇزۇقچىلىق كۆپەيگەن، ئىسلاھاتچىلار ۋە دىن يولىدا خىزمەت قىلغۇچىلارنى ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالغان مۇشۇنداق بىر دەۋردە ئاللاھ تائالانىڭ تەۋپىقى بىلەن ئۆزىگە ۋە ئۈممىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر تۈركۈم ئىسلام ياشلىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئۈستىباشلىرىدىكى ھۆرۈنلۈق چاڭ - توزانلىرىنى قېقىۋەتتى، بىكار تەلەت، ئەخمەقلەرنىڭ يولىدىن يىراقلىشىپ، بۇ دىنىنىڭ پىداكار خىزمەتچىلىرىدىن بولۇش ئۈمىدىدە ئۆزلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئاتلاندى، ئۇلار ئۈمىدسىزلىكنى چۆرۈپ تاشلىۋەتتى، روھى چۈشكۈنلەرنىڭ سېپىدىن ئايرىلدى ۋە ئۈممەتنىڭ ئېگىلگەن قەددىنى قايتىدىن رۇسلاش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن، بوشاشماي ئالغا ئىلگىرىلىدى.

بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ باشقىلار ئارقىغا چېكىنگەن ۋاقىتتا ئالغا قاراپ ئاتلانغانلىقىنى ۋە بۇ يولدىن قېچىش پۇرسىتى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، مەيداندىن قاچمىغانلىقىنى كۆرگەندە، بۇ ئۈممەتنىڭ ئىسلاھاتچىلىرى ئۇلارغا مېڭىشقا تېگىشلىك ئېنىق يولنى، يەنى قاياققا ۋە قانداق مېڭىشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يول خەرىتىسىنى سىزىپ بېرىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇستازىمىز ئەھمەد سەييىدنىڭ «ئەلمىنھاج مىن مىراسىن نۇبۇۋۋەھ» (پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى) ناملىق كىتابى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ كىتاب رەببىنىڭ ئەمرىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىنىڭ نۇسرەت تېپىشى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ياشلارغا بىر «مەنھەج»، يەنى ئېنىق يول خەرىتىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن، بۇ مەنھەج باشقا مەنھەجلەرگە ئوخشىمايدۇ، بەلكى ئۇ پەيغەمبەرلىك مىراسىدىن، يەنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ خۇسۇسىيەت ئۇنىڭغا ئالاھىدە قىممەت ئاتا قىلغان. چۈنكى، بۇ كىتابتىكى مەتىنلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە يۈكسەك قىممىتى مۇئەللىپىنىڭ مەرتىۋىسىدىن كەلگىنى يوق، بەلكى ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن، يەنى پەيغەمبەر مىراسىدىن كەلگەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىراسىدىن ئېلىنغان بۇ مەنھەج نېمىدېگەن گۈزەل!

كەرەملىك ئاللاھ «ئەلمىنھاج مىن مىراسىن نۇبۇۋۋەھ» ناملىق كىتابنىڭ مەتىن قىسمىنى ئىسلام ياشلىرى ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتۈردى. يېقىنقى يىللاردا نەچچە مىڭلىغان ياش ئۇنى يادلىدى ۋە شەرھلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندى. ئۇنى ئوقۇغان نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئەخلاقىدا ۋە ئىسلاھات خەرىتىسىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

مۇئەللىپ ئەھمەد ئىبنى يۇسۇف سەييىد بۇ كىتابنىڭ مەتىن قىسمىنى 31 قىسىملىق يۇرۇشلۇك سىن دەرسلىرىدە شەرھلىگەن ئىدى. جانابى ئاللاھ مېنى بۇ سىنلىق شەرھنى خۇلاسىلەپ، رەتلەپ چىقىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. ئەلۋەتتە بۇنداق قىلىشىمدا مەلۇم مەقسەتلەر بولۇپ، بۇلارنى شەرھنىڭ ئالدىدىكى «كىرىش سۆز» قىسمىدا سۆزلەپ ئۆتىمەن. مەن بۇنى خۇلاسىلەش ۋە ئاددىيلاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاماملىۋالدىم. نەتىجىدە قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ۋۇجۇدقا چىقتى. بۇ كىتابقا «ئەلقەبەسۇل ۋەھھاج فىي تەلخىسى شەرھىل مىنھاج» يەنى «نۇرلۇق چىراغ» دەپ ئىسىم قويدۇم. يەنە بۇنىڭغا مەتىن قىسمىدا كەم ئۇچرايدىغان، يات سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتىنىمۇ قوشۇپ قويدۇم. ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن 150 دىن ئارتۇق سۆزنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تەپسىر، ھەدىس شەرھلىرى ۋە لۇغەت كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىزاھلىدىم. شەرھنىڭ ئالدىغا تۆۋەندىكى ئالتە نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر «كىرىش سۆز»نى قوشتۇم:

**بىرىنچى: مەتىن كىتابنىڭ ئىسمىنى شەرھلەش؛**
**ئىككىنچى: مەتىن كىتاب تۈزۈشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى؛**
**ئۈچىنچى: مەتىن كىتاب تۈزۈپ چىقىشتىكى ئاساسي مەقسەتلەر؛**
**تۆتىنچى: مەتىن كىتابنىڭ ئەھمىيىتى؛**
**بەشىنچى: مەتىن كىتابنىڭ شەرھلىرى؛**
**ئالتىنچى: مەتىن كىتابنى شەرھلەش جەريانىدىكى ئەمگەكلىرىم.**

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىمەنكى، ئەگەر مەن بۇ خۇلاسىنى يېزىشتا ۋە بۇ شەرھنى سىلەرگە تەقدىم قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسام، بۇ پەقەت رەببىم ۋە ئىگەم ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر، مەندىكى ھەربىر نېمەت پەقەت ئۇنىڭ ئىلتىپاتى ۋە مەرھەمىتىدۇر. ئۇنىڭغا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈرلەرنى ئېيتىمەن، نۇقسانلىرىم ۋە ھۇرۇنلۇقۇم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن. ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئۆز پەزلى ۋە كەرەمى بىلەن بۇ كىتابنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەقبۇل، بەرىكەتلىك ۋە مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن. يەنە ئاللاھتىن مېنىڭ، ئاتا ـ ئانامنىڭ ۋە ئۇستازىمنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشىنى، بىزنى ئۆز پەزل ـ مەرھەمىتى بىلەن جەھەننەم ئازابىدىن ساقلىشىنى تىلەيمەن.

ئاللاھنىڭ پەزل ـ مەرھەمەتىگە موھتاج بەندە: مۇھەممەد شۇمەيس

ھىجرىيە 1445 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

مىلادىيە 2024 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

# كىرىش سۆز

## شەرھ ئالدىدىكى بايانلار:

### بىرىنچى: مەتىن كىتاب نامىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى:

مەن «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى» (المنهاج من ميراث النبوة) ناملىق بۇ كىتابنىڭ ئىسمى ھەققىدە ئويلىنىپ شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، بۇ ئىسىم كىتابنىڭ مەزمۇنىغا ھەقىقەتەن ماس كېلىدىكەن. ئادەتتە كىتابنىڭ ئىسمىنى توغرا چۈشىنىش كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان مەتىنلەرنى رەتلەپ چىقىشتىكى مەقسەتنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا، مەن سۆزۈمنى كىتاب ئىسمىنى قىسقىچە شەرھلەشتىن باشلاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇنىڭدا «منهاج» (يول خەرىتىسى)، «ميراث النبوة» (پەيغەمبەرلىك مىراسى) ۋە ئىككىسىدىن بىرىككەن (المنهاج من ميراث النبوة) «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى» دېگەن بىر پۈتۈن نامنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

**منهاج:** ئىمام ئىبنى مەنزۇر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «منهاج ئېنىق، روشەن يول دېمەكتۇر. بىر يولنىڭ منهاج بولۇشى ئۇنىڭ ئېنىق ۋە ئوچۇق بولغانلىقىدىندۇر. ھەزرىتى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرنى روشەن بىر يول ئۈستىدە قالدۇرۇپ ۋاپات بولدى» دېيىلگەن. يەنى بۇ ھەدىستىكى «روشەن يول» دېگەن سۆز «ئوچۇق، ئېنىق يول» دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىكى: «(ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق» [سۈرە مائىدە، 48 ـ ئايەت] دېگەن ئايەتتىمۇ «منهاج» كەلىمىسى «ئېنىق يول» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پەيغەمبەرلىك مىراسى** (ميراث النبوة): مىراس ئادەتتە بىر كىشىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ۋارىسلىرىغا قالدۇرغان مال ـ مۈلۈك ۋە ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نورمال كىشىلەرنىڭ مىراسىدۇر. ئەمما، پەيغەمبەرلىك مىراسى بۇنىڭدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن مال ـ دۇنيا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قالدۇرغان ماللىرى سەدىقىدۇر. بۇ ھەقتە ئىككى سەھىھ كىتاب (سەھىھ بۇخاريي ۋە سەھىھ مۇسلىم) تا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق

رىۋايـەت قىلـىـدۇ: «بىزنىڭ مال ـ مۈلكىمىـز مىراس قالمايدۇ، بىـز قالدۇرغان مال ـ مۈلۈك سـەدىقىدۇر». ئۇنداقتا، بىز دېمەكچى بولغان پەيغەمبەرلىك مىراسـى نېمىنى كۆرسـىتىدۇ؟

بۇنىـڭ جاۋابـى ئەبـۇ دەردا رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ رىۋايەت قىلغـان مۇنۇ ھەدىسـتە بايان قىلىنغـان: «ئالىمـلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسـلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر تەڭگـە ـ تىللا مىراس قالدۇرمـىدى، بەلكى ئـۇلار ئىلىم قالدۇرۇپ كەتتى. كىمكى شـۇ ئىلىمنـى ئالىدىكەن، چوڭ نېسىۋىگە ئېرىشـكەن بولىدۇ».

دېمـەك، پەيغەمبەر مىراسـى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ۋە رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ سـۈننىتىدۇر. ئۇنداقتا، پەيغەمبەرلىك مىراسـىدىكى يول خەرىتىسى: مەنبەسـى پەيغەمبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمدىن مىراس قالغان ئىلىم (يەنى قۇرئان ۋە سـۈننەت) تىن ئېلىنغـان ئېنىق، توغرا، داغـدام يول دېمەكتۇر.

كىتابنىـڭ ئىسـمىنى چۈشەنسـەك، ئۇنىڭ نېمە مەقسـەتتە تۈزۈلگەنلىكىنـى بىلىۋالالايمىز. يەنـى بـۇ كىتـاب رەببىنىـڭ ئەمـرى بويىچە توغـرا يولـدا مېڭىشـنى ۋە ئاللاھنىـڭ دىنىنىڭ غەلىبىسـىنى خالايدىغان مۇسـۇلمانلارغا ئېنىق يولنى كۆرسـىتىپ بېرىش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن.

## ئىككىنچى: مەتىن كىتاب تۈزۈشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى:

مۇئەللىـپ كىتابنىـڭ مۇقەددىمىسـىدە بـۇ مەتـىن كىتابنـى تـۈزۈپ چىقىـش ھەققىـدە توختىلىـپ، ئۇنىڭ «ئىسـلاھات پىروگراممىسـى»غا ئالاقـدار جامائەتچىلىككە سـۇنۇۋاتقان بىـر يۈرۈش مەزمۇنلارنىڭ بىر قىسـمى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ «ئىسـلاھاتچىلاردا ئۆلچەملىك ئـاڭ ـ سـاپا يېتىلدۈرۈش» ئۈچـۈن تۈزۈلگەنلىكىنـى، يەنى ئىسـلاھاتچىلار ۋە دىن يولىدا خىزمـەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۇسـلۇب ۋە ۋاسـىتىلىرى پەرقلىـق بولۇشـىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۆزئارىسـىدا ئورتاقلىششـقا تېگىشـلىك مەسـىلە ۋە تېمىلارنى ئـۆز ئىچىگـە ئالىدىغانلىقىنى تىلغـا ئالىدۇ.

بۇ مەتىنلەردە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسـلەرنى شـەيخ ئەھمەد سـەييىد باشقا دەرسلىرىدە بۇ يەردىكىدىن پەرقلىق ئۇسـلۇبتا شـەرھلىگەن. شـەيخنىڭ ئىسـلاھات قارىشـىنى تېخىمۇ چوڭقـۇر چۈشـىنىش ئۈچـۈن، ئۇنىـڭ تۆۋەندىكى ئىلمىـي ئەمگەكلىرىنىمۇ كـۆرۈپ چىقىش پايدىلىق:

1. «بۇسۇلەتۇل مۇسلىھ» (ئىسلاھاتچىلار كومپاسى).

2. «ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ رېئاللىقنى چۈشـىنىش ھەم ئىسـلاھات خىزمىتىدىكى تەسىرى».

3. «ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» (يۈرۈشلۈك دەرسلەر).

4. «ئىسلاھاتچىلار ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» (يۈرۈشلۈك دەرسلەر).

5. «تەربىيەچىلەرنى يېتىشتۈرۈش» (يۈرۈشلۈك دەرسلەر).

6. «قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسلاھاتچىلارنىڭ روھىيىتىنى داۋالىشى» (يۈرۈشلۈك دەرسلەر).

مەن بۇ ماتېرىياللارنى «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى» ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسىنى تولۇقلىغۇچىلار سۈپىتىدە چۈشىنىمەن. ئوقۇرمەنلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىققاندا، شەيخ ئەھمەد سەييىدنىڭ ئىسلاھات قارىشى ھەققىدە بىر قەدەر تولۇق تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى»دىكى مەتىنلەرنى رەتلەپ چىقىشتىكى مەقسەتلەر:**

بۇلارنى تۈزۈپ چىقىشتا بىرقانچە مۇھىم مەقسەت كۆزلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىكرەك بولغانلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ مۇھىم نۇقتىدۇر:

**1. شەرىئەتنىڭ مەركىزىي نۇقتىلىرىنى ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى مۇھىم ئىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش.** بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى تەرەپكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىلگەن:

1) **شەرىئەت:** شەرىئەت بۇ مەركىزىي نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، شۇڭا ئىسلاھاتچىلارنى مۇشۇ نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەت قاراشلار بىلەن تەربىيەلەش كېرەك. چۈنكى، شەرىئەتنىڭ تارماق (تەپسىلىي) فىقھىي مەسىلىلىرىگە كىرىشتىن بۇرۇن، ئەقىدە مەسىلىلىرىگە ۋە ئاساسىي ئەھكاملارغا تايانغان تەربىيە توغرا تەربىيە ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تەلىم ـ تەربىيە ساھەسىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەڭ ئېغىر مەسىلە ئوقۇغۇچى ياكى ئۇستازنىڭ ئاساسىي مەسىلىلەرنى تاشلاپ قويۇپ، دەسلەپكى باسقۇچلاردا دەرسلىك قىلىشقا ئۇيغۇن بولمىغان كىتابلارنى دەرسلىك قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ، ئىسلام ئەللىرىدە كەڭ كۆلەمدە يامرىغان ئىللەت بولۇپ، بۇ يەردە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىپ ئولتۇرمايمىز. ئەپسۇسكى، نۇرغۇنلىغان ياشلار ئەقىدە ئىلىملىرى ۋە دىنىنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرىدە تەربىيەلىنىشىنىڭ ئورنىغا، مەزھەپ فىقھىلىرىدىكى تۈگىمەس تالاش ـ تارتىش ۋە ئىختىلاپلار بىلەن تەربىيەلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق توغرا بولمىغان ئۇسۇلدا تەربىيەلەنگەن ياشلارنىڭ بىرقانچە يىلدىن كېيىن كىشىلەرگە يولباشچى، مۇئەللىم بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەقىقەتەن كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئىشتۇر. ئاللاھ ياردەمچىمىز بولسۇن!

2) **رېئاللىق:** رېئال تۇرمۇشقا ۋە ئىجتىمائىي ھاياتقا نەزەر سېلىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەركىزىي نۇقتىلاردا يۈز بەرگەن نۇقسان ۋە خاتالىقلارنى تۈزىتىش ھەمدە بۇ

مەسىلىلەرنى روشەن بايان قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەت ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان.

**2. ئىككى چوڭ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق تەييارلاش:**

**بىرىنچى نىشان:** توغرا يولدا مېڭىش ۋە بۇ يولدا ئۇچرايدىغان تۈرلۈك سىناقلار، نەپسى - خاھىشلار (شەھۋەت) ۋە گۇمانلىق پىكىرلەر (شەك - شۈبھىلەر) ئالدىدا تەۋرەنمەي تۇرۇش.

**ئىككىنچى نىشان:** جەمئىيەت ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە دىن يولىدا خىزمەت قىلىش. بۇ كىتابتا ئىسلاھاتچى موھتاج بولىدىغان بىرقانچە باب بار. مەسىلەن، مەنبەنىڭ ساپ بولۇشى، پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىمىزنى ۋەھيي ئۆلچەملىرىگە سېلىش، ئىسلاھاتنىڭ پەزىلىتى، ئىسلاھاتچىلارنىڭ سۈپەتلىرى... قاتارلىقلار. شۇنى جەزمەن بىلىشىمىز كېرەككى، ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى ئۇممەت ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ئىسلاھات ۋە دەۋەت ئىشلىرىغا تولۇق كۇپايە قىلىدۇ. مۇھەققەقكى، ئۇممەت دۇچ كەلگەن ھەرقانداق سىناق ياكى قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى ئىككى ۋەھيىدە تېپىلماي، باشقا يوللاردا تېپىلىدىغان ئىش يوق.

**3. تەربىيەلىنىۋاتقانلارنىڭ قەلبىدە ۋەھيىنىڭ مەنبەلىك ئورنىنى ئەمەلىي جەھەتتىن كۈچەيتىش:**

ۋەھيىنىڭ مەنبەلىك ئورنىنى كۈچەيتىش تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن بولىدۇ:

بىرىنچى: نەزەرىيەۋى يول

ئىككىنچى: ئەمەلىي تەتبىقلاش يولى

ئەمەلىي تەتبىقلاش يولىغا يېتىش ۋاستىلىرىدىن بىرى مۇسۇلمان كىشى مەيلى شەخسىي ئىستىقامەتتە بولسۇن ياكى دەۋەت يولىدا بولسۇن، ئۆز دىنىدا ئېھتىياجلىق بولىدىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئايەت - ھەدىسلەرنى توپلاشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق بولغاندا، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە شەرئەتنىڭ ھەممە ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى نامايان بولىدۇ - دە، ئۇلار شەرئەتكە قانائەت ھاسىل قىلىدۇ ۋە شەرئەتنى باشقا بارلىق كۆزقاراش ۋە ھۆكۈم مەنبەلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى دەپ بىلىدۇ.

**تۆتىنچى: «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى» دىكى مەتىنلەرنىڭ ئەھمىيىتى:**

يۇقىرىدىكى مۇقەددىمە ۋە مەقسەتلەرنىڭ بايانىدا بۇ كىتابنىڭ ئەھمىيىتى ۋاستىلىك هالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ يەردە كىتابنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە يەنە بىر مۇھىم نۇقتىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا شۇنى كۆرۈۋاتىمىزكى، بىر مەدرىسەدە تەربىيەلەنگەن ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئىلمىي قۇرۇلمىلىرى بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن يېقىن تۇرۇقلۇق، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارشى ئېقىم ۋە مەزھەپلەرگە ئايرىلىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئىزدەنگىنىمىزدە شۇنى بايقايمىزكى، ھەر ئېقىمنىڭ ئۆزىگە خاس قېلىپى بولۇپ، ئۇلار شۇ قېلىپ ئارقىلىق تارماق مەسىلىلەر ۋە جۇزئىي مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، يۈنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ ۋە تەرتىپكە سالىدۇ. شۇڭا، ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ئىگىلىگەن مەلۇماتلار ئوخشاش بولسىمۇ، قېلىپنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ئۆگەنگەنلىرىنى رېئاللىققا تەتبىقلاشتا پەرقلىق نەتىجىلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇ قېلىپ مۇنداق بىرقانچە ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى: ئوقۇغۇچىلار تەربىيەلىنىدىغان غايە ۋە مەقسەتلەر

ئىككىنچى: دۈشمەنلەرنى بەلگىلەش

ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىدىغان مىڭلىغان جۇزئىي ۋە تارماق بىلىملەر مانا مۇشۇ قېلىپلار ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇ قېلىپ ياكى شەخسىي كۆزقاراش يا ئىجتىھادلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولىدۇ، يا ۋەھيي مەنبەسىدىن ئېلىنغان بولىدۇ.

«پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى»دىكى مەتىنلەرنىڭ ئەھمىيىتى دەل مۇشۇ يەردە نامايان بولىدۇ: بۇ مەتىنلەر ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر بىلىشكە تېگىشلىك توغرا نىشانلار ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى مۇھىم ئىشلارنى جەملىگەن. شۇڭا، ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىر توغرا «قېلىپ» سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىدىكى جۇزئىي، تارماق مەلۇماتلارنى توغرا يۈنىلىشكە يېتەكلەپ، تەرتىپكە سالىدۇ. بۇ قېلىپنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئېلىنغانلىقىدا نامايان بولىدۇ.

**بەشىنچى: «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى»دىكى مەتىنلەرنىڭ شەرھلىرى:**

شەيخ ئەھمەد سەييىدنىڭ «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى»دىكى مەتىنلەرنىڭ ئۈچ قېتىملىق سىنلىق شەرھىسى بار بولۇپ، بۇلاردىن ئىككىسى كىتاب قىلىنىپ تاماملانغان، ئۈچىنچىسى تېخى تاماملانمىغان. بۇ شەرھلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. تۆۋەندە بۇ شەرھلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1) «تەپسىلىي شەرھ» (الشرح المطول):

بۇ، قولىڭىزدىكى كىتاب بولۇپ، شەيخ بۇنىڭدا مەتىن كىتابنى 31 قىسىملىق سىندا تولۇق شەرھلەپ چىققان.

ئۇنىڭ شەرھلەش ئۇسۇلى: ئاۋۋال ھەر بابنىڭ نامىنى شەرھلەش، ئۇنىڭ شەرئىي ۋە رىئاللىقتىكى ئەھمىيىتىنى بايان قىلىش (گەرچە ھەممە بابتا بۇنداق قىلمىغان بولسىمۇ)، ئاندىن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى شەرھلەشكە كىرىشىشتىن ئىبارەت.

بۇ، ئوتتۇراھال شەرھ بولۇپ، مەن ئۇنى قىسقا دەپ بىلىمەن. مېنىڭ ئۇنى «تەپسىلىي شەرھ» دەپ ئاتىشىم باشقا قىسقا شەرھلەرگە سېلىشتۇرۇلغان نىسپىي ئاتالغۇدۇر. ئېنىقكى، بۇ مەتىنلەر يەنىلا شەيخنىڭ بايانىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھەم كەڭ شەرھلەرگە موھتاج. مەن يېقىندا بۇ مەتىنلەر ئۈستىدە تېخىمۇ كەڭ بىر شەرھ يېزىشقا كىرىشتىم. ئاللاھتىن مېنى بۇ ئىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى ۋە توغرا يولدا قىلىشىنى سورايمەن.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، شەيخ بۇ شەرھتە مەتىنلەردىن ساۋاق ۋە پايدىلارنى يەكۈنلەپ چىقىشقا، كىتابنىڭ تۈزۈلۈش مەقسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇھىم نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. شۇڭا، شەرھتىكى پايدىلارنىڭ كۆپىنچىسى تەربىيەۋى، مېتودولوگىيەلىك ۋە ئىسلاھات خاراكتېرلىك پايدىلار بولۇپ، شەيخ ئايەت - ھەدىسلەردىن ساۋاق ۋە پايدىلارنى يەكۈنلەپ چىقىرىشتا فىقھىي مەسىلىلەر ھەققىدە توختالمىغان.

2) «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى»دىكى مەتىنلەرنىڭ مەقسەتلىرى:

بۇ شەرھ ئىككى قىسىملىق ئۈزۈن لېكسىيەدىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭدا شەيخ مەتىنلەرنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە توختىلىدىغان بولغاچقا، كىتابتىكى ھەممە مەزمۇنلارنى تەپسىلىي بايان قىلمىغان.

ئۇنىڭ ئۇسۇلى: ھەربىر بابتا مۇنداق ئۈچ خىل مەقسەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

بىرىنچى: بابنىڭ نامى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

ئىككىنچى: بابتا كەلگەن ئايەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

ئۈچىنچى: بابتا كەلگەن ھەدىسلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

بۇ شەرھتە «تەپسىلىي شەرھ»تە بولمىغان نۇرغۇن پايدىلىق مەزمۇنلار بار. شۇڭا، تەپسىلىي شەرھنى تىڭشىغانلارغا بۇنىمۇ تىڭشاپ چىقىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

3) «يېڭى نەسىل ئۈچۈن پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى»:

شەيخ بۇنىڭدا مەتىن كىتابىدىن پەقەت ئون بابنى شەرھلىگەن. شەرھلىگەن بابلاردىمۇ ھەممە ھەدىسلەرنى سۆزلىمەي، كىتابتىن بەزى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى تاللاپ چۈشەندۈرگەن. بۇ شەرھ يېڭى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياشلارغا قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، تىلى ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك بولغان، شەيخ بۇنىڭدا تەپسىلىي مەزمۇنلارغا چوڭقۇرلاپ كىرمىگەن.

**ئالتىنچى: «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى»نىڭ شەرھىسىدىكى ئەمگەكلىرىم:**

مېنىڭ بۇ شەرھتىكى خىزمىتىمنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) **شەرھنى خۇلاسىلەش:** مەن شەرھنى خۇلاسىلىگەندە سەل تەپسىلىيرەك خۇلاسىلەشكە تىرىشتىم، شەيخنىڭ سۆزلىرىدىكى مەركىزىي ئىدىيەنىڭ چۈشۈپ قالماسلىقىغا ئەھمىيەت بەردىم. شۇڭا، بۇ خۇلاسىدە ئەسلىدىكى كۆزقاراشلار قىسقارتىلمىدى، بەلكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ پات - پات مۇراجىئەت قىلىشىغا ئەپلىك بولۇشى ئۈچۈن مەركىزىي نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاندى. ئەسلىدە نۇرغۇن قاراشلارنى بۇ خۇلاسىدىكىدىنمۇ كېڭەيتىپرەك شەرھلىگىلى بولاتتى، لېكىن مەن شەيخنىڭ شەرھلەش ئۇسۇلىدىن چىقىپ كەتمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا ئۆزۈم چاغلاپ بىر نەرسە قوشماسلىق يولىنى تاللىدىم. نېسىپ بولسا، كەلگۈسىدە بۇ مەتىنلەرگە تېخىمۇ كەڭ ھەم تەپسىلىي، مۇستەقىل بىر شەرھ يېزىلىپمۇ قالار.

2) **يات (مۇجمەل) سۆزلەرنى ئىزاھلاش:** ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن، ئايەت ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن 150 تىن ئارتۇق يات سۆزنى يىغىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىشىگە قولاي بولسۇن ئۈچۈن تەپسىر، ھەدىس شەرھلىرى ۋە تىل قامۇسلىرىدىن پايدىلىنىپ مەنىلىرىنى ئىزاھلىدىم.

3) **شەرھسىز قالغان جايلارنى تولۇقلاش:** كىتابتا شەيخ شەرھلىمەي قالدۇرغان ئاز ساندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار بولۇپ، ئۇلار مۇنداق ئىككى تۈرلۈك:

• شەيخ «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسىدىكى مەتىنلەرنىڭ مەقسەتلىرى» ناملىق يۈرۈشلۈك سىن دەرسلىرىدە سۆزلىگەن بىر قىسىم مەزمۇنلار. مەن بۇلارنى خۇلاسىلاپ مۇشۇ كىتابقا كىرگۈزدۈم.

• شەيخ ھەر ئىككىلا شەرھتە توختالمىغان جايلار. مەن بۇلارنى ئۆزۈم چاغلاپ ئىزاھلىماي، شۇ پېتى قالدۇردۇم.

# بىرىنچى باب

## ۋەھىينىڭ مەنبەلىك ئورنى ۋە ئالەمشۇمۇللۇقى، ئىتائەتنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگىلا مەركەزلىشىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** مەنبە — ئىنسان (بىرەر ئىشتا) قايتىدىغان، تايىنىدىغان نەرسە دېمەكتۇر. ۋەھيي بولسا ئىنسانىنىڭ ھىدايەت تېپىش، ھۆكۈم چىقىرىش ۋە ھۆكۈم سۈنۈش قاتارلىقلاردا تايىنىدىغان ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەلىك ئورنى ھەممىدىن ئۈستۈندۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ بابنىڭ تېمىسى مۇنداق تۆت مۇھىم نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ۋەھيىنىڭ مۇئمىن ئۈچۈن ئاساسيي مەنبە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش

2. ۋەھيىنى ئۇنىۋېرساللىق بىلەن تەرىپلەش

3. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىش

4. شەرىئەتتە ئىتائەتنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگىلا مەركەزلىشىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىش

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ۋەھيىنىڭ مەنبەلىكىگە نىسبەتەن بىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغان بەش تۈرلۈك ئىش بار:

1. ۋەھيىنى ئۇلۇغلاش

2. ۋەھيىگە تەسلىم بولۇش

3. ۋەھيىنى ھاكىم قىلىش

4. ۋەھيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش

5. ۋەھيىگە قانائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈش

**تۆتىنچى نۇقتا:** ئىنسان ۋەھيىگە چىڭ يېپىشىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ مېۋە ھىدايەتتۇر، يەنى ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن ياشاشتۇر. بۈگۈنكى كۈندە بىز بەزى مىللەتلەرنىڭ ماددىي تەرەققىياتتا شۇنچىۋالا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەخلاقىي جەھەتتە ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن نۇردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدۇر.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر بىرەر ئىشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار﴾ [سۈرە نىسا، 59 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ۋەھىينىڭ مەنبەلىكىگە نىسبەتەن مۇئمىن كىشىدىن تۆۋەندىكى ئىككى ئىش تەلەپ قىلىنىدۇ:

1. ۋەھىينى باشقا مەنبەلەردىن ئۈستۈن قويۇش

2. دەتالاش قىلىنغاندا ۋەھىينى ھاكىم قىلىش

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتنىڭ تولۇق قىسمى تۆۋەندىكىچە: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان بولساڭلار، بىرەر ئىشتا دەتالاش قىلىشىپ قالغىنىڭلادا، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەنمۇ گۈزەلدۇر﴾ [سۈرە نىسا، 59 ـ ئايەت].

**بۇ ئايەتتىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:**

**بىرىنچى:** ئايەتتىكى «ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان بولساڭلار» دېگەن سۆز ئىماننىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن، دەتالاشقا چۈشۈپ قالغاندا ۋەھىيگە قايتىشنىڭ شەرتلىكىنى، ۋەھىينى ھاكىم قىلمىغان كىشىنىڭ ئىمانىدا مەسىلە بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككىنچى:** ئۆلىمالار «ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىش»نىڭ مەنىسى ئاللاھنىڭ كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىش ئىكەنلىكىدە؛ «پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىش»نىڭ مەنىسىنىڭ بولسا پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا ئۆزىگە، ۋاپاتىدىن كېيىن سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش ئىكەنلىكىدە بىردەك قاراشتا.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق، ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾ [سۈرە فۇسسىلەت، 41 — 42 ـ ئايەتلەر].

**پايدىلىق نۇقتا:**

قۇرئاننىڭ ئىززىتى (غالىبلىقى) تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس

2. ئۇ ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە ئالماشتۇرۇشتىن ئۈستۈندۇر

3. ئۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى ھەمىشە غالىب، ھەرگىز مەغلۇپ بولمايدۇ

**ئۈچىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرگە ئۆز تىلىدا كىتاب نازىل قىلغىنىمىزدەك)، قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا، (كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى دەتالاشلاردا) ھۆكۈم قىلىپ نازىل قىلدۇق، سەن ئىلىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ (يەنى ئەھلى كىتابنىڭ) نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كېتىدىغان بولساڭ، ساڭا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى ۋە سېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ﴾ [سۈرە رەئد، 37 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «ھۆكۈم» دېگەن سۆزنى: «ھېكمەت»، «پۇختا قىلىنغان» ۋە «ھۆكۈم قىلغۇچى» قاتارلىق بىر قانچە خىل شەرھلىگەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئايەتنىڭ داۋامىدا: ﴿سەن ئىلىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ

(يەنى ئەھلى كىتابنىڭ) نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كېتىدىغان بولساڭ، ساڭا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى ۋە سېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ﴾ دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «ئىلىم»دىن مەقسەت ۋەھيىدۇر. ئايەتتە ھەق بىلەن ئۇنىڭغا زىت بولغان نەرسە سېلىشتۇرۇلغان بولۇپ، ۋەھيىگە زىت كەلگەن ھەر قانداق نەرسە «نەپسى خاھىش» (ھاۋايى ـ ھەۋەس) دەپ ئاتالغان. مانا بۇ ئايەت ئىنساننى ۋەھيىگە چىڭ يېپىشىشقا دەۋەت قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىلدۇر.

### تۆتىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾ [سۈرە مائىدە، 44 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە ۋەھيىنى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئۇلۇغ مەنبە دەپ بىلىش ئىنتايىن ئېنىق بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىش ئىمان ۋە كۇفرى مەسىلىسىگە باغلانغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ۋەھيىنى ھۆكۈمران قىلىش ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ پىرىنسىپال مەسىلىلىرى ۋە نىشانلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ۋەھيىنى كىشىلەر ئۇنى چەتكە قاقسۇن ياكى باشقا نەرسىگە ئالماشتۇرسۇن دەپ ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى بولسۇن دەپ نازىل قىلغان.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئىسلام ئۈممىتى دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ مۇسىبەتلەردىن بىرى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننىتى بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدۇر.

### بەشىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾ [سۈرە نىسا، 65 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئايەت قۇرئان كەرىمدىكى ۋەھيىنىڭ مەنبە ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە تەسلىم بولۇش مەسلىسىنى بايان قىلغان ئەڭ ئوچۇق ئايەتتۇر.

**ئالتىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر - ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾ [سۈرە ئەھزاب، 36 - ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ئايەتتىكى ھۆكۈم ئومۇمىي بولۇپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھۆكۈم قىلغان بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

زەيىد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ كىتابى ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىدۇر. كىمكى ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلسا (ئەگەشسە)، ھىدايەت ئۈستىدە بولىدۇ؛ كىمكى ئۇنى تەرك ئەتسە، گۇمراھلىقتا قالىدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 2408 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** «ئارغامچا» (حبل) دېگەن سۆزدىن ئەھدۇپەيمان مەقسەت قىلىنغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ۋەھيىگە ئەگىشىشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ھىدايەت تېپىشتۇر.

**ئىككىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىرىڭلارنىڭ ئورۇندۇقىدا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا مەن بۇيرۇغان ياكى توسقان بىرەر ئىش كەلگەندە: ‹بىز بۇنى بىلمەيمىز، ئاللاھنىڭ كىتابىدا نېمىنى تاپساق، شۇنىڭغا ئەگىشىمىز› دېگەنلىكىنى كۆرۈپ قالماي!» [ئەبۇ داۋۇد، 4605 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە سۈننەتنى ئىنكار قىلىپ، «بىزگە قۇرئانلا كۇپايە» دەيدىغان بىر تائىپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن. بۇنداق كىشىلەرنىڭ راستتىنلا چىقىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەقەدەر راستچىللىقىنى، سۈننەتنىڭمۇ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە ساھابىلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن ئالدىن تەييارلىق

قىلىۋېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلار كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان پىتنىلەردىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

### ئۈچىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ؛ كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، ـ 1835 ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** سۈننەتنى ئىنكار قىلىدىغان كۆپىنچە كىشىلەر رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنى «شېرىك» دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئەۋەتكەن زات (ئاللاھ) نى ئۇلۇغلىغانلىقتۇر.

### تۆتىنچى ھەدىس:

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىسىدە مۇنداق دەيتتى: «مەقسەتكە كەلسەك، سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ كىتابى، يوللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەدنىڭ يولىدۇر. ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى (دىندا) كېيىن پەيدا قىلىنغانلىرىدۇر، ھەرقانداق بىدئەت گۇمراھلىقتۇر» [سەھىھ مۇسلىم، 867 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ۋەھىينىڭ يېتەرلىك دەلىل ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** سۈننەت قۇرئاننى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن كەلگەن، ھەدىس ئىنكارچىلىرى دېگەندەك ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش ۋە ئۇنى تەرك ئېتىش ئۈچۈن ئەمەس.

**بەشىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾ [سۈرە بەقەرە، 284 ـ ئايەت] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ ئىش ساھابىلەرگە ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ناماز، روزا، جىھاد ۋە سەدىقە قاتارلىق تاقىتىمىز يېتىدىغان ئىشلارغا بۇيرۇلدۇق، لېكىن بۇ نازىل بولغان ئايەتكە ئەمەل قىلىشقا تاقىتىمىز يەتمەيدىكەن، ــ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ «سىلەر ئىلگىرىكى ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ۋە ناسارالار) غا ئوخشاش ‹ئاڭلىدۇق ۋە ئاسىيلىق قىلدۇق› دېمەكچىمۇ؟ ئۇنداق دېمەي، ‹ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق، ئى رەببىمىز مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدىدۇر› دەڭلار» ــ دېدى.

ئايەتنىڭ بۇ قىسمى ساھابىلەرنىڭ تىللىرىغا شۇنداق قولاي كەلدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇنىڭ كەينىدىنلا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار): «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر بارىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ﴾.

ئۇلار شۇنداق دېگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ھۆكۈمنى يېنىكلىتىپ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى) مۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار): «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن!﴾.

ساھابىلەر بۇنى ئوقۇغاندا ئاللاھ تائالا:

— «ئەلۋەتتە!» — دېدى.

ئاندىن ئاللاھ تائالا: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگــە ئېغىر يــۈك يۈكلىمىگىن! (يەنى بىزنى قىيىن ئىشــلارغا تەكلىپ قىلمىغىن!)﴾ دېگەن ئايەتنــى نازىل قىلدى. ســاھابىلەر بۇنى ئوقۇغاندا ئاللاھ تائالا:

— «ئەلۋەتتە!» — دېدى.

ئاندىــن ئالــلاھ تائــالا: ﴿پەرۋەردىگارىمــىز! كۈچىمــىز يەتمەيدىغــان نەرســىنى بىزگــە ئارتمىغــىن!﴾ دېگــەن ئايەتنــى نازىــل قىلــدى. ســاھابىلەر بۇنــى ئوقۇغاندا ئالــلاھ تائالا:

— «ئەلۋەتتە!» — دېدى.

ئاندىــن ئالــلاھ تائــالا: ﴿بىزنــى كەچۈرگىن، بىزگــە مەغفىــرەت قىلغىن، بىزگــە رەھىم قىلغىــن، ســەن بىزنىــڭ ئىگىمىزســەن، كاپىــر قەۋمگە قارشــى بىزگــە يــاردەم بەرگىن!﴾ دېگــەن ئايەتنــى نازىــل قىلــدى. ســاھابىلەر بۇنــى ئوقۇغاندا ئالــلاھ تائالا:

— «ئەلۋەتتە!» — دېدى.

[سەھىھ مۇسلىم، 125 ـ ھەدىس]

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** ســاھابىلەر قۇرئــان كەرىمنــى «ئاللاھنىڭ ســۆزى» دەپ ســەممىي تۇيغــۇ بىلــەن قوبــۇل قىلاتتى. بىز ئۇلارغا ئەگىششــنى خالىســاق، بىرىنچــى بولۇپ قۇرئان ئايەتلىرىنــى ئــۇلار ئۇلۇغلىغانــدەك ئۇلۇغلىشــىمىز كېرەك.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ۋەھىيگە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈم مەنبەســى ئىكەنلىكىگە تەســلىم بولماســلىق ئەھلى كىتابقا ئوخشــاپ قېلىشــقا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ خەتەرلىك يولدۇر.

**ئۈچىنچــى نۇقتــا:** ئالــلاھ بەزىــدە بەندىلىرىنىڭ تەســلىمىيەت دەرىجىســىنى ســىناش ئۈچــۈن بــەزى ھۆكۈملەرنــى يولغــا قويىــدۇ. مەســىلەن، مۇنــۇ ئايەتتــە زىكىــر قىلىنغــان قىبلىنىــڭ ئۆزگەرتىلىشــى شــۇنىڭ جۈملىســىدىندۇر. ئالــلاھ تائــالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ســەن يــۈز كەلتــۈرۈپ كېلىۋاتقــان تەرەپنــى (يەنــى بەيتۇلمەقدىســنى) قىبلــە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشــكەنلەرنى ئاســىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتــەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشــىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلاردىن باشــقىلارغا بۇ (يەنى قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشــى) ھەقىقەتەن ئېغىر ئىشــتۇر. ئاللاھ ســىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنــى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمەقدىســكە قــاراپ ئوقۇغــان نامىزىڭلارنــى) بىــكار قىلىۋەتمەيــدۇ. ئاللاھ كىشــىلەرگە ھەقىقەتــەن مېھرىبانــدۇر، ناھايىتــى كۆيۈمچانــدۇر﴾ [ســۈرە بەقــەرە، 143 ـ ئايەت].

# ئىككىنچى باب

## قۇرئاننى پەيغەمبەرنىڭ يولى بويىچە قوبۇل قىلىش، قۇرئانغا ئەمەل قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئۇنىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئۇنىڭدىن ھىدايەت تىلەش، ئۇنىڭغا قانائەت قىلىش، ئۇنى ھاكىم قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمانىنى زىيادە قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا كېرەكلىك بولغان ئىسلاھات يىلتىزلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت. ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم يىلتىزلىرىدىن بىرى: «قۇرئاننى ھاياتىمىزغا قانداق سىڭدۈرۈش ھەققىدىكى يىلتىزلىق ئىسلاھات»تۇر. بۇ بابتا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلار ۋە قۇرئانغا قايسى تەرەپتىن، قانداق كۆڭۈل بۆلۈش توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى بايان قىلىدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر جەملەنگەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ بابتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر رېئاللىقتىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئىسلاھ قىلىش مەقسىتىدە كەلتۈرۈلگەن. مەسىلەن، قۇرئاننى چۈشىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن يولىيورۇق ئېلىشنىڭ ئورنىغا، نوقۇل يادلاش تەرىپىنىلا گەۋدىلەندۈرۈپ، شۇنىڭغىلا مەركەزلىشىۋېلىش ۋەھاكازالار...

شۇڭا، بۇلارنى ئوقۇغاندا رېئاللىققا نەزەر سېلىپ، ئىسلاھاتنى مۇشۇ ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر﴾ [سۈرە ساد، 29 - ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا قۇرئاننى نازىل قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئايەتتە تەپەككۇر قىلىش قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى مەركىزىي ئىدىيە سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنىشتىكى مەقسەتلەردىن بىرى ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭدىن پەند - نەسىھەت، ئىبرەت ئېلىشىدۇر. ئايەتتە بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ يولى تەپەككۇر قىلىش ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

**ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئايەتلەر:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ ياد ئېتىلسە، دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆئمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل - مالدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆئمىنلەردۇر. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغفىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ﴾ [سۈرە ئەنفال، 2 ــ 4 - ئايەتلەر].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بۇ (يەنى سۈرە)

قايىسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى؟» دەيدىغانلار بار. مۆئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ﴿ [سۈرە تەۋبە، 124 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئىككى ئايەت قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ روللىرىدىن بىرىنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىش ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھەقىقىي مۆئمىنلەر قۇرئاننى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ۋەھيىنىڭ تەلىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. ۋەھيىنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى قۇرئان ئوقۇغاندا ئىمانىنىڭ زىيادە بولۇشىدۇر. كىشى قۇرئان ئوقۇغاندا ئىمانى كۈچەيسە، بۇ ئۇنىڭ قۇرئاننى ئاللاھنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن ھالدا، توغرا قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئەگەر كىشى قۇرئان ئوقۇغاندا ئىمانى كۈچەيمىسە، بۇ ئۇنىڭ قۇرئاننى قوبۇل قىلىش شەكلىدە ۋە ئۇنىڭغا قىلغان مۇئامىلىسىدە نۇقسان بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**تۆتىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى ئەسكەرتىش (پەند ـ نەسىھەت ئېلىش) ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) پەند ـ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾ [سۈرە قەمەر، 22 ـ ئايەت].

بۇ يەردىكى «ئەسكەرتىش»تىن مەقسەت پەند ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىشتۇر. ئىمام تەبەرىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئەسلىمەكچى، ئىبرەت ۋە نەسىھەت ئالماقچى بولسا، بىز قۇرئاننى شۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق».

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ئايەتتە قۇرئاننى «پەند ـ نەسىھەت ئېلىش»قا باشلايدىغان ئۇسۇلدا قوبۇل قىلىشنىڭ قۇرئان نازىل بولغان مەقسەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

## بەشىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ئۇنىڭدا ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئەھكاملار ۋە قىسسەلەر) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغانلارنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغفىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)، ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (ئاللاھ) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ﴾ [سۈرە زۇمەر، 23 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

بۇ ئايەتتە ئايەتلەردىن تەسىرلىنىپ، ئىماندا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرىنىڭ ئايەتلەرنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئەزالىرىغا تىترەك ئولىشىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ، ئىماننىڭ زىيادە بولىدىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. كىشى قۇرئان ئوقۇغاندا قەلبىدە خۇشۇ (قورقۇنچ ۋە ئەيمىنىش) پەيدا بولسا، بۇ ئۇنىڭ قۇرئاننى ئىماننى زىيادە قىلىدىغان شەكىلدە قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئالتىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت كەلمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾ [سۈرە ھەدىد، 16 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئايەتتە «قەلبنىڭ ئەيمىنىشى» قۇرئان تىلاۋىتىدە ئەمەلگە ئېشىشى كېرەك بولغان ئىش دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ئەھۋال ئىماننىڭ زىيادە بولۇشىغا باغلىق بولۇپ، «خۇشۇ» ئىماننىڭ زىيادە بولغانلىقىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.

**يەتتىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ (قۇرئان) دا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچى قەۋم ئۈچۈن (خەۋەرلەر، ۋەز ـ نەسىھەتلەردىن) ئەلۋەتتە يېتەرلىك بار﴾ [سۈرە ئەنبىيا، 106 ـ ئايەت].

ئىمام ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بەندىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلغان بۇ قۇرئاندا ئىبادەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن كۇپايە قىلغۇدەك مەنپەئەت باردۇر».

شەيخ ئىبنى سەئدىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار قۇرئاننىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلۇغ رەببىگە يېتىدۇ».

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ئايەتتە قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرىدىن يەنە بىرىنىڭ «كۇپايە قىلىش ۋە بىھاجەت قىلىش» ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. دېمەك، قۇرئاندا ئاللاھ رازى بولىدىغان توغرا يولنى بايان قىلىشتا ئىنسانغا تولۇق كۇپايە قىلغۇدەك ھىدايەت بار. بۇ — «سۈننەتتە ئۇنداق ھىدايەت يوق» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى قۇرئاننىڭ ئەسلىي مەنبە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. كىشى قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىنى، ئۇلۇغلۇقىنى، ھاياتىنىڭ ھەر ساھەسىنى ئۇز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىكى ئىلىمگە بولغان ئېھتىياجىنى ھېس قىلغاندىلا، قۇرئاننىڭ بۇ مەقسىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرەلەيدۇ ۋە ئۆزىدە يېتىلدۈرەلەيدۇ.

**سەككىزىنچى ۋە توققۇزىنچى ئايەتلەر:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ﴾ [سۈرە ئىسرا، 9 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، بىرقانچە نەپەر جىننىڭ (قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى، ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى: بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز﴾ [سۈرە جىن، 1 — 2 ـ ئايەتلەر].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئىككى ئايەتتە قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم مەقسەتنىڭ «ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھىدايەت تېپىشى» ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىككىنچى ئايەتتە جىنلارنىڭ قۇرئانغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ تولىمۇ ھەيران قالارلىق ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان، يەنى ئۇلار قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى نىشاننى ياخشى چۈشەنگەن.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بىرىنچى ئايەتتە ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ توغرا يولنى تېپىشتا ھەممىگە كۇپايە قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن، چۈنكى قۇرئان كەرىم «ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ» دەپ سۈپەتلەنگەن.

**تۆتىنچى نۇقتا:** بىرىنچى ئايەت قۇرئاننىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئۇلۇغ مەنبە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. قۇرئاننى ئۇلۇغلاشنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئەڭ توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىدەك مۇھىم تەرىپىنى تونۇپ يېتىشتۇر.

**بەشىنچى نۇقتا:** قۇرئاننىڭ ھىدايەت ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن كىشى قۇرئاننى ھىدايەت ئىزدەش نىيىتى بىلەن ئوقۇيدۇ. كىمكى بۇنى ھېس قىلمىسا، قۇرئاننى باشقا غەرەزلەردە ئوقۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**ئونىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار ۋە ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانىيلار بولۇڭلار﴾ [سۈرە ئال ئىمران، 79 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ئايەتتە بىر ۋاستە ۋە بىر نىشان تىلغا ئېلىنغان. نىشان «رەببانىي» بولۇش، ۋاستە «قۇرئاننى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش»تۇر. رەببانىي بولۇش نىشانىغا پەقەت قۇرئاننى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ.

**ئون بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن، كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن جىھاد قىلغىن﴾ [سۈرە فۇرقان، 52 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

بۇ ئايەت قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرىنىڭ «باتىلغا قۇرئان ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، ھەر دەۋردىكى ئىسلاھاتچى ھېس قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر. چۈنكى، بۇ خىتاب پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋارىسلىرىغىمۇ تەئەللۇقتۇر. قۇرئاندا ھەقنى بەرپا قىلىدىغان مەزمۇنلار بىلەن بىرگە، باتىلنى گۇمران قىلىدىغان مەزمۇنلارمۇ بار. ئىسلاھاتچى رېئاللىقتا مۇنداق ئىككى كۆز بىلەن قارىشى كېرەك:

**بىرىنچى نۇقتا:** ھەقىقەتنىڭ دائىرىسىنى كۆزىتىش، ھەقىقەتنى بەرپا قىلىش ۋە كۈچەيتىش. ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچى بولغان دەۋەتچى ئەتراپىدا باتىل شۇنچە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئالدىدا تاغدەك مۈشكۈلاتلار تۇرسىمۇ تەن بەرمەي، پۈتۈن دىققىتىنى مۇشۇ مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئەتراپىدىكى بۇزۇقچىلىق ۋە باتىلنىڭ دائىرىسىنى، ئۇنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى ۋە ھامىيلىرىنى كۆزىتىش، ئاجىزلاشتۇرۇش، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش كېرەك.

بۇ ئىككى نۇقتىنى تەڭ تۇتقان ئىسلاھاتچى تەڭپۇڭ ماڭالايدۇ. قۇرئاندا باتىلغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تۈرلۈك يوللىرى بايان قىلىنغان.

### ئون ئىككىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەردكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۇئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى﴾ [سۈرە يۇنۇس، 57 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرىدىن يەنە بىرى، يەنى ئۇنىڭ «شىپا» ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاساسىي سۈپەتلىرىدىن بىرى «شىپالىق» سۈپىتىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ يەردىكى شىپادىن مەقسەت قۇرئاننىڭ ئالدى بىلەن قەلبتىكى گۇمانلار، شۈبھىلەر ۋە ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئېھتىياجلارغا مەنىۋى جەھەتتىن شىپا بولۇشىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** قۇرئاننىڭ شىپا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە ياردەم بېرىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل قۇرئاننى ھىدايەت ئىزدەپ ئوقۇشتۇر.

## ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆمرىمىزنىڭ بىر قىسمىدا شۇنداق بىر زاماندا ياشىدۇقكى، بىزگە قۇرئاندىن بۇرۇن ئىمان تەلىم بېرىلەتتى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر سۈرە نازىل بولسا، خۇددى سىلەر بۈگۈن قۇرئان ئۆگەنگەندەك، بىز ئۇ سۈرىدىكى ھالال - ھارامنى، بۇيرۇق - چەكلىمىنى ۋە قايسى نۇقتىلاردا توختاش كېرەكلىكىنى ئۆگىنەتتۇق. كېيىن شۇنداق كىشىلەرنى كۆردۈمكى، ئۇلارغا ئىماندىن بۇرۇن قۇرئان ئۆگىتىلىدۇ، ئۇ ‹فاتىھە› دىن ‹ناس› قىچە ئوقۇيدۇ - يۇ، قۇرئاننىڭ نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىنى، نېمىدىن توسىدىغانلىقىنى ۋە قايسى نۇقتىلاردا توختاش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ، قۇرئانغا تۇزۇكرەك ئەھمىيەت بەرمەيدۇ» [بەيھەقىي، 5355 - ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس يۇقىرىدىكى ئايەتلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارنى تولۇقلايدۇ، ئىزاھلايدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. تېما ۋە مەزمۇنلارنى قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن بارلىق دەلىللەرنى جەملەپ، ئانالىز قىلىش دىنىنى ئەڭ مۇكەممەل چۈشىنىشنىڭ يولى ۋە مەنھەجىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇرئاننى قوبۇل قىلىشتىكى ئىككى خىل ھالەتنى سېلىشتۇرۇپ، كېيىنكىلەرنىڭ قۇرئانغا ئاددىي قارىغانلىقىنى، لايىقىدا ئېتىبار بەرمىگەنلىكىنى تەنقىد قىلغان. قۇرئان ئىنتايىن ئۇلۇغ كىتاب بولۇپ، ئۇنى لايىقىدا ئۇلۇغلاش ۋە ئىمان ئېيتىش بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بۇ ھەدىستىن شۇنداق نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىزكى، قۇرئان كۇرسلىرىدا تالىپلارغا ئالدى بىلەن ئاللاھنى تونۇتۇش، ئاخىرەت ۋە قەلب ئەمەللىرىگە ئالاقىدار دەرسلەرنى ئۆگىتىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتكەن: «كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار ۋە ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانىي بولۇڭلار» دېگەن ئايەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

رەببانىيلىق قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش، مەزمۇنلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان مەقسەتلەردىن بىرىدۇر.

## ئىككىنچى ھەدىس:

جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىدە بولغان چاغلىرىمىزدا بالاغەت يېشىمىزغا يېقىنلاشقان ئىدۇق. بىز قۇرئاننى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئىماننى ئۆگىنەتتۇق، ئاندىن قۇرئاننى ئۆگىنەتتۇق ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمانىمىز تېخىمۇ زىيادە بولاتتى» [ئىبنى ماجە، 61 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىس يۇقىرىدىكى ئىماننىڭ زىيادە بولىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرنى تەكىتلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى ئىماننى كۈچەيتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئۇسلۇبتا ئۆگىتىش خىزمىتىگە ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان. ئايەتلەرنىڭ ئىماننى زىيادە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن دەلىللەر تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ ياد ئېتىلسە، دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر﴾ [سۈرە ئەنفال، 2 ــ 4 ـ ئايەتلەر].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بۇ (سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى» دەيدىغانلار بار. مۇئمىنلەرگە كەلسەك، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىماننى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ﴾ [سۈرە تەۋبە، 124 ـ ئايەت].

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىرەر قەۋم ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىدە جەم بولۇپ، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلسا ۋە ئۇنى ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلىشسا، ئۇلارغا تىنچلىق ـ خاتىرجەملىك نازىل بولىدۇ، ئۇلارنى رەھمەت قاپلايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئورايدۇ ۋە ئاللاھ ئۆز دەرگاھىدىكىلەر ئارىسىدا (ئىپتىخارلىنىپ) ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 2699 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىستە قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. بۇ، ھەقىقەتەن ياخشى چۈشىنىپ، زېھنىمىزدە تۇتۇشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ، پەقەت ئوقۇپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مەنىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

## تۆتىنچى ھەدىس:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹بىزگە قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىتىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتكىن!› دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەنسارلاردىن ‹قۇررائ› (قۇرئان ئۇستازلىرى) دەپ ئاتىلىدىغان 70 كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ ئانا تەرەپ تاغام ھەرام ئىبنى مىلھانمۇ بار ئىدى. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيتتى ۋە كېچىدە مۇزاكىرە قىلىپ، ئۆگىنىش قىلاتتى، كۈندۈزى مەسچىتكە سۇ ئەكېلىپ قوياتتى ۋە ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىپ، پۇلىغا ئەسھابۇسسۇففەگە ۋە پېقىرلارغا يېمەكلىك ئېلىپ بېرەتتى» [سەھىھ مۇسلىم، 677 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىستە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلار ئىزچىل قۇرئان بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، «قۇررائ» (قارىيلار) دېگەن ئاتاققا لايىق بولغان. ئۇلارنىڭ قۇرئانغا بولغان رىشتىسىنىڭ مۇستەھكەملىكى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، بۇ سۈپەت ئۇلارنىڭ كىملىكىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان. بۇ ھالەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىستە تىلغا ئالغان بۇ كىشىلەرگە قۇرئانغا بولغان ئىزچىل مۇناسىۋىتى تۈپەيلى «قۇررائ» (قارىيلار) دېگەن نام بېرىلگەن. بىز ئۇلارنىڭ قۇرئانغا بولغان مۇئامىلىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنى بۇ سۈپەتكە لايىق قىلغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىلنى، يەنى «ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش»نى كۆرىمىز. شۇڭلاشقا، قۇرئاننى تەپەككۇر قىلىش، ئۇنىڭدىن ھىدايەت ئىزدەش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش سورۇنلىرىنى جانلاندۇرۇش قۇرئاننى ھاياتىمىزغا سىڭدۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش يولىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئىسلاھاتلاردىن بىرىدۇر.

**بەشىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەسسۇلەمىي مۇنداق دەيدۇ: بىزگە قۇرئان ئۆگەتكەن ساھابىلەر شۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: «ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن 10 ئايەت ئۆگەنسە، تاكى شۇ 10 ئايەتتىكى ئىلىم ۋە ئەمەلنى تولۇق ئۆگىنىپ بولمىغۇچە، كېيىنكى 10 ئايەتكە ئۆتمەيتتى. ئۇلار: ‹بىز ئىلىم بىلەن ئەمەلنى تەڭ ئۆگەندۇق› دېيىشەتتى» [مۇسنەد ئەھمەد، 23482 ـ ھەدىس].

**ئالتىنچى ھەدىس:**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئارىمىزدىن بىرى 10 ئايەت ئۆگەنسە، تاكى ئۇنىڭ مەنىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى بىلمىگۈچە، ئۇ ئايەتلەردىن ئۆتمەيتتى» [مۇستەدرەك، 2066 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ئىككى ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قۇرئان كەرىمنىڭ قانداق قوبۇل قىلىنغانلىقى ۋە ئۆگىنىلگەنلىكى ھەققىدە ناھايىتى ئېنىق ۋە مۇھىم ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ. بۇ ئىككى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ئۇسۇل بۈگۈنكى كۆندىمۇ قايتا جانلاندۇرۇشقا ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك روشەن ئەندىزىدۇر. تېكىستتىكى مەركىزىي ئىدىيە بولسا: قۇرئان ئىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، پەقەت يادلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقتۇر.

**يەتتىنچى ھەدىس:**

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەقەرە سۈرىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئالغان، [مۇۋەتتا، 546 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئىمام مالىك بۇ رىۋايەتنى خاۋارىجلار ھەققىدىكى بايانلاردىن كېيىن نەقىل قىلغان. بۇنداق تەرتىپ بىلەن بايان قىلىشنىڭ ھەدىسنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم مۇھىم ئەھمىيىتى بار. چۈنكى، خاۋارىجلار ھەققىدىكى ھەدىستە: «ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن ئوقۇغانلىرى كېكىردىكىدىن ئۆتمەيدۇ» دېيىلگەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ يەردە قۇرئاننى قوبۇل قىلىشتىكى ئىككى خىل ھالەت سېلىشتۇرۇلغان: خاۋارىجلار قۇرئاننى ھەرقانچە كۆپ تىلاۋەت قىلسىمۇ، ئۇنى لايىقىدا قوبۇل قىلمىدى، قۇرئان ئارقىلىق كۆزلەنگەن نىشانغا يېتەلمىدى. شۇڭا، مۇھىم بولغىنى تىلاۋەتنىڭ كۆپلۈكى ئەمەس، بەلكى قۇرئاننى قانداق قوبۇل قىلىش ۋە يېتىشكە تېگىشلىك غايە ـ مەقسەتلەرنى تونۇشتۇر.

## سەككىزىنچى ھەدىس:

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا (ۋەھيي) يازىدىغان بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ بەقەرە ۋە ئال ئىمران سۈرىلىرىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن (ئۆگەنگەن) ئىدى. ئەگەر بىرەر كىشى بەقەرە ۋە ئال ئىمران سۈرىلىرىنى ئوقۇپ تۈگەتسە، ئۇ ئارىمىزدا كاتتا كىشى سانىلاتتى» [مۇسنەد ئەھمەد، 12216 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئىككى سۈرىنى ئۆگىنىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىگە يېتىش پەقەت يادلاش بىلەنلا بولغان ئەمەس. بەلكى بۇ، باشقا ئامىللار بىلەن باغلانغان بىر خىل قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىدۇر. يەنى كىم بۇ ئىككى سۈرىنى ئۆگەنگەن بولسا، ئۇنىڭدىكى قىرائەتنى، ئىلىمنى ۋە ئەمەلنى تەڭ ئالغان بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى سۈرىنى تولۇق ئۆگىنىش ناھايىتى بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە.

**توققۇزىنچى ھەدىس:** ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئىككى ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن بىرىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنى كۆردۈم، يەنە بىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى كۈتۈۋاتىمەن. ئۇ بىزگە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: «ئامانەت كىشىلەرنىڭ قەلبىنىڭ تېگىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى، ئاندىن قۇرئان نازىل بولدى، ئۇلار قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى ئۆگەندى». ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئامانەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «كىشى بىر ئۇخلايدۇ ـ دە، قەلبىدىن ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا كىچىك بىر چېكىتتەك ئىز قالىدۇ؛ ئاندىن يەنە بىر ئۇخلايدۇ ـ دە، قەلبىدىن ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا قاپارتمىدەك ئىز قالىدۇ. خۇددى بىر چوغنى پۇتۇڭ بىلەن دومىلىتىپ پۇتۇڭ قاپارغاندا، ئازراق ئىششىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئىچى بوشتۇر، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سىقىم تاشنى ئېلىپ پۇتى بىلەن دومىلىتىپ كۆرسەتتى). كىشىلەر ئۆزئارا سودا ـ سېتىق

قىلىنىشىدۇ ـ يـۇ، لېكىـن ئامانەتكە ۋاپـا قىلىدىغان ئادەم يـوق دېيەرلىك بولـۇپ قالىدۇ، ھەتتـا: ‹پـالان جەمەت ئىچىدە بىـر ئامانەتدار ئادەم باركەن› دەپ كۆرسـىتىلىدىغان زامان كېلىـدۇ؛ ھەتتـا بىر ئـادەم ھەققىدە: ‹ئۇ نېمىدېگـەن چىداملىق، نېمىدېگـەن ئەقىللىق، نېمىدېگـەن زېـرەك!› دېيىلىدۇ ـ يۇ، ئۇنىـڭ قەلبىدە قىچىنىڭ دانىسـىگە چاغلىق ئىمان بولمايـدۇ». ھۇزەيفـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنـداق دېـدى: «بېشـىمدىن شـۇنداق زامانلار ئۆتتىكى، مەن سـىلەردىن قايسـىڭلار بىلەن سودا قىلىشـتىن قىلچە ئەنسىرىمەيتتىم؛ ئەگەر ئۇ كىشـى مۇسـۇلمان بولسـا، دىنى ئۇنى ماڭا خىيانەت قىلىشـتىن توسـاتتى؛ ئەگەر ناسارا ياكـى يەھۇدىي بولسـا، باشـلىقى ئۇنـى خىيانەت قىلىشـتىن توسـاتتى. ئەممـا، بۈگۈنكى كۈندە بولسـا سـىلەردىن پەقەت پالان ـ پۇسـتان بىلەنلا سـودا قىلىدىغان بولۇپ قالدىم» [سـەھىھ بۇخارىـي، 6497 ـ ھەدىس].

# ئۈچىنچى باب

## ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئۇلۇغلاش، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ باب بىلەن بىرىنچى باب ئارىسىدا زىچ باغلىنىش بار. چۈنكى، ۋەھيىنىڭ مەنبەلىك ئورنىغا نىسبەتەن بىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلاردىن بىرى «ئۇلۇغلاش»تۇر. شۇ ۋەجىدىن، بۇ باب ۋەھيىنىڭ مەنبەلىك ئورنىنى ئۇلۇغلاش جەھەتتە بىرىنچى باب بىلەن زىچ باغلىنىشچانلىققا ئىگە.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ۋەھيىنى ئۇلۇغلاش ساھەلىرى:

1. ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش: ۋەھيي پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇلۇغلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن، ۋەھيىنى ئۇلۇغلاش ئۇنى نازىل قىلغان ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر.

2. ۋەھيىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇلۇغلاش: بۇ، ئىنسانىنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىنى ئۇلۇغلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

3. شەرىئەت ئۇلۇغلىغان نەرسىلەرنى ئايرىم - ئايرىم ئۇلۇغلاش: شەرىئەتتە كەلگەن ھەممە ئىشنىڭ ئۇلۇغلىنىش دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس، بەلكى ئۇلار خىلمۇخىل مەرتىۋە ۋە دەرىجىلەرگە بۆلۈنگەن. دىندىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ئىنسانىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە قۇرئانىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلىشىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** شەرىئەتكە مۇئامىلە قىلىشتا كىشىلەرنىڭ تۈرلىرى:

1. شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇندايدىغان ۋە ئۇنى ئالاھىدە چوڭ بىلىدىغانلار.

2. شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇندايدىغان، لېكىن قەلبىدە يېتەرلىك دەرىجىدە ئۇلۇغلاش تۇيغۇسى بولمىغانلار.

3. شەرىئەتكە ئەمەل قىلمايدىغان ۋە ئۇنى ئۇلۇغلىمايدىغانلار.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر﴾ [سۈرە ئەنفال، 2 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** مۇئمىنلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالامەتلىرىدىن بىرى: ئاللاھ تائالا ئەسلىتىلسە، دەرھال ھوشىنى تاپىدۇ؛ ئەگەر ئاللاھتىن قورقىشنى دېيىلسە، دەرھال قورقىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئاللاھ زىكىر قىلىنغاندا قەلبتە قورقۇنچ پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسىي يولى ئاللاھنى تونۇشتۇر. بۇنىڭ ئىككى يولى بار: ئاللاھنىڭ كىتابىنى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ تەقەززاسى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئۇلۇغلاشتۇر. مانا مۇشۇ نۇقتىدا ئايەت بىلەن باب ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت ئايدىڭلىشىدۇ.

**تۆتىنچى نۇقتا:** مۇئمىنىنىڭ قۇرئان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى قۇرئان ئارقىلىق ئىمانىنىڭ زىيادە بولۇشىدۇر.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەج ئەمەللىرىنى قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر﴾ [سۈرە ھەج، 32 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئاللاھنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاش مۇئمىننىڭ قەلبىدىكى تەقۋادارلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** مۇپەسسىرلەر «شەئائىر (شەرىئەتنىڭ بەلگىلىملىرى)» سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرگەن: بەزىلىرى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ھەج پائالىيەتلىرىگىلا چەكلىگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى دىنىنىڭ بارلىق ئاشكارا بەلگىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەسجىدى ھەرام، مەسجىدى نەبەۋى ۋە مەسجىدى ئەقساغا ئوخشاش دىنىنىڭ ماكان جەھەتتىكى بەلگىلىك مۇھىم ئورۇنلىرى بىلەن بىرگە، رامىزان ئېيى، زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى ۋە قۇربان ھېيت كۈنىگە ئوخشاش دىنىنىڭ زامان جەھەتتىكى بەلگىلىك مۇھىم ۋاقىتلىرى بار.

**ئۈچىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن!﴾ [سۈرە نۇر، 63 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

ئالىملار ئايەتتىكى «پىتنە»نى شېرىك دەپ شەرھلىگەن. بۇ «ھەرقانداق خىلاپلىق قىلىش چوقۇم كۇفرىلىق بولىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ جازاسىنىڭ «قەلبنىڭ ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشى» بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# ھەدىسلەر

## بىرىنچى ھەدىس:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيشلەر ئوغرىلىق قىلىپ سالغان مەخزۇم قەبىلىسىدىكى بىر ئايالنىڭ ئىشىدىن ئەندىشە قىلىشىپ:

— بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھقا كىم سۆز ئاچالار؟ — دېيىشتى. ئۇلار ئۆزئارا:

— بۇ ئىشقا رەسۇلۇللاھقا نىسبەتەن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى ئۇسامە ئىبنى زەيدتىن باشقا كىم جۈرئەت قىلالايتتى؟ — دېيىشەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ ھەقتە سۆز ئاچقان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا كايىپ:

— «سەن ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن (جازالىرىدىن) بىرىدە ئارىچى بولماقچىمۇ؟»
— دېدى - دە، شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپلا مۇنداق خۇتبە ئوقۇدى:

«سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى ھالاك قىلغان نەرسە شۇكى، ئىچىدە ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنى جازالىمايتتى؛ ئاجىزلار ئوغرىلىق قىلىدىغان بولسا، ئۇنى جازالايتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم» [سەھىھۇل بۇخارىي، 3475 - ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن جازالارنى (ھۇدۇدلارنى) ئۇلۇغلاشنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىسى كىشىلەرنىڭ نەسەبى، شەخسىي ياكى ئىجتىمائىي ئورنى تۈپەيلىدىن مەزكۇر جازالارنى ئەمەلدىن قالدۇرماسلىقتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھالاكەتنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى شەخسىي ياكى كوللېكتىپ مەنپەئەتلەرنى دەپ ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن جازالارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان

مۇئامىلىسى ساھابىلەرنىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئۇلۇغلاش تۇيغۇسى يېتىلدۈرگەن. بۇ، تەربىيە ساھەسىدە قوللىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئۇسلۇبتۇر.

### ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۇ زاتنىڭ (پەيغەمبەرنىڭ) بىرەر بۇيرۇقنى ئورۇندىماي قالسام، ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەيمەن» [سەھىھ بۇخارىي، 3093 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرىغا تۇتۇشقا تېگىشلىك ئەڭ توغرا پوزىتسىيە ئەمەل قىلىش بىلەن ئۇلۇغلاشنى تەڭ ئېشقا ئاشۇرۇش بولۇپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۈلگىسىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بىز ھازىر شەرىئەتنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ۋاستىلىرى كۆپەيگەن بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. شۇ ۋەجىدىن، بۇ دەۋردىكى تەربىيەچى ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ شەرىئەتلىرىنى ئۇلۇغلاش ئېڭى يېتىلدۈرۈشتۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** شەرىئەتتىكى بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ئۇنىڭغا چېتىلغان، ئۇلۇغلۇقىغا دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر ئارقىلىق بىلىنىدۇ. مەسىلەن، قىلغۇچىلارغا ئېغىر جازا بېكىتىلگەن ئىشلار قەتئىي تەرك ئېتىشكە تېگىشلىك، چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى، چوڭ ساۋابلار ۋەدە قىلىنغان ئىشلار بولسا مەزكۇر ئىشلارنىڭ كاتتا ئەمەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئۈچىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۇيەينە ئىبنى ھىسن مەدىنىگە كېلىپ، جىيەنى ھۇر ئىبنى قەيسنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ھۇر ئىبنى قەيس ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىدىن ئىدى. قۇرئان ئۇستازلىرى (مەيلى ياش ياكى ياشانغان بولسۇن) ئۆمەرنىڭ مەجلىسداشلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى ئىدى. ئۇيەينە جىيەنىگە :

ــ جىيەنىم! سېنىڭ خەلىپە ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا خېلى يۈز ـ ئابرۇيۇڭ بار، مېنىڭ ھۇزۇرۇغا چىقىشىمغا رۇخسەت سوراپ بەرسەڭ، ــ دېدى. ھۇر:

— بولدۇ، مەن رۇخسەت سوراپ بېرەي، — دېدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رۇخسەت سورىۋىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇخسەت قىلدى. ئۇيەينە خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپلا:

— ھەي ئىبنى خەتتاب! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بىزگە كۆپ نەرسە بەرمەيسەن، ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلمايسەن، — دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇنى جازالىماقچى بولۇۋىدى، ھۇر مۇنداق دېدى:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە: ﴿كەچۈرۈم يولىنى تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلاردىن يۈز ئۆرۈگىن﴾ [سۈرە ئەئراف، 199 ـ ئايەت] دېگەن. بۇ ئادەممۇ نادانلاردىندۇر.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى ئاڭلاپلا توختىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ بەلگىلىمىرى ئالدىدا دەرھال توختايدىغان كىشى ئىدى [سەھىھ بۇخارىي، 4642 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ھافىز ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي رەھىمەھۇللاھ بۇ يەردىكى «قۇررائ» (قۇرئان ئۇستازلىرى) دېگەن سۆزدىن ئىبادەتگۇي ئالىملار كۆزدە تۇتۇلغان، دەپ شەرھلىگەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بىئىر مەئۇنە»دە ئۆلتۈرۈلگەن ساھابىلەر ھەققىدە رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقى مەنىنى كۈچلەندۈرىدۇ: «ساھابىلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كۈندۈزى ئوتۇن تېرەتتى، كېچىسى ناماز ئوقۇيتتى. بىز ئۇلارنى «قۇررائ» دەپ ئاتايتتۇق» [سەھىھ بۇخارىي، 3064 ـ ھەدىس].

**ئىككىنچى نۇقتا:** ۋەھيىنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىدىن بىرى مۇئمىن كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ياكى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدىكى بىرەر دەلىلنى ئاڭلىغان ھامان، كۆڭلى تارتىپ تۇرغان ئىشتىنمۇ توختىشىدۇر. مانا بۇ ئىماننىڭ ئەڭ بۈيۈك ئالامىتى ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئۇلۇغ بىلگەنلىكتۇر.

## ئۆتىنچى ھەدىس:

مەئقىل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن سىڭلىمنى بىر كىشىگە ياتلىق قىلغان ئىدىم، ئۇ كىشى سىڭلىمنى تالاق قىلىۋەتتى. سىڭلىمنىڭ ئىددىتى توشقاندا، ھېلىقى كىشى يەنە سىڭلىمنى سوراپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا:

— مەن سىڭلىمنى ساڭا ياتلىق قىلدىم، ھۆرمىتىڭنى قىلدىم. سەن بولساڭ ئۇنى

تــالاق قىلدىــڭ. ئەمدى يەنە ســوراپ كەپســەن. ئاللاھ بىلەن قەســەمكى، ئۇ ئەمدى ســەن بىلەن ياراشــمايدۇ، ــ دېدىم.

ئۇ كىشــى ئەســلىدە ئۇنچىۋالا ئەسكى ئادەم ئەمەس ئىدى، ســىڭلىمنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋالغۇســى بار ئىدى. شــۇنىڭ بىلەن ئالــلاھ تائالا: «ئۇلارنى (ئەســلىدىكى ئەرلىرىگە) قايتىشــتىن توســماڭلار» [ســۈرە بەقەرە، 232 ـ ئايەت] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. مەن بــۇ ئايەتنى ئاڭلاپلا:

ــ ئــى رەســۇلۇللاھ! ھازىــرلا شــۇنداق قىلاي، ــ دېدىم ۋە ســىڭلىمنى شــۇ كىشــىگە قايتــا نىكاھــلاپ بەردىم، [ســەھىھ بۇخارىــي، 5130 ـ ھەدىس].

# تۆتىنچى باب

## ئاڭ - چۈشەنچىلەرنى ۋەھىينىڭ ئۆلچىمىگە سېلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلچەملەرنى تۈزىتىشى ۋە ھەقنى خاتا نەزەرىيەۋى قاراشلار بىلەن رەت قىلىشنىڭ گۇمراھلىق سەۋەبى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

# ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ﴿(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، بىز ئىمان ئېيتامدۇق!؟﴾ [سۈرە شۇئەرا، 111 ـ ئايەت].

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ﴿ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز. سېنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭ بولمىسا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق، سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن! دېدى﴾ [سۈرە ھۇد، 91 ـ ئايەت].

بەنى ئىسرائىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ﴿ئۇ (تالۇت) قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولالايدۇ، (ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلادلىرى بولغانلىقتىن) پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىنمۇ ھەقلىقراقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ بولمىسا!؟﴾ [سۈرە بەقەرە، 247 ـ ئايەت].

قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ﴿بۇ قانداق پەيغەمبەركى، تاماق يەيدۇ، بازارلاردا كېزىپ يۈرىدۇ!؟﴾ [سۈرە فۇرقان، 7 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئەلۋەتتە مۇئمىن قۇل مۇشرىك ھۆر ئادەمدىن ياخشىدۇر﴾ [سۈرە بەقەرە، 221 ـ ئايەت].

﴿ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات تېخىمۇ ياخشى ھەم ئەبەدىيدۇر﴾ [سۈرە نەھل، 96 ـ ئايەت].

﴿ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاب ۋە نېمەت) ئويۇن ـ تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر﴾ [سۈرە جۇمە، 11 ـ ئايەت].

﴿ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، (سەرپ قىلماسلىق بىلەن) ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾ [سۈرە بەقەرە، 195 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ھەرقانداق ئۈممەت ياكى مۇھىتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆلچەملىرى بولىدۇ. بۇ ئۆلچەملەر جۈزئىي مەلۇماتلاردىنمۇ خەتەرلىكتۇر؛ چۈنكى نۇرغۇن مەلۇماتلار شۇ ئۆلچەملەر ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ ياكى رەت قىلىنىدۇ ۋە باھالىنىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆلچەملىرى بار ئىدى ۋە ئۇلار پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئەنە شۇ خاتا ئۆلچەملىرى ئاساسىدا زۇكۇنلىشاتتى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى مەزكۇر ئۆلچەملەرنى تۈزىتىش ئىدى. مەلۇم بولدىكى، ئاڭلىق ئىسلاھاتچى جۈزئىي مەسىلىلەر بىلەنلا چەكلەنمەي، ئومۇمىي ئۆلچەملەرنى تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** باتىل ئەھلىنىڭ ئۆلچەملىرى دەۋر پەرقلىق بولسىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ؛ چۈنكى ئۇلاردا ھەق مەنبەدىن كەلگەن ئاساسىي ئۆلچەملەر يوق.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرسەم، ئۇ بىر بورىنىڭ ئۈستىدە يېنىچىلا ياتقان ئىكەن. كۆڭلىكىنى يىغىشتۇرۇۋىدى، ئۈستىدە باشقا كىيىمى يوقلۇقى مەلۇم بولدى. بورىنىڭ ياغاچلىرى بىقىنىغا پېتىپ كەتكەن ئىدى. شۇ ئەسنادا رەسۇلۇللاھنىڭ ئامبىرىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. قارىسام، بىر سا مىقدارىدا ئارپا، يەنە بۇلۇڭدا شۇنچىلىك قەرەز (تېرە ئاشلاشتا قوللىنىلىدىغان مەلۇم بىر خىل دەرەخ يوپۇرمىقى) ۋە ئاشلانمىغان ئېسىقلىق بىر تېرە تۇراتتى. بۇلارنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ئى ئىبنى خەتتاب، نېمىشقا يىغلايسەن؟» — دېدى. مەن:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ بورا بىقىنلىرىغا پېتىپ كېتىپتۇ، ئامبارلىرىدا بولسا پەقەت مۇشۇ نەرسىلەرلا بار ئىكەن. قەيسەر (رىم پادىشاھلىرى) ۋە كىسرالار (پارس پادىشاھلىرى) تۈرلۈك مېۋە - چېۋىلەر ۋە دەريا - ئۆستەڭلەردىن ئىبارەت نېمەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ، سىلى بولسىلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە تاللانغان بەندىسى تۇرۇپ شۇنچە قىيىنچىلىقتا ياشاۋاتىلا! — دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ئى ئىبنى خەتتاب! ئاخىرەت بىزنىڭ، دۇنيا ئۇلارنىڭ بولۇشىغا رازى بولماسەن؟» — دېدى. مەن:

— ئەلۋەتتە رازىمەن، — دېدىم، [سەھىھ بۇخارىي، 5191 - ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاراۋانلىق ئەمەس، بەلكى قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشىغان. ئەمما، ئۇ زات ئەنە شۇنداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا

سەۋرچان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان ۋە قەلبى ئوچۇق ھالدا ياشىغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدىن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەۋەبى ھەر خىل ئىدى. بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان قىيىنچىلىقنىڭ سەۋەبى ئىجتىمائىي ئىدى.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ساھابىلەردىكى ئەڭ روشەن خىسلەتلەردىن بىرى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈسى ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىشتىياقىدۇر. بۇ سۈپەت ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن ئارتۇق بولۇشىدىكى بىر سەۋەبتۇر.

**تۆتىنچى نۇقتا:** ئىنسانىنىڭ قەلبىدە ئاخىرەت مەركىزىي ئورۇندىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ھەرقانچە مال - دۇنيا كەم بولسىمۇ، ئۆزىنى روھلۇق تۇتالايدۇ (يەنى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ). بۇ مەرتىۋىگە پەقەت ئاخىرەتكە كۈچلۈك ئىمانى بار كىشىلەرلا يېتەلەيدۇ.

**بەشىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاخىرەت بىزنىڭ، دۇنيا ئۇلارنىڭ بولۇشىغا رازى بولمامسەن؟» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئۆلچەملەرگە تۈزىتىش بەرگەن. كىسرا ۋە قەيسەرلەرنىڭ كاپىر تۇرۇپمۇ دۇنيالىق نېمەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىگە ھەيران قالماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇلارغا پانى دۇنيالا بېرىلگەن؛ شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىكى ھالىغا (يەنى نامراتلىقىغا) ھەيران قالماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭغا ئەبەدىي ئاخىرەت بېرىلگەن.

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دۇنيا مۇئمىنىنىڭ زىندانى، كاپىرنىڭ جەننىتىدۇر» [سەھىھ مۇسلىم، 2956 - ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** كىمكى بۇ ھەدىسنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، كاللىسىدىكى نۇرغۇن مەسىلە ھەل بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا دۇنيانى مۇئمىنلەرنى مۇكاپاتلايدىغان جاي قىلمىدى، بۇ دۇنيانى ئۇلارنىڭ جەننىتىمۇ قىلمىدى. بەلكى جەننەتنى ئاخىرەتتە قىلدى، جەننەتكە بارىدىغان يولنى بولسا كۆڭۈلگە ياقمايدىغان قىيىنچىلىقلار بىلەن ئورىدى. دوزاخنىمۇ ئاخىرەتتە قىلدى، ئەمما ئۇنىڭغا بارىدىغان يولنى شەھۋەتلەر بىلەن ئورىدى.

**ئىككىنچى نۇقتا:** مۇئمىن بىرەر سىناققا دۇچ كەلگەندە: «مەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ تۇرساممۇ، نېمىشقا بۇنداق قىيىنچىلىقلار بېشىمغا كېلىدۇ؟» دەپ ئويلىماسلىقى

كىرەك. ئەكسىچە، «مەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى بولغان ئىكەنمەن، بۇ دۇنيادا چوقۇم سىناق ۋە ئىمتىھانلارغا دۇچ كېلىشىم مۇقەررەر» دەپ ئويلىشى كېرەك. بۇنداق سىناقلارغا تەييارلىق قىلىش دەل مۇشۇ ئۆلچەملەرنى بىلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** مەھبۇسنىڭ ئەڭ روشەن ئالامەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقىدۇر. دىنىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانغا مەلۇم چەكلىمىلەرنى قويىدۇ. دۇنيانىڭ مۇئمىننىڭ زىندانى ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالامەتلىرىدىن بىرى دۇنيادا ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرى بىلەن چەكلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

**تۆتىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئارقىلىق خاتا ئۆلچەملەرنى تۈزىتىشتىن ھاسىل بولىدىغان پايدا شۇكى، ئىنسان نەپسى خاھىشىغا قارشى تۇرۇشقا، سەۋر قىلىشقا ۋە شەرئىي تەكلىپلەرنى (بۇيرۇقلارنى) ئورۇنداشقا روھىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىدۇ.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي پالۋان رەقىبىنى يەڭگەن كىشى ئەمەس، بەلكى ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان كىشىدۇر» [سەھىھ مۇسلىم، 2609 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ھەقىقىي پالۋاننىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى يېڭىپ، ھېسسىياتىنىڭ كەينىگە كىرمىگەن كىشىدۇر. بۇ ھېسسىياتلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ئاچچىقلىنىشتۇر. ئىنسان ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى كونترول قىلىپ، ئاچچىقىنى يېڭەلىسە، ئەنە شۇ ھەقىقىي كۈچلۈك، باتۇر ئادەمدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان كىشىنىڭ پەزىلەت ساھىبى ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلغان. چۈنكى، بۇ پەزىلەتمۇ نەپسى خاھىشىغا قارشى تۇرۇشنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## تۆتىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «سىلەرچە ‹رەقۇب› (ئەۋلادسىز ئادەم) كىم؟» — دەپ سورىدى. بىز:

— بىرمۇ بالىسى بولمىغان ئادەمدۇر، — دېدۇق. رەسۇلۇللاھ:

— «ھەقىقىي رەقۇب ئۇ ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي رەقۇب ئالدىن (ئاخىرەتكە) بىرەر بالىسىنى ئەۋەتمىگەن (يەنى بىرەر بالىسى ئۆلگەپ كەتمىگەن) ئادەمدۇر» — دېدى [سەھىھ مۇسلىم، 2608 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىستە، ئادەتتە نۇقسان دەپ قارالغان بىر ئىشنىڭ (بالىسى ئۆلگەپ كېتىشىنىڭ) ئاخىرەتلىك پايدىسىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا تۈزىتىش بېرىلگەن.

## بەشىنچى ھەدىس:

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئامانەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدىكى ھەدىسىدە مۇنۇلارنى رىۋايەت قىلغان: «كىشىلەر ئۇخلىغاندا ئامانەتكە ۋاپا قىلىدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا: ‹پالانچىلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئامانەتدار ئادەم بارمىش› دېيىلىدۇ. بىر ئادەم ھەققىدە: ‹ئۇ نېمىدېگەن ئەقىللىق، نېمىدېگەن زېرەك، نېمىدېگەن چىدامىلىق!› دېيىلىدۇ ـ يۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە قىچىنىڭ دانىسىچىلىك چاغلىقمۇ ئىمان بولمايدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 6497 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ يەردىكى «ئامانەت»تىن دىنىنىڭ بىر پۈتۈن ھالىتى كۆزدە تۇتۇلغان. گاھىدا ئىنساندىن ئۇنىڭ دىنى ئاستا ـ ئاستا تارتىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشىلەر بىراۋنى بەزى سۈپەتلەر بىلەن ماختىشىدۇ، لېكىن ئىماندىن ئىبارەت ھەقىقىي ئۆلچەمگە سالغاندا، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە چىقمايدۇ.

## ئالتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «چاچلىرى چۇۋۇق، ئىشىك ئالدىدىن قوغلىنىدىغان شۇنداق

(ئاددىي) كىشىلەر باركى، ئەگەر ئۇلار بىرەر ئىشقا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قەسىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ (ئۇلارنى يەرگە قاراتمايدۇ)» [سەھىھ مۇسلىم، 2622 ـ ھەدىس].

**يەتتىنچى ھەدىس:**

سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن بىرەيلەن ئۆتتۈۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

ــ «بۇ كىشى ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟» ــ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ــ بۇ كىشى شۇنداق ئابرۇيلۇق كىشىكى، بىرەر ئۆيگە قىز سوراپ بارسا، ھەرگىز رەت قىلىنمايدۇ؛ ئارىغا كىرسە، ئارىچىلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ؛ سۆزلىسە، سۆزىگە قۇلاق سېلىنىدۇ، ــ دېيىشتى.

رەسۇلۇللاھ سۈكۈت قىلدى. شۇ ئەسنادا مۇسۇلمانلاردىن بىر كەمبەغەل كىشى ئۆتتى. رەسۇلۇللاھ:

ــ «بۇ كىشى ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟» ــ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ــ بۇ كىشى شۇنداق ئاددىي كىشىكى، بىرەر ئۆيگە قىز سوراپ بارسا، رەت قىلىنىدۇ؛ ئارىغا كىرمەكچى بولسا، ئارىچىلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ؛ سۆزلىسە، سۆزىگە قۇلاق سېلىنمايدۇ، ــ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:

«بۇنداق (باي) كىشىلەردىن يەر يۈزى تولغۇدەك بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ (كەمبەغەل) ئادەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ياخشىدۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 5091 ـ ھەدىس].

**سەككىزىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تەڭگە ـ تىللانىڭ قۇلى ۋە ئېسىل كىيىملەرنىڭ قۇلى بەختسىز بولسۇن! ئۇنىڭغا نېمەت بېرىلسە رازى بولىدۇ، بېرىلمىسە غەزەپلىنىدۇ. ئۇ ھالاك بولسۇن، بېشى تۆۋەن بولسۇن، پۇتىغا تىكەن كىرسە ئېلىپ قويىدىغان ئادەم بولمىسۇن (خار بولسۇن!). ئاللاھ يولىدا ئات چاپتۇرۇپ جىھاد قىلغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، پۇت ـ قوللىرى توپىغا مىلەنگەن بەندىگە تۇبا (جەننەت) بولسۇن! ئۇنىڭغا كۆزەتچىلىك ۋەزىپىسى بېرىلسە، كۆزەتچىلىكتە بولىدۇ؛ ئارقا سەپ خىزمىتى بېرىلسە، ئارقا سەپتە تۇرىدۇ (ساداقەت بىلەن ۋەزىپە ئۆتەيدۇ). ھالبۇكى، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا بىرەر يەرگە كىرىشكە رۇخسەت سورىسا، رۇخسەت بېرىلمەيدۇ؛ ئارىچىلىق قىلماقچى بولسا، ئارىچىلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ

(يەنــى كىشــىلەر نەزىرىــدە قەدىرســىز، لېكــىن ئاللاھنىڭ نەزىرىــدە ئۇلۇغدۇر)» [ســەھىھ بۇخارىــي، 2887 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بەزىدە مۆئمىنلەر ئارىســىدا تاشــقى قىياپەتكە قاراپلا باھــا بېرىدىغان خاتا ئۆلچەملەر شــەكىللىنىپ قېلىشــى مۇمكىن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ كىشــىلەرنىڭ پىكرىنى سوراش ئارقىلىق ئۆلچەمنى تۈزىتىش ئۇســلۇبى ئىسلاھاتچىلار قوللىنىشــقا تېگىشلىك مۇھىم ئۇسلۇبتۇر.

**ئۈچىنچــى نۇقتا:** ئىنســاننىڭ جەمئىيەتتىكى مەرتىۋىســىنىڭ تۆۋەن بولۇشــى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكــى قــەدرى ـ قىممىتىگە ئۆلچــەم بولالمايدۇ.

## توققۇزىنچى ھەدىس:

رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم مۇنداق دېگەن: «قايىســىبىر غازاتچى قوشۇن ياكــى كىچىــك ئەتــرەت غەنىيمــەت ئېلىــپ، ئامــان ـ ئېســەن جەڭدىــن قايتســا، ئــۇلار ســاۋابىنىڭ ئۈچتىن ئىككىســىنى دۇنيادا بالدۇر ئالغان بولىدۇ. قايىســىبىر قوشــۇن غەنىيمەت ئالالماي، مۇســىبەتكە (يوقىتىشــقا) ئۇچرىســا، ئۇلارنىڭ ســاۋابى ئاخىرەتتــە تولۇق بولىدۇ» [ســەھىھ بۇخارىــي، 1906 ـ ھەدىس].

## ئونىنچى ھەدىس:

ئەســلەم ئەبــۇ ئىمران مۇنــداق دەيدۇ: بىــز كونســتانتىنوپول (بۈگۈنكى ئىســتانبۇل) نى فەتھــى قىلىــش ئۈچــۈن مەدىنىدىــن يولغا چىقتــۇق. قوشــۇنغا ئابدۇرراھمــان ئىبنى خالىد ئىبنــى ۋەلىــد قوماندانلىــق قىلاتتــى. رۇم قوشــۇنى شــەھەر ســېپىلىغا ئارقىســىنى قىلىــپ تۇراتتــى. بىرەيلــەن دۈشــمەن ســېپىگە ئۆزىنى ئاتتــى. كۆپچىلىك:

ــ توختــا! توختــا! لا ئىلاھــە ئىللەللــاھ! ئــۇ ئۆزىنــى ھالاكەتكــە تاشــلىدى! ــ دەپ ۋارقىراشــتى. شــۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئەييۇب ئەنســارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «بۇ ھەقتىكــى ئايەت بىز ئەنســارلار ھەققىدە نازىــل بولغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە نۇســرەت بېرىــپ، ئىســلام غالىــب بولغاندا، بىــز ئۆزئــارا: ‹ئەمدى مــال ـ مۈلكىمىزنــى كۆپەيتىپ، تۈزەشــىمىزنى ياخشــلايلى› دېيىشــكەن ئىــدۇق. ئارقىدىنــلا ئاللاھ تائالا: ﴿ئاللــاھ يولىدا چىقىم قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى (چىقىم قىلىشــنى تەرك ئېتىش بىلەن) ھالاكەتكە تاشــلىماڭلار﴾ [ســۈرە بەقــەرە، 195 ـ ئايــەت] دېگــەن ئايەتنــى نازىل قىلــدى. بۇ ئايەتتىكــى ‹ئۆزىنى

هالاكەتكە تاشلاش، مال ـ مۈلۈك بىلەن مەشغۇل بولۇپ، جىهادنى تەرك ئېتىشتۇر».
ئەبۇ ئىمران مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىي ئاللاھ يولىدىكى جىهادنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىر كونستانتىنوپولدا (شېھىت بولۇپ) شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى»
[ئەبۇ داۋۇد، 2512 ـ ھەدىس].

# بەشىنچى باب

## دىنىنىڭ بۇيرۇق، چەكلىمە ۋە خەۋەر جەھەتلەردىن ئىلمۇئىل مەرتىۋىلىرى بارلىقى، دىنىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشنىڭ شۇ مەرتىۋىلەرنى تونۇشقا قاراپ پەرقلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** «دىن» دېگەن سۆز ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام، ئىمان ۋە ئېھساننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى مەشھۇر ھەدىستە بۇ ئۈچ مەرتىۋە «دىن» دەپ ئاتالغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** دىن ئومۇمي جەھەتتىن مۇنداق ئىككى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: خەۋەرلەر (مەلۇماتلار) ۋە بۇيرۇقلار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر﴾ [سۈرە ئەنئام، 115 ـ ئايەت].

**ئۈچىنچى نۇقتا:** دىندىكى بارلىق ئەھكاملار شەرەپلىك بولسىمۇ، ئەھمىيەت ۋە پەزىلەت جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

**تۆتىنچى نۇقتا:** دىنىي فىقھىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بۇيرۇق، چەكلىمە ۋە خەۋەرلەرنىڭ مەرتىۋە پەرقىنى تونۇش ھەمدە ئەڭ مۇھىم بولغانلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتۇر.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ، كىچىك گۇناھلار (يەنى بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ سالغان ئىشلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ [سۈرە نەجم، 32 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە گۇناھلارنىڭ مەرتىۋىسى بولىدىغانلىقى ۋە بەزىسى چوڭ، بەزىسى كىچىك بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** چوڭ گۇناھلارنى چوڭ بىلىپ، ئۇلاردىن ساقلانغانلار مەدھىيەلەنگەن.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغفىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴾ [سۈرە نىسا، 48 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بىر كىشى شېرىك كەلتۈرگەن پېتى تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەسلا مەغفىرەت قىلمايدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** شېرىكتىن باشقا بارلىق گۇناھلار (ئىگىسى تەۋبە قىلماي ئۆلگەن تەقدىردىمۇ) ئاللاھنىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر (ئاللاھ خالىسا كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ).

**ئۈچىنچى نۇقتا:** مەزكۇر ئايەتنىڭ بۇ باب (تېما) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

گۇناھلارنىڭ ئىچىدە «شېرىك» ۋە «شېرىكتىن تۆۋەن گۇناھلار» بارلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنىڭ بىرلا دەرىجىدە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەزكۇر ئايەت شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئاللاھنىڭ ئۇنى مەغفىرەت قىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، مەنئى قىلىنغان ئىشلار پەقەت دەرىجە جەھەتتىلا پەرقلەنمەستىن، بۇ پەرقلەرگە ئاساسەن بېكىتىلگەن، ئىنتايىن چىڭ ھۆكۈملەرمۇ مەۋجۇتتۇر.

### ئۈچىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، سىلەرنىڭ كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز﴾ [سۈرە نىسا، 31 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

مەزكۇر ئايەت ئىككى تۈرلۈك ئىشقا دالالەت قىلىدۇ:

**بىرىنچى نۇقتا:** مەنئى قىلىنغان (ھارام قىلىنغان) ئىشلار ئىچىدە چوڭ گۇناھلار ۋە ئۇلاردىن تۆۋەن دەرىجىلىك گۇناھلار بار.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت ھەققىدىكى مەشھۇر قاراشلاردىن بىرى شۇكى، كىمكى چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانسا، ئۇنىڭ كىچىك گۇناھلىرى كاپپارەت قىلىنىدۇ (يەنى كەچۈرۈۋېتىلىدۇ). شۇڭا، چوڭ گۇناھلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىش دىنىي چۈشىنىشنىڭ (فىقھىنىڭ) جەۋھىرى ۋە ھەربىر مۇئمىن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك بولغان مۇھىم ئىشتۇر.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ئى ئەبۇ مۇنزىر! ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ئايەتلەر ئىچىدە قايسى ئايەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» — دەپ سورىدى. مەن:

— ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، — دېدىم. رەسۇلۇللاھ شۇ سوئالنى يەنە سورىدى. مەن:

— ئاللاھۇ لا ئىلاھە ئىللاھۇۋەل ھەييۇل قەييۇم (ئايەتۇل كۇرسىي)، — دېدىم. رەسۇلۇللاھ كۆكرىكىمگە بىرنى ئۇرۇپ:

— «ئى ئەبۇ مۇنزىر! ئىلمىڭگە مۇبارەك بولسۇن!» دېدى [سەھىھ مۇسلىم، 810 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئەڭ ئۇلۇغ» (أَعْظَمُ) دېگەن سۆزى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇق جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ۋە ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەبرىكلىشىگە سەۋەب بولغان ئامىل: ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا يېتىلگەن ئىلمى بىلەن «ئايەتۇل كۇرسىي»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئايەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىگەنلىكىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى دىنىي ئەھكاملار ۋە مەزمۇنلار ئارىسىدىكى دەرىجە پەرقىنى چۈشىنىش روھىدا تەربىيەلىگەنلىكىنىڭ دەلىلى.

ئەنــە شــۇ تەربىيــە تۈپەيلىدىن، ئۇبــەي رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇ بــۇ نۇقتىنى ھېــس قىلالىغان. بۇنــداق بىر چۈشــەنچە پەقــەت «ئاللاھنى تونۇش ئىلمــى» (تەۋھىد) نىــڭ بارلىق تېمىلار ئىچىدىكــى ئەڭ شــەرەپلىك تېما ئىكەنلىكــى ھەققىدە تەربىيە ئالغان كىشــىدىلا يېتىلىدۇ.

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبــۇ ســەئىد ئىبنــى مۇئەلــلا رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: مەســچىتتە نامــاز ئوقۇۋاتاتتىم، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم مېنى چاقىردى، نامازدا بولغانلىقىم ئۈچــۈن دەرھــال جــاۋاب بېرەلمىدىــم. نامازدىــن كېيىن بارســام، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم: «ئالــلاھ تائــالا: ئالــلاھ ۋە ئۇنىــڭ پەيغەمبىرى ســىلەرنى چاقىرســا، دەرھال جاۋاب بېرىڭلار، دېمىگەنمىدى؟!» دېدى. ئاندىن: «ســەن مەســچىتتىن چىقىشتىن بــۇرۇن مەن ســاڭا قۇرئاندىكــى ئەڭ ئۇلۇغ ســۈرىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟» دېــدى ۋە قولۇمنى تۇتتــى. چىقىدىغــان چاغدا مەن بۇ ســۆزىنى ئۇنىڭغا ئەســلەتتىم، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم: «ئەلھەمــدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىن (ســۈرە فاتىھە)، ئــۇ قايتا ـ قايتا ئوقۇلىدىغــان يەتتــە ئايــەت ۋە ماڭا بېرىلگەن بۈيــۈك قۇرئاندۇر» دېدى [ســەھىھ بۇخارىي، 4474 ـ ھەدىــس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بۇ ھەدىس قۇرئان ســۈرىلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇق جەھەتتــە بىر ـ بىرىدىن پەرقــى بارلىقىغا دەلىلدۇر؛ قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ســۈرە «فاتىھە» سۈرىســىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ ھاياتىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ بىرەر مۇھىم مەســىلىگە دىققەت تارتماقچى بولســا، دائىم كىشــىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئۇســۇللارنى قوللانغــان. شــۇڭا، ھەرقانداق ئىســلاھاتچى (تەربىيەچى) دىققــەت تارتىدىغان ئۇســۇللارنى قوللىنىشــقا ئەھمىيەت بېرىشــى، مۇشــۇنداق مۇھىم ۋە نېگىزلىك مەســىلىلەرگە قارىتا ئىنســانلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈشــكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشــى لازىم.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئەبــۇ ھۇرەيــرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن رىۋايــەت قىلىنىدۇكى، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەمدىن:

ــ ئــەڭ ئــەۋزەل ئەمەل قايســى؟ ــ دەپ ســورالدى. رەسۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ «ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرۈش» ــ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ ئاندىن قالىسچۇ؟ ــ دەپ سورىلىۋىدى:

ــ «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش» ــ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ ئاندىن قالىسچۇ؟ ــ دەپ سورىلىۋىدى:

ــ «مەبرۇر (مەقبۇل) ھەج» ــ دەپ جاۋاب بەردى [سەھىھ مۇسلىم، 83 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە ئەمەللەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىدىن ئارتۇقچىلىق بارلىقى ۋە مۇھىم ئەمەللەر ئارىسىدىمۇ دەرىجە پەرقى بارلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئارتۇقچىلىق ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. ئەمەللەرنىڭ مەلۇم تۈرى باشقا تۈردىكى ئەمەللەردىن ئۈستۈن بولىدۇ. مەسىلەن، ئىسلامنىڭ ئەركانلىرى باشقا ئەمەللەردىن ئۈستۈندۇر.

2. ئاساسىي ئەمەللەر ۋە نېگىزلىك ھۆكۈملەرمۇ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇقتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھەدىسلەردە ساھابىلەرنىڭ «ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل قايسى؟» دېگەندەك سوئاللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەللەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقى ۋە دەرىجىسى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بەرگەن تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بىر ئىسلاھاتچى (دەۋەتچى) تەربىيەلىنىۋاتقانلارنىڭ ئەنە شۇنداق سوئال سوراش قىزغىنلىقىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ سوئاللىرى مۇشۇ دائىرىدە بولسا، بۇ ئۇلاردىكى دىنىي چۈشەنچىنىڭ ۋە ئىسلاھاتچى تەرىپىدىن تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ ياخشى مېۋە بەرگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ناۋادا ئۇلارنىڭ سوئاللىرى نالايىق سوئاللاردىن بولسا، بۇ يەردە بىر مەسىلە بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنىڭ بىرىگە تاقىلىدۇ:

1. ياكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تېخى ھىدايەت قىلمىغان بولىدۇ.

2. ياكى دەۋەتچى (ئىسلاھاتچى) ئۇلارنىڭ قەلبىدە قالدۇرغان تەسىر ۋە مەنبەدە مەسىلە بولىدۇ.

**تۆتىنچى ھەدىس:**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلدى: ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، نامـاز ئوقـۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇش» [سەھىھ بۇخارىي، 8 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس دىنىمىزدا نۇرغۇن ئەمەللەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نېگىزلىك ئەمەللەرنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئەنە شۇ نېگىزلىك ئىبادەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان. پۈتۈن ئەمەللەر ئىچىدىن مەزكۇر بەش ئەركاننىڭ تاللانغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق بىلىنگەن. بۇ ئەھۋال ئىسلامدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى تونۇپ يېتىشتە سۈننەتنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سان ـ سىفىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسىلىلەردە كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك شەكىلدە سېلىشتۇرۇش ۋە زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى كۆپ قوللىنىدۇ. بۇ بولسا بىلىمنى پۇختا ئىگىلەش ۋە ئەستە تۇتۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولۇپ، بۇ نۇقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىدۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىش ھەر ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك. «بايان قىلىش» (چۈشەندۈرۈش) ئۇسۇلىدا ئۇ زاتقا ئەگىشىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ يەردىكى «بايان»دىن مەقسەت كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي ـ پىكىرلەرنى تىلىدا تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلىشى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا چۈشىنىشلىك شەكىلدە يەتكۈزۈش ئىقتىدارىدۇر.

## بەشىنچى ھەدىس (ھەدىس قۇدسىي):

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا: ‹كىمكى مېنىڭ بىرەر ۋەلىي (دوست) بەندەمگە دۈشمەنلىك قىلسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن. بەندەم مەن پەرز قىلغان ئەمەللەرنى ئادا قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك، باشقا بىرەر ئىش بىلەن ماڭا يېقىنلىشالىغىنى يوق. بەندەم تاكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەنگە قەدەر ئىزچىل نەپلە ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىششقا تىرىشىدۇ. ئەگەر ئۇنى ياخشى كۆرسەم، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. ئەگەر ئۇ مەندىن بىرەر نەرسە سورىسا، چوقۇم بېرىمەن؛ ئەگەر مەندىن پاناھلىق تىلىسە، چوقۇم پاناھلىق بېرىمەن› دېدى» [سەھىھ بۇخارىي، 6502 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالا يولغا قويغان شەرئىي ئەمەللەر ئارىسىدا ئۆزئارا دەرىجە پەرقى بارلىقىنى ئىنتايىن ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەن ھەدىسلەردىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن تۈردىكى ئىبادەتلەرنى يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنداق ئىبادەتلەر باركى، ئۇلار كىشىنى ئاللاھقا باشقا ئىبادەتلەر يەتكۈزەلمەيدىغان يۇقىرى دەرىجىدە يەتكۈزىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** مۆئمىن كىشى پەرزلەرنى ئادا قىلغاندا، پەقەت «گۇناھتىن خالاس بولۇش (مەجبۇرىيەتتىن قۇتۇلۇش)» نىيىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشتىكى ئەڭ ئەۋزەل يول دەپ قارىشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا پەرزلەرنى ئادا قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك، باشقا بىرەر ئىش بىلەن يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقىقەت مۆئمىندىن پەرزلەرنى قولىدىن كېلىشىچە ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەرزلەرنى ئادا قىلىش مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

1. مەجبۇرىيەتتىن قۇتۇلۇش ۋە جازادىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا ئادا قىلىش.

2. مەجبۇرىيەتتىن قۇتۇلۇش بىلەن بىرگە، ئۇنى ئۇلۇغ ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستىسى دەپ بىلىپ ئادا قىلىش.

## ئالتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھالاك قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھتىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلەر:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇلار قايسىلار؟ — دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جەڭ مەيدانىدىن قېچىش ۋە پاك، مۆئمىن ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش» دېدى [سەھىھ بۇخارىي، 2766 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىس شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ يەتتە تۈرلۈك ھالاك قىلغۇچى گۇناھ ئەڭ ئاۋۋال ھەم ئەڭ قاتتىق ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. مۆئمىن كىشى بۇ يەتتە گۇناھتىن باشقا بارلىق مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن چەكلەنگەن بولسىمۇ، شەرئىي دەلىلنىڭ بۇلارنى ئالاھىدە تەكىتلىشى بۇلارنىڭ ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**يەتتىنچى ھەدىس:**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىراۋنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت ئوقۇشى ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىندۇر» دېگەندە، ساھابىلەر:

ــ ئادەم ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا قانداقمۇ لەنەت ئوقۇسۇن؟! ــ دەپ سورىغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ بىراۋنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللايدۇ (دېمەك، ئۆزى سەۋەبچى بولىدۇ)» دېدى [سەھىھ بۇخارىي، 5973 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە ئېغىر ھارام قىلىنغان ئىشلارنىڭمۇ ھاراملىق دەرىجىسىدە پەرق بارلىقى ئىسپاتلانغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھازىرقى رېئاللىقتىكى دەۋەت خىتابلىرىدا كۆرۈلۈۋاتقان بەزى خاتالىقلار شۇكى، شەرىئەتتە ئۇنچىۋالا چوڭ كۆرسىتىلمىگەن بەزى چەكلەنگەن ئىشلارنى ھەددىدىن زىيادە چوڭايتىپ كۆرسىتىپ، چوڭ دەپ بېكىتىلگەن (يۇقىرىقىدەك) ئېغىر گۇناھلارغا سەل قاراش ياكى ئۇلارنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت.

**سەككىزىنچى ھەدىس:**

رەسۇلۇللاھ مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتىش ئالدىدا مۇنداق دېگەن: «سەن ئەھلى كىتاب بىر قەۋمنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىسەن. ئۇلارنى ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ئىتائەت قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن بايلىرىدىن ئېلىنىپ، كەمبەغەللىرىگە بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن» [سەھىھ بۇخارىي، 1496 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** مۇئمىن كىشى ھەدىستىكى بۇ مەزمۇنلارنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلىنىدۇ:

1. دىننى ئۆلۈغلاش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلغاندا، گۇناھ ۋە ساۋابلارنىڭ ئۆزئارا دەرىجە پەرقىگە ئاساسەن مۇئامىلە قىلىش.

2. ئىسلاھات ۋە دەۋەت خىتابىنى دىنىي تەرتىپ ۋە دەرىجىلەرگە ئاساسەن بەلگىلەش.

**ئىككىنچى نۇقتا:** رىئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئاچقۇچلارنىڭ بىرى: تەربىيەچى ۋە ئىسلاھاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەربىيە ۋە دەۋەت خىتابلىرىنى دىنىي ھەقىقەتلەرنىڭ ئەھمىيەت ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى زۆرۈرىيەت جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن قۇرۇپ چىقىشىدۇر (گەرچە دىنىنىڭ ھەممە قىسمى مۇھىم بولسىمۇ...). شۇڭا، شەرىئەتتە ئەڭ ئۇلۇغلانغان ئىشلارغا ھەممىدىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار مۇشۇنداق چۈشەنچە بىلەن تەربىيەلەنسە ۋە ئۆز بىلىملىرىنى مۇشۇ ئاساستا قۇرۇپ چىقسا، رېئاللىقتىكى نۇرغۇن ئىسلاھات مەيدانلىرىغا كىرىشى تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ. ئەڭ مۇھىمنى بەلگىلەش ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى مۇھىم ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، دەۋەت خىتابىنىڭ ئالدىدا توسالغۇ بولۇۋاتقان نۇرغۇن خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزەتكىلى بولىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ دەۋردىكى دەۋەت خىتابىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتلىرى: ئاللاھنى ئۇلۇغلاش، ئاللاھنى تونۇش، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئاخىرەتكە باغلاش ۋە بۇيرۇق - چەكلىمىلەرنى سەممىيەت بىلەن قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن قەلبلەردىكى توساقلارنى ئېچىشتۇر.

**توققۇزىنچى ھەدىس:**

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن بىر سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم. بىر كۈنى ئەتىگەندە بىرگە يۈرۈۋاتقىنىمىزدا ئۇ زاتقا يېقىنلاپ:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان، دوزاختىن يىراقلاشتۇرىدىغان بىرەر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، — دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سەن بەك چوڭ بىر ئىشنى سورىدىڭ، ئەمما ئۇ ئاللاھ ئاسان قىلىپ بەرگەن كىشى ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئاساندۇر: ئاللاھقا ئىبادەت قىلىسەن، ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەيسەن، ناماز ئوقۇيسەن، زاكات بېرىسەن، رامىزان روزىسىنى تۇتىسەن ۋە ھەج قىلىسەن».

ئاندىن يەنە مۇنداق دېدى: «سېنى ياخشىلىقنىڭ يوللىرىغا باشلاپ قويايمۇ؟ روزا بىر قالقاندۇر؛ سەدىقە خۇددى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ؛ يەنە بىرى كىشىنىڭ كېچىدە ئوقۇغان نامىزىدۇر».

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى: ﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىلەردىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، ئاز ئۇخلايدۇ)،

ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ)...﴾ دېگەن.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

— «سېنى پۈتۈن ئىشلارنىڭ بېشى، تۈۋرۈكى ۋە ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن خەۋەردار قىلايمۇ؟» — دەپ سورىدى. مەن:

— بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «پۈتۈن ئىشلارنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، ئەڭ يۇقىرى پەللىسى جىھادتۇر» — دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «سېنى مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈگۈنىدىن (يەنى ھەممىسىنى جەم قىلغۇچىدىن) خەۋەردار قىلايمۇ؟» — دېدى. مەن:

— بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زات تىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— «بۇنى تىزگىنلىگىن!» — دېدى. مەن:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سۆزلىرىمىز سەۋەبلىكمۇ جازاغا تارتىلامدۇق؟! — دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئى مۇئاز! ئاناڭ ساڭا يىغلاپ قالسۇن (بۇ ئاچچىقلانغانلىقنى بىلدۈرىدىغان، ھەقىقىي مەنىسى نىيەت قىلىنمايدىغان سۆزدۇر)، كىشىلەرنى دوزاختا يۈزلىرىچە دۈم تاشلايدىغان نەرسە پەقەت ئۇلارنىڭ تىلىدىن چىققان يامان سۆزلىرى ئەمەسمۇ؟!» دەپ جاۋاب بەردى [تىرمىزىي، 2616 ـ ھەدىس].

**ئونىنچى ھەدىس:**

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىر كۈنى بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، شۇ ئەسنادا يىراقتىن كىيىملىرى ئاپئاق، چاچلىرى قاپقارا بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭدا نە مۇساپىرلىقنىڭ ئالامەتلىرى بار، نە ئارىمىزدىن ئۇنى تونۇيدىغان بىرى بار. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، تىزلىرىنى ئۇ زاتنىڭ تىزلىرىغا تىرەپ،

ئىككى ئالقىنىنى يوتىسىغا قويۇپ:

— ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلام ھەققىدە خەۋەر بەرگىن! — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق جاۋاب بەردى:

— «ئىسلام دېگەن ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، نامازنى تولۇق ئادا قىلىشىڭ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشۇڭ ۋە تاقىتىڭ يەتسە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشىڭدىن ئىبارەتتۇر».

ئۇ كىشى:

— توغرا دېدىڭ، — دېدى. بىز ئۇنىڭ ھەم سوراپ، ھەم تەستىقلىغىنىغا ھەيران قالدۇق. ئاندىن:

— ماڭا ئىمان ھەققىدە خەۋەر بەرگىن، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئىمان دېگەن ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە قەدەرنىڭ ياخشى - يامىنىغا ئىشىنىشىڭدىن ئىبارەتتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ بۇنىڭغا قارىتامۇ:

— توغرا دېدىڭ، — دېدى - دە، يەنە:

— ماڭا ئېھسان ھەققىدە خەۋەر بەرگىن، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئېھسان دېگەن ئاللاھقا خۇددى ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر؛ چۈنكى، سەن ئۇنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئۇ سېنى شەكسىز كۆرۈپ تۇرىدۇ» — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى يەنە:

— ماڭا قىيامەت (نىڭ قاچان بولىدىغانلىقى) ھەققىدە خەۋەر بەرگىن، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «بۇ ھەقتە سورالغۇچى سورىغۇچىدىن ئارتۇق بىلگۈچى ئەمەس» — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:

— ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بەرگىن، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «دېدەكنىڭ ئۆز خوجايىنىنى تۇغۇشى، يالاڭئاياق، يالىڭاچ، كەمبەغەل پادىچىلارنىڭ ئېگىز بىنالارنى سېلىشتا ئۆزئارا بەسلىشىشى (قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر)» — دەپ جاۋاب بەردى.

ئاندىن ئۇ كىشى كەتتى. مەن بىر ھازا (سۈكۈت ئىچىدە) تۇرۇپ قالدىم. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن:

ــ «ئى ئۆمەر! سوئال سورىغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» ــ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، ــ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ «ئۇ جىبرىئىل، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگەتكىلى كەلگەن» ــ دېدى [سەھىھ مۇسلىم، 8 ـ ھەدىس].

# ئالتىنچى باب

## مۇئمىننىڭ ھاياتىدا نەپسىنى پاكلاش (تەزكىيە) نىڭ مۇھىملىقى، قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئەھمىيتى ۋە نىجاتلىقنىڭ مۇشۇ ئىككىسىگە باغلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**پايدىلىق نۇقتا:**

**نەپسنى پاكلاشنىڭ ئىككى يولى بار:**

**بىرىنچى: تەخلىيە (تازىلاش):** قەلبنى مەنىۋى كېسەللىك ۋە ئىللەتلەردىن تازىلاش.

**ئىككىنچى: تەھلىيە (زىننەتلەش):** قەلبنى ياخشى سۈپەت ۋە ئەمەللەر بىلەن بېزەش.

# ئايەتلەر

## بىرىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ﴾ [سۈرە شەمس، 9 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

ئاللاھ تائالا نەپسىنى پاك قىلغان ئادەمنىڭ چوقۇم مۇرادىغا يېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن 11 تۈرلۈك مۇھىم نەرسە بىلەن قەسەم قىلدى. بۇ ئەھۋال نەپسىنى پاكلاشنىڭ ئىسلامدا تولىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىككىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى مۇئمىن بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ (دەرىجىلەر) دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئەنە شۇ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان ئادەمگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر﴾ [سۈرە تاھا، 75 ــ 76 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئايەت نەپسىنى پاكلاشنىڭ مۇھىملىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئەمەللەردىن ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. دەرۋەقە، بۇ ئايەتتە جەننەتكە كىرىش نەپسىنى پاكلاشنىڭ مۇكاپاتى دەپ كۆرسىتىلگەن.

### ئۈچىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچكىم ئەبەدىي پاك بولالمايتتى. لېكىن، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ﴾ [سۈرە نۇر، 21 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتا:

ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتىنى تىلەش نەپسىنى پاكلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاسىتىلىرىدىن بىرى، بەلكى ئەڭ ئالدىنقىسى. نەپسىنى ماھىيەتتە ئاللاھ تائالا پاكلايدۇ.

### تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئايەتلەر:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ئۇممىيلەرگە (يەنى يېزىش ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۆزلىرى ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ...﴾ [سۈرە جۇمۇئە، 2 ـ ئايەت].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (شېرىك ۋە گۇناھتىن) پاكلايدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنىي ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾ [سۈرە بەقەرە، 151 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئىككى ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشىدىكى ئەڭ بۈيۈك ۋەزىپىلەردىن بىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ نەپسىنى پاكلاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

زەيىد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! مەن ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، قېرىلىقتىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! نەپسىمگە تەقۋادارلىق ئاتا قىلغىن، ئۇنى پاكلىغىن، سەن نەپسىنى پاكلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن، سەن نەپسىمنىڭ ئىگىسى ۋە خوجايىنىدۇرسەن» [سەھىھ مۇسلىم، 2722 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** نەپسنى پاكلايدىغان، ئۇنى تۈزەيدىغان، يۈكسەلدۈرىدىغان ۋە گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلەيدىغان زاتنىڭ پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

**ئىككىنچى نۇقتا:** نەپسنىڭ پاكلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلىش ئەڭ مۇھىم ۋاسىتىلەردىن بىرىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە نەپسنى پاكلاشنىڭ (تەزكىيەنىڭ) ئىنتايىن مۇھىملىقىغا دالالەت بار؛ بۇ نۇقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپسنىڭ پاكلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا بولغان كۈچلۈك قىزغىنلىقىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**تۆتىنچى نۇقتا:** ئىبادەتگۈي، تىرىشچان، پىداكار ۋە تەسىر كۈچىگە ئىگە سالىھ كىشىنىڭمۇ ئىزچىل نەپسنىڭ پاك بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ تۇرۇشى زۆرۈردۇر. بۇ جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۈلگىدۇر.

**بەشىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاسىدا ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن ۋە بېخىللىقتىن پاناھ تىلىگەن. بۇلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، بۇ سۈپەتلەرنىڭ نەپسنىڭ پاكلىقىغا توسالغۇ بولىدىغان ئىللەتلەردىن بىر قىسمى

ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. شۇڭا، ئىنسان نەپسىنى مۇكەممەل پاكلىشى ئۈچۈن، مەزكۇر ناچار ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇشقا موھتاج.

### ئىككىنچى ھەدىس:

جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىدە بولغان چاغلىرىمىزدا بالاغەت يېشىغا يېقىنلاشقان ياشلار ئىدۇق. بىز قۇرئان ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئىماننى ئۆگىنەتتۇق، ئاندىن قۇرئاننى ئۆگىنەتتۇق، قۇرئان بىلەن ئىمانىمىز تېخىمۇ زىيادە بولاتتى» [ئىبنى ماجە، 61 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** نەپسىنى پاكلاش (تەزكىيە) ھەققىدىكى بۇ ھەدىس ئىنتايىن مۇھىم، كاتتا بىر ھەدىستۇر. چۈنكى، بۇ ھەدىس نەپسىنى پاكلاشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدرىسەسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى قىلغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدرىسەسىدە قۇرئان ئۆگىنىش مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ: «مەن بۇ قۇرئاننى پەقەت ئىمانىمنى كۈچەيتىش ۋە ئۇ ئارقىلىق ھىدايەت تېپىش ئۈچۈن ئۆگىنىمەن» دېگەن تۇيغۇدۇر.

### ئۈچىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆكرىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم: «تەقۋادارلىق مانا بۇ يەردە!» دېگەن، [سەھىھ مۇسلىم، 2564 ـ ھەدىس].

### تۆتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىڭلارغا ۋە مال ـ مۈلكۈڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 2956 ـ ھەدىس].

**بەشىنچى ھەدىس:**

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ: «بىلىڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئەگەر ئۇ تۈزەلسە، پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ؛ ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ قەلبدۇر» [سەھىھ مۇسلىم، 1599 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىسلەردە قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا دالالەت بار. مۇئمىنلەردىن مۇشۇ ئالتە بويىچە تەربىيەلەنگەنلەر پەيغەمبەرلىك مېتودىغا ئۇيغۇن تەربىيەلەنگەن بولىدۇ. قەلب ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بەرمەي، پەقەت تاشقى ئەمەللەرگىلا ئەھمىيەت بېرىپ تەربىيەلەنگەنلەر ھەرقانچە ياخشىلىق ئۈستىدە تەربىيەلەنگەن بولسىمۇ، مۇكەممەل ياخشىلىق ئۈستىدە تەربىيەلەنگەن بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1. قەلب ئەمەللىرى ۋە باشقا ئەمەللەردىن ھەر ئىككىلىسى ئۈستىدە تەربىيەلەش؛

2. تەربىيەدە قەلب ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بەرمەي، پەقەت تاشقى ئەمەللەرگە ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىملىرىغىلا ئەھمىيەت بېرىش؛

3. تەربىيەدە تاشقى ئەمەللەرنىڭ مۇستەھەبلىرىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ۋاجىپلىرىغا ۋە قەلب ئەمەللىرىگە سەل قاراش؛

4. تاشقى ئەمەللەرگە سەل قاراپ، پەقەت ئىچكى ئەمەللەرگىلا ئەھمىيەت بېرىش.

بۇلارنىڭ ئىچىدە توغرىسى: قەلب ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بېرىش، مۇئمىنلەرنىڭ نەپسىدە قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەمدە قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئاساس ئىكەنلىكىنى، قەلبنىڭ بولسا مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ نەزىرى چۈشىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى سىڭدۈرۈپ تەربىيەلەشتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** «قەلبكە ئاللاھنىڭ نەزىرى چۈشىدۇ» دېيىشتىن مەقسەت: «ئاللاھ تائالا قەلبتىكى ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىخلاسقا، ئۇنىڭغا بولغان سەممىي مۇھەببەتكە، ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇشقا قارايدۇ» دېگەنلىكتۇر. ئىنساننىڭ نەپسىدە ئەڭ تۈپ ئاساس سۈپىتىدە يېتىلدۈرۈلۈشى كېرەك بولغان نەرسە دەل مۇشۇدۇر. ئەگەر بۇ تەربىيە تولۇق ئەمەلگە ئاشسا، ئۇنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى: تاشقى ئەمەللەردە دەرھال ياخشىلىنىش ۋە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

### ئالتىنچى ھەدىس:

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان بولغان ۋاقتىمىز بىلەن ئاللاھنىڭ بىزنى: ﴿مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟﴾[1] دەپ ئەيىبلىشى ئارىسىدا پەقەت تۆت يىل ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى» [سەھىھ مۇسلىم، 3027 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتا:

ۋەھيىدىن يىراقلىشىش قەلبنى قاتۇرۇپ قويىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن قەلبى قېتىپ كەتكەن. قەلبنى يۇمشىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى دائىم ۋەھيي بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشتۇر.

### يەتتىنچى ھەدىس:

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «قۇرئاندىن ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغىنى جەننەت ۋە دوزاخ تىلغا ئېلىنغان مۇفەسسەل سۈرىلەر (قىسقا سۈرىلەر) ئىدى. كىشىلەر ئىسلامغا كىرىپ ئىمانىدا مۇستەھكەملەشكەندىن كېيىن، ھالال ۋە ھارام (ئەھكاملىرى) نازىل بولدى. ئەگەر دەسلەپتىلا: ‹ھاراق ئىچمەڭلار› دەپ نازىل بولسا ئىدى، ئۇلار: بىز ھاراقنى ھەرگىز تاشلىيالمايمىز› دېگەن بولاتتى. ئەگەر: ‹زىنا قىلماڭلار› دەپ نازىل بولسا ئىدى، ئۇلار: ‹بىز زىنادىن ھەرگىز ۋاز كېچەلمەيمىز› دېگەن بولاتتى. مەن مەككىدە تېخى ئويناپ يۈرگەن كىچىك قىزچاق چېغىمدا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ﴿بەلكى ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت قىيامەتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ دەھشەتلىكتۇر ۋە تېخىمۇ ئاچچىقتۇر﴾[2] دېگەن ئايەت نازىل بولغان ئىدى. سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە نىسا نازىل بولغاندا مەن ئۇنىڭ يېنىدا (نىكاھىدا) ئىدىم» [سەھىھ بۇخارىي، 4993 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە قەلبنىڭ تۈزىلىشى ۋە ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرۇشنىڭ نەپسنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە بويسۇنۇشقا تەييارلاشتا قانچىلىك زور تەسىرى بارلىقىغا دالالەت بار.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئەگەر بىر دەۋەتچى كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرگە بويسۇنۇشىنى خالىسا، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى، ئىشەنچىسىنى، جەزمىيىتىنى ئاشۇرۇشقا ھەمدە ئاخىرەتنى ھەر ۋاقىت يادىدىن چىقارماسلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى بۇلار (شەرئى) بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردۇر.

---

1 سۈرە ھەدىد، 16 ـ ئايەت.
2 سۈرە قەمەر، 46 ـ ئايەت.

# يەتتىنچى باب

## مەنپەئەتلىك ئىلىمنىڭ شەرەپ ۋە پەزىلىتى ھەمدە ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغانلارنىڭ ئەيىبلىنىشى توغرىسىدا

بۇ بابتا ئۈچ مەسىلىگە ئىشارەت قىلىنغان:

1. ئىلىمنىڭ شەرىپى ۋە پەزىلىتى

2. مەنپەئەتلىك ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىش

3. ئىلىم ئۆگىنىشتىكى مەقسەت ئەمەل قىلىش (بىلگىنىگە ئەمەل قىلمىغانلار ئەيىبلىنىشكە لايىقتۇر).

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ﴿ئى پەرۋەردىگارىم، ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!﴾ [تاھا سۈرىسى، 114 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە ئىلىمنىڭ شەرىپى ۋە پەزىلىتىگە ئىشارەت قىلىنغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىلمىگە زىيادىلىك تىلەشكە بۇيرۇغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئايەتتىكى ئىلىمدىن مەقسەت «ۋەھيى»دۇر. ئايەتنىڭ سۆزمۇ سۆز قۇرۇلمىسى (سۆزنىڭ ئورامى) مۇ بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا قۇرئاننىڭ ۋەھيىسى تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن، (يەنى جىبرىئىل ساڭا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، بىللە ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئۇ تىلاۋەتتىن فارىغ بولغۇچە تىڭشاپ تۇرغىن) ۋە: ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن، دېگىن﴾ [تاھا سۈرىسى، 114 ـ ئايەت].

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئىلىمگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى دۇئادۇر.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا، ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟). ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ﴾ [زۇمەر سۈرىسى، 9 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بــۇ ئايــەت ئالالھنىڭ ســالىھ بەندىلىرىدىــن بىر تۈركۈم كىشــىلەرنى تىلغــا ئالغــان بولــۇپ، ئــۇلار ئۆزلىرىگــە نېمىنىــڭ پايدىلىــق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شــۇڭا كېچىلىرىنــى ئالالھنىــڭ ھۇزۇرىــدا قىيامــدا تــۇرۇپ ئۆتكۈزىدۇ.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** ئايەتتە تىلغا ئېلىنغــان ئىلىمنىڭ مەركىــزى ۋە جەۋھىرى ئاخىرەتكە مۇناســىۋەتلىك ئىلىم ۋە ئالالھ تائالانــى تونۇش ئىلمىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە ئىلىملىك كىشــىدە نامايان بولۇشــقا تېگىشــلىك ئالامەتلەرگە ئىشــارەت قىلىنغان، يەنى ئىلىم ئىنســاندا ئالالھتىن قورقۇش ۋە ئاخىرەتتىن ھەزەر ئەيلەش ئېڭى يېتىلدۈرۈشــى ھەمدە بۇنىڭ ئەمەلىي تەســىرى بولۇشــى كېرەك. تەھەججۇد نامازلىرى ئەنە شــۇ ئەمەلىي تەسىرلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## ئۈچىنچى ئايەت:

ئالــلاھ تائالا مۇنداق دەيــدۇ: ﴿ئالالھنىڭ بەندىلىرى ئىچىــدە ئالالھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾ [فاتىر سۈرىســى، 28 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بــۇ ئايەتتە ئىلىمنىــڭ ئالالھتىن قورقۇشــقا تۈرتكــە بولىدىغان ئامىل ئىكەنلىكىگــە دالالــەت بــار. بۇ بولســا ئىلىم بېرىلگــەن مۇئمىنلەر يېتەلەيدىغــان ئەڭ بۈيۈك ھــەم ئــەڭ شــەرەپلىك مەرتىۋىلەردىندۇر. بۇنىــڭ مۇنداق ئىككى ســەۋەبى بار:

1. ئالالھ تائالا مۇشۇ قورقۇش سۈپىتىگە ئىگە كىشىلەرنى «ئالىملار» دەپ ئاتىغان.

2. ئالــلاھ تائــالا ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئىبرەت ئېلىشــنى مۇشــۇ ســۈپەتكە ئىگە كىشــىلەرگە خــاس قىلغــان. بۇنىــڭ دەلىللــىرى: ئالــلاھ تائالانىــڭ مۇنــۇ ئايەتلىرىــدۇر: ﴿(ئالالھتىن) قورقىدىغــان ئــادەم پەنــد ـ نەســىھەت ئالىــدۇ﴾ [ئەئلا سۈرىســى، 10 ـ ئايەت]؛ ﴿ســەن پەقــەت (قىيامەتتىــن) قورقىدىغانلارنىــلا ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇرســەن﴾ [نازىئــات سۈرىســى، 45 ـ ئايــەت]؛ ﴿ســەن پەقــەت پەرۋەردىگارىدىــن كۆرمــەي تــۇرۇپ قورقىدىغانلارنىــلا ئاگاھلاندۇرالايســەن﴾ [فاتىــر سۈرىســى، 18 ـ ئايــەت] دېگــەن ئايەتلىرىــدۇر.

**ئىككىنچــى نۇقتا:** بىر بەنــدە ئالالھتىن قورقۇش مەرتىۋىســىگە يەتمەكچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ يولى ئىلىــم ـ مەرىپەتتۇر.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 71 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس «ئىلىمنىڭ شەرىپى ۋە پەزىلىتى» دائىرىسىگە كىرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بەزى ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ زىت مەنىسىنىڭمۇ مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ: «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلمىسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلمايدۇ» دېگەنلىكتۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ يەردىكى «فىقھ»تىن مەقسەت: دىنىنى مۇكەممەل چۈشىنىشتۇر.

**تۆتىنچى نۇقتا:** «دىن» سۆزى دىنىنىڭ ئېتىقادىي ئاساسلىرىنى، شەرئىي تارماقلىرىنى ۋە پۈتۈن ھەقىقەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشھۇر ھەدىسىدە «دىن» سۆزىنىڭ دالالىتى تولۇق نامايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام، ئىمان، ئېھسان ۋە قىيامەت ھەققىدە سوراپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ جىبرىئىلدۇر، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگەتكىلى كەلگەن» دېگەن.

**بەشىنچى نۇقتا:** دىندا ئالىم بولۇشنىڭ دەرىجىلىرى:

**1. ئىلىمنى يادلاش ۋە يەتكۈزۈش دەرىجىسى:** بۇ شەرەپلىك بىر دەرىجە بولسىمۇ، فىقھ دەرىجىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن باسقۇچتۇر.

**2. نەزەرىيەۋى فىقھ دەرىجىسى:** بۇ ئىلىمنىڭ دەرىجىلىرىنى ۋە مۇھكەم (ئېنىق) ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىش، مۈشكۈل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەمدە ئىلىمدىن

ھەقىقەتلەرنــى ســۈزۈپ چىقــش ئىقتىدارىغــا ئىگــە بولۇشــنى كۆرســتىدۇ.

**3. ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشــكەن فىقھ دەرىجىســى:** بۇ نەزەرىيەۋى چۈشــەنچە بىلەن بىرگــە، بارلىــق ئەمەللەرنــى شــۇ فىقھي چۈشــەنچە ئاساســىدا بەجــا كەلتۈرۈشــتۇر، يەنى ئىنســانىنىڭ ئەمەلىيىتىمــۇ بىــر فىقــھ بولــۇپ، ئۇ ئــەڭ مۇھىمنى تالــلاش، مۇۋاپىــق ئەمەلنى قىلىــش، ئورۇنــداش ئۇســۇلى ۋە ئاللاھقــا دەۋەت قىلىش يوللىرىدا ئۆز ئىپادىســىنى تاپىدۇ.

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبــۇ ھۇرەيــرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن رىۋايــەت قىلىنىدۇكى، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مۇنــداق دېگەن: «ئىنســان ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئەمەلــى توختايدۇ، پەقەت ئۈچ نەرســە بۇنىڭدىن مۇستەســنا: ســەدىقە جارىيە (ســاۋابى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان خەيرلىك ئەمــەل)، مەنپەئەتلىــك ئىلىــم ۋە ئارقىســىدىن دۇئا قىلىدىغان ســالىھ پەرزەنت» [ســەھىھ مۇســلىم، 1631 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** كىشــى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ســاۋابى يېتىــپ تۇرىدىغــان ئەمەللەرنى قىلىشــقا تىرىشىشــى، بولۇپمۇ ئىلىم تارقىتىش ۋە تالىپ تەربىيەلەشــكە ئەھمىيەت بېرىشــى كېرەك.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** بۇ ھەدىســتە ئىلىــم بىلەن كىشــىلەرگە پايدا يەتكۈزۈشــكە تەرغىب قىلىنغــان. پايدا يەتكۈزۈش ئىلىمنى باشــقىلارغا يەتكۈزۈش ۋە تالىــپ تەربىيەلەش ئارقىلىق بولىدۇ.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

زەيــد ئىبنى ئەرقــەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىــن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! ســاڭا ســىغىنىپ پايدىسىز ئىلىمدىن، قورقمايدىغــان (خۇشــۇ قىلمايدىغــان) قەلبتىــن، تويمايدىغــان نەپســتىن ۋە ئىجابــەت قىلىنمايدىغــان دۇئادىــن پانــاھ تىلەيمەن» [ســەھىھ مۇســلىم، 2722 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بــۇ ھەدىــس ئىلىملەرنىڭ ئىچىــدە پايدىســىز ئىلىمنىڭمــۇ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىنسانغا مۇھىم بولغىنى ئۇدۇل كەلگەن ئىلىمنى ئۆگىنىش ئەمەس، بەلكى پايدىلىق ئىلىمنى ئۆگىنىشتۇر.

**ئۈچىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئەڭ دەسلەپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كىشىلەردىن بىرى شېھىت بولغان كىشىدۇر. ئۇ (ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا) كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تونۇتىدۇ، ئۇمۇ تونۇيدۇ. ئاللاھ تائالا:

ــ بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ــ دەپ سورايدۇ. ئۇ:

ــ سېنىڭ يولۇڭدا شېھىت بولغۇچە جەڭ قىلدىم، ــ دەيدۇ. ئاللاھ تائالا:

ــ يالغان ئېيتتىڭ، سەن پەقەت كىشىلەر سېنى باتۇر دېسۇن دەپ جەڭ قىلدىڭ، دەرھەقىقەت شۇنداق دېيىلىپ بولدى، ــ دەيدۇ. ئاندىن بۇيرۇق بېرىلىدۇ ـ دە، ئۇ يۈزىچە سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئاندىن ئىلىم ئۆگەنگەن، باشقىلارغا ئۆگەتكەن ۋە قۇرئان ئوقۇغان باشقا بىر كىشى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇمۇ تونۇيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا:

ــ بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ــ دەپ سورايدۇ. ئۇ:

ــ ئىلىم ئۆگەندىم، باشقىلارغا ئۆگەتتىم ۋە سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم، ــ دەيدۇ. ئاللاھ تائالا:

ــ يالغان ئېيتتىڭ، سەن پەقەت ئالىم دېيىلىش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەندىڭ، قارىي دېيىلىش ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇڭ، دەرھەقىقەت شۇنداق دېيىلىپ بولدى، ــ دەيدۇ. ئاندىن بۇيرۇق بېرىلىدۇ ـ دە، ئۇمۇ يۈزىچە سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا رىزقىنى كەڭ قىلغان، ھەر تۈرلۈك مال ـ دۇنيا بەرگەن باشقا بىر كىشى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇمۇ تونۇيدۇ. ئاللاھ تائالا:

ــ بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ــ دەپ سورايدۇ. ئۇ:

ــ سەن ياخشى كۆرىدىغان بىرەر يولنىمۇ چالا قويماي، ھەممىسىگە سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن مال سەرپ قىلدىم، ــ دەيدۇ. ئاللاھ تائالا:

ـــ يالغــان ئېيتتىــڭ، ســەن پەقــەت ســېخىي دېيىلىش ئۈچــۈن مال ســەرپ قىلدىڭ، دەرھەقىقــەت شــۇنداق دېيىلىپ بولــدى، ـــ دەيدۇ. ئاندىن بۇيــرۇق بېرىلىدۇ ـ دە، ئۇمۇ يۈزىچە سـۆرىلىپ دوزاخقا تاشــلىنىدۇ» [ســەھىھ مۇســلىم، 1905 ـ ھەدىس].

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بۇ ھەدىســتە مۇئمىن كىشــى كۆڭۈل بۆلۈشــكە تېگىشــلىك، ئىنتايىن مۇھىم بىر ســوئال ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇ بولســىمۇ: «بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرانىســى ئۈچۈن نېمــە ئىش قىلدىڭ؟» دېگەن ســوئالدۇر.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** ئەمەلنىــڭ روھــى ئىخلاســتۇر. نــاۋادا بــۇ روھ بولمىســا، قىلىنغان ئەمــەل مەقبــۇل بولمايدۇ. بىز بــۇ ئارقىلىق ئىلگىرىكى ســالىھلارنىڭ: «ئىخــلاس ئەمەلنىڭ جېنىــدۇر» دېگەن ســۆزىنىڭ تېگىگــە يېتەلەيمىز.

**ئۈچىنچــى نۇقتا:** نەپســتە شــۇنداق خۇسۇســىيەت، ئارزۇ ۋە شــەھۋەتلەر باركــى، ناۋادا بــۇلار كۈچىيىپ كەتســە، نەپس ســەركەش ئاتقا ئوخشــاپ قالىــدۇ. ئەگەر ئىنســان ئاللاھقا ئىخلاســمەن بولــۇپ، نەپســىنىڭ تۈرلــۈك ھەۋەســلىرىنى تىزگىنلــەپ ئادەتلەنســە، ئۇنــى باشــقۇرۇش ۋە يېتەكلەشــنىڭ ئۈنچــۋالا قىيىن ئىــش ئەمەســلىكىنى بايقايدۇ.

**تۆتىنچــى نۇقتا:** ئەگەر ئىنســان نەپســى بىلەن كــۈرەش قىلىپ، ئىزچىل چېنىقتۇرســا، شــۇنداق بىــر باســقۇچقا يېتىدۇكــى، ئاللاھقــا ئىخــلاس قىلىــش ئــەڭ ســۆيۈملۈك ئەمەلگە ئايلىنىــدۇ؛ ئەگــەر قىلغان ئەمىلى ئاللاھ ئۈچۈن بولمىســا، ئۇ ھېچقانــداق ھوزۇر، راھەت ۋە خاتىرجەملىــك تاپالمايدىغــان بولۇپ قالىدۇ.

**بەشــىنچى نۇقتا:** ئاخىرەتتە ئىنســاننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئاشــۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامــل: ئەمەلنــى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا خالىس قىلىشــتۇر.

# سەككىزىنچى باب

## ئەمەلنىڭ ئەھمىيىتى، ئىلىمدىن تۇغرا ئەمەل كۆزلىنىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ئەمەلىيەت ئۈستىدە تەربىيەلىگەنلىكى ۋە ئۇلارنى بىھۇدە سوئاللارنى سوراشتىن توسقانلىقى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى سالىھ ئەمەل ئۈستىدە تەربىيەلىگەن. بۇ بابتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ بابتا تىلغا ئېلىنغان ۋە بابنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئايەت ـ ھەدىسلەرگە ئاساسەن شۇنى دېيىشكە بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئەمەل بىلەن ئۆتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنىڭ ئۆزىلا ئىنسانىنى ئەمەلىيەتچانلىققا ئۈندەيدۇ، چۈنكى ئۇ زاتنىڭ ھاياتى باشتىن ـ ئاخىر ئەمەلىيەتچانلىققا تولغان ئىدى. دىن پەقەت نەزەرىيەۋى دەرسلەردىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلىش ۋە شۇ ئەمەل ئۈچۈن جانپىدالىق كۆرسىتىشتۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ، ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەكرارلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىكەن، ئۇ كىشىگە رەسۇلۇللاھقا بىۋاستە ھەمسۆھبەت بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان ساھابىلەرگە يەتكەن نۇردىن بىر نۇر بېرىلگەن بولىدۇ.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلىنسا، سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار﴾ [مائىدە سۈرىسى، 101 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ئايەت ئىنساننىڭ سوئال سوراشقا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىپ، سوئالنىڭ تەبىئىتىگە (يەنى سوراشقا مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىگە) دىققەت قىلمايلا سوئال ئۈستىگە سوئال سوراشنىڭ ياقتۇرۇلىدىغان ئىش ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. بۇ ئايەت ئەسلىدە ھارام قىلىنمىغان، لېكىن بەزىلەر ئۇنى كۆچەپ سوراپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك ۋەھىي چۈشۈپ ھارام قىلىنغان ئىشلار ھەققىدە نازىل بولغان.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، (ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئېپتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن. قۇرئان پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ راستلىقىنى چوقۇم بىلىسىلەر﴾ [ساد سۈرىسى، 86 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئىككى كاتتا مۇھەددىس (ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم) مەسرۇق ئىبنى ئەجدەئتىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىرەر نەرسىنى بىلگەن سۆزلىسۇن، بىلمىگەن (ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) دېسۇن. چۈنكى، بىلمەيدىغان نەرسىنى (بىلمەيمەن) دېيىشنىڭ ئۆزى بىر ئىلىمدۇر.

ئالــلاھ تائــالا پەيغەمبىرىگــە: ﴿(ئــى مۇھەممــەد!) ئېيتقىنكــى، (ئالله تەرىپىدىــن كەلگەن ۋەھيىنــى) تەبلىــغ قىلغانلىقىمغا ســىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمــەن، مەن (قۇرئاننى) ئىپتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەســمەن﴾ [ســاد سۈرىسى، 86 ـ ئايەت] دېگەن.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ســۆزى بۇ بابتا كەلگــەن ئايەتنــى تەپســىرلەپ بېرىــدۇ. بۇ ئايەتتــە بىلمەيدىغان نەرســە ئۈچــۈن زورۇقۇپ بىلىدىغــان قىياپەتكــە كىرىۋالىدىغانــلار، بولۇپمــۇ بىلمەيدىغان نەرســە ئۈســتىدە دەتالاش قىلغۇچىــلار ئەيىبلەنگــەن. بــۇ، كىشــىلىك ھاياتتــا كــۆپ ئۇچرايدىغــان ئەھــۋال بولۇپ، كۆپىنچــە جېدەللــەر ئىنســان بىلمەيدىغــان ئىشــلار ئۈســتىدە بولىــدۇ. ئەگەر كىشــىلەر بۇ ئايەتكــە ئەمــەل قىلىــپ، بىلمەيدىغان ئىشــلار ھەققىدە گەپ قىلىشــقا زورۇقمىغان بولســا، نۇرغــۇن جېــدەل ـ ماجىرالارنىــڭ ئالدى ئېلىنغــان بولاتتى.

## ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئايەتلەر:

ئالــلاھ تائــالا (شــۇئەيب ئەلەيھىســسالامنىڭ تىلىدىــن) مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿مــەن پەقەت (ســىلەرنى) قولۇمدىــن كېلىشــىچە تۈزەشــنى خالايمــەن﴾ [ھــۇد سۈرىســى، 88 ـ ئايەت].

ئالــلاھ تائــالا (مۇســا ئەلەيھىســسالامنىڭ تىلىدىــن) مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿مــەن (ســېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشــەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن، دېدى﴾ [ئەئراف سۈرىســى، 143 ـ ئايەت].

ئالــلاھ تائــالا (مۇھەممەد ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەمنىڭ تىلىدىن) مۇنــداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىــڭ شــېرىكى يوقتــۇر، مــەن شــۇنىڭغا (يەنــى يالغــۇز ئاللاھقىلا خالىــس ئىبادەت قىلىشــقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇســۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن﴾ [ئەنئام سۈرىسى، 163 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتا:** ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھاياتى باشــتىن ـ ئاخىر ئەمەلىيەتچانلىق بىلــەن ئۆتكــەن. ئۇلار ئەگەشــكۈچىلىرىنى تەربىيەلەشــتىن بــۇرۇن، ئۆزلىرى ئــاۋۋال ئەمەل قىلىپ كۆرسەتكەن.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** نــاۋادا ئىســلاھاتچىلار ئەمــەل قىلىشــتا باشــلامچى بولمىســا، پەيغەمبەرلەرنىــڭ يولىغــا ۋە دەۋەت ئۇســۇلىغا خىلاپلىــق قىلغــان بولىــدۇ.

# ھەدىسلەر

## بىرىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ: «مەن سىلەرنى نېمىدىن توسقان بولسام، شۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار؛ نېمىگە بۇيرۇغان بولسام، كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىڭلار. سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى پەقەت سوئالنى كۆپ سورىغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ھالاك قىلغان» [سەھىھ مۇسلىم، 1337 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس دىنىنىڭ «ئەمەل دىنى» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دىندا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن مەقسەت ئۇلارغا بويسۇنۇش ۋە ئەمەل قىلىشتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** شەرىئەتتە مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېنىق (مۇھكەم)، دەتالاشقا ئورۇن يوق مەسىلىلەردۇر. بۇ روشەن ھەقىقەتلەرگە ئەستايىدىل ئەمەل قىلمىغان ئىنسان قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ. ئىنساننىڭ بۇ روشەن ھەقىقەتلەردىن چەتنەپ كېتىشى مۇنۇ ئىككى سەۋەبتىن بولىدۇ: بىرى، ۋەھىي چۈشمىگەن (شەرىئەتتە سۈكۈت قىلىنغان) ئىشلار ئۈستىدە كۆچەپ سوئال سوراش؛ يەنە بىرى، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر بىلەنلا مەشغۇل بولۇش. مانا بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توسقان ئىشلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بولۇپمۇ بىر ئىنساندا ھەممە ئىش ئۈستىدە جېدەل قىلىش خاھىشى كۆرۈلسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەسلىك ياكى ئۇنى ئەسلىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك، زۆرۈر ئىشلارغا يۆتكەش ئەڭ توغرا ئۇسۇلدۇر. ئۆتكەنكى ئۈممەتلەردىن ئىبرەت ئېلىش دىننى تىرەن چۈشىنىشنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ تېما قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنغان. ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر ھەققىدە بايان قىلغانلىرى بىزدىمۇ تەكرارلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇلار ھەققىدىكى بايانلار پەقەت ئۆتۈپ كەتكەن قىسسەلەرلا ئەمەس، بەلكى بەزى قىلمىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولمىغان نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرگە بېرىلىپ كېتىش ھالاكەت سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

**ئىككىنچى ھەدىس:**

مۇغىيىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كاتىپىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇغىيرەگە: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىرەر ھەدىس يېزىپ ئەۋەتكىن» دەپ خەت يازدى. مۇغىيرە ئۇنىڭغا مۇنداق يازدى: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ‹ئاللاھ تائالا سىلەر ئۈچۈن ئۈچ ئىشنى يامان كۆردى: مىش ـ مىش گەپلەر (ئىگىسىز سۆز ـ چۆچەكلەر) نى دەپ يۈرۈش، مال ـ دۇنيانى ئىسراپ قىلىش ۋە كۆپ سوئال سوراش› » [سەھىھ بۇخاريي، 1477 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** مىش ـ مىش گەپلەرنى دەپ يۈرۈش كۆپىنچە ئىنساننىڭ ئاللاھ ھارام قىلغان غەيۋەت ۋە چېقىمچىلىق قىلىشىغا ئېلىپ بارىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كۆپ سوئال سوراش» دېگەن سۆزىنى ئالىملار مۇنداق ئىككى خىل چۈشەندۈرگەن:

1. ماددىي جەھەتتىن (مال ـ دۇنيا تەلەپ قىلىپ) سوئال سوراش؛

2. شەرئەتتىكى روشەن ھەقىقەتلەرنى قويۇپ، زۆرۈر بولمىغان ئىشلارنى كۆپ سوراش بىلەن مەشغۇل بولۇش (ئالدىنقى ھەدىستە چەكلەنگەندەك).

**ئۈچىنچى ھەدىس:**

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن مەدىنىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر يىل تۇردۇم، مېنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىشىمگە پەقەت سوئال سوراش ئىستىكىلا سەۋەب بولغان ئىدى. چۈنكى، بىزدىن بىرەر كىشى ھىجرەت قىلىپ كەلسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن (كۆپ) سوئال سورىمايتتى» [سەھىھ مۇسلىم، 2553 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرنى تەربىيەلەشتە ئەمەلىيەتچانلىقنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەتتا ئەمەلىي ئىشلارنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بەزى ساھابىلەرنىڭ كاللىسىدا «ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئادەم سوئال سورىمايدۇ، بەلكى ئەمەل قىلىدۇ» دەيدىغان ئاڭ شەكىللەنگەن ئىدى. ھەدىستە ساھابىلەر ئىككى تۈرگە ئايرىلغان:

1. دائىمىي ھەمراھلار: ئۇلارغا نىسبەتەن سوئال سوراشقا زىيادە بېرىلىپ كېتىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇلار ئەمەلىيەتنى كۆپرەك كۆرۈپ، ئەمەل بىلەن ياشاپ، سوئال سوراشقا موھتاج بولمايتتى.

2. سىرتتىن كەلگەنلەر: ئۇلارنىڭ سوئال سورىشىغا يول قويۇلاتتى، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تېخى كۆپ ھەدىس ئاڭلاپ باقمىغان ياكى ئاز ئاڭلىغان كىشىلەر ئىدى.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس سوئال سوراشنى پۈتۈنلەي چەكلىمەيدۇ. ساھابىلەر بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە چوقۇم سورايتتى. بۇ نۇقتىدا چەكلەنگىنى ئىنساننىڭ زېھنىنى پۈتۈنلەي سوئال سوراش بىلەنلا بەند قىلىپ قويۇشى، يەنى ئەمەلىيەتنى قويۇپ، نەزەرىيەگە بېرىلىپ كېتىشىدۇر.

### تۆتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش پىتنىلەر كېلىشتىن بۇرۇن ئەمەل قىلىشقا ئالدىراڭلار. ئۇ چاغدا كىشى ئەتىگىنى مۇئمىن بولۇپ، كەچتە كاپىر بولۇپ كېتىدۇ ياكى كەچتە مۇئمىن بولۇپ، ئەتىگىنى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ، دىنىنى دۇنيانىڭ ئازغىنا ماتاسىغا سېتىپ يەيدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 118 ـ ھەدىس].

### بەشىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئالتە ئىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئەمەل قىلىشقا ئالدىراڭلار: دەججال، ئىس ـ تۈتەك (دۇخان)، يەر ھايۋىنى (دابىبەتۇل ئەرز)، كۈننىڭ مەغرىبتىن چىقىشى، ھەممىگە كېلىدىغان ئىش (قىيامەت) ۋە ھەربىرىڭلارنىڭ بېشىغا چوقۇم كېلىدىغان ئىش (ئۆلۈم)» [سەھىھ مۇسلىم، 2947 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئىككى ھەدىس ئەمەلگە قىزىقتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەقىللىق مۇئمىن پۇرسەت بار چاغدا سالىھ ئەمەللەرنى قىلىۋېلىشى كېرەك، چۈنكى ھايات ئۆزگىرىشچان، بولۇپمۇ ئاخىر زاماندا ئەمەل قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پىتنىلەر كۆپەيگەن كۈنلەردە كىشىلەر پىتنە بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، تۇراقسىزلىق سەۋەبىدىن ئەمەللەر ئازىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلنى كۆپ قىلىۋېلىش كېرەك.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** پىتنىدىن بۇرۇن ئەمەلگە ئالدىراش مۇنداق ئىككى مەقسەت ئۈچۈندۇر: بىرى، ئەمەلنىڭ پىتنىدىن ساقلايدىغان قالقان بولۇشى ئۈچۈن؛ يەنە بىرى، ئىمكانىيەت ۋە بىكار ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىش ئۈچۈن.

**تۆتىنچى نۇقتا:** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۈممەت ئىچىدە نۇرغۇن پىتنىلەر يۈز بەردى، ئەمما كىشىنىڭ ئەتىگىنى مۇئمىن، كەچتە كاپىر بولۇپ كېتىشىدەك سۈپەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان پىتنىلەر بىزنىڭ دەۋرىمىزدە تېخىمۇ روشەن كۆرۈلمەكتە.

**بەشىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە «ھەركىمنىڭ بېشىغا چوقۇم كېلىدىغان ئىش» ئۆلۈم بىلەن، «ھەممىگە كېلىدىغان ئىش» ئىنساننى ھاياتىدا مەشغۇل قىلىدىغان غەم ـ ئەندىشە ۋە پىتنىلەر بىلەن ئىزاھلانغان.

## ئالتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن» [سەھىھ بۇخارىي، 6135 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بىرەر ئەمەل مۇشۇنداق (ئىمانغا باغلاپ) بايان قىلىنغان بولسا، ئۇ ئەمەلنىڭ ئىنتايىن تەكىتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھەدىستە مۇئمىننىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان «ئىمان»نى شەرت قىلىپ تۇرۇپ، ئەمەلگە تەرغىب قىلىنغان، يەنى «ئەگەر ھەقىقىي مۇئمىن بولساڭ، يا ياخشى سۆز قىل، يا سۈكۈت قىل» دېيىش ئارقىلىق، مەزكۇر ئەمەلنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشارەت قىلىنغان.

# توققۇزىنچى باب

## نىيەتنىڭ ساپ بولۇشى، مەقبۇل ئەمەلنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەن ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن ئەمەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ باب «تەزكىيە» (نەپسنى پاكلاش) نىڭ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىنىش ھالەتلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ. ئەمەلنىڭ مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا مۇنداق ئىككى شەرت تېپىلىشى لازىم:

1. ئىخلاس (ئەمەللەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن بولۇشى)؛

2. توغرىلىق (ئەمەللەرنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشى).

# ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر، كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، سالىھ ئەمەللەرنى قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادىتىدە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾ [كەھف سۈرىسى، 110 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە مۇئمىن ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇش تەييارلىقىنىڭ سالىھ ئەمەل ئىكەنلىكى ئالاھىدە زىكىر قىلىنغان. بۇنداق ئەمەل تۆۋەندىكى ئىككى سۈپەتنى ئۆزىدە جەم قىلغان بولىدۇ:

1. (شەرىئەتكە ئۇيغۇن) سالىھ ئەمەل بولۇشى؛

2. (ئاللاھ ئۈچۈن) خالىس قىلىنغان بولۇشى.

**ئىككىنچى نۇقتا:** سالىھ ئەمەل ۋەھيىنىڭ نۇرى بويىچە قىلىنغان ئەمەلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش لازىم بولىدۇ، چۈنكى سالىھ ئەمەللەر دەل مۇشۇ ئىككى مەنبەدە بايان قىلىنغان.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەركىم نىيىتىگە يارىشا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە رەسۇلىنىڭ ئىتائىتىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ئۈچۈن ۋە رەسۇلى ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيالىق بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى كۆزلەپ ياكى بىرەر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇمۇ نىيىتىگە يارىشا نەتىجىگە ئېرىشىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 1 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** پۈتۈن ئىسلام ئالىملىرى بۇ ھەدىسنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ھەم ئۇلۇغ ھەدىس ئىكەنلىكىدە بىردەك قاراشتا. ئىمام ھافىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىي، ئىمام شافىئىي (بۇۋەيتىي ئۇنىڭدىن نەقىل قىلغان)، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەلى ئىبنى مەدىينىي، ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام تىرمىزىي، ئىمام دارەقۇتنىي ۋە ئىمام ھەمزە كىنانىي قاتارلىقلار بۇ ھەدىسنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن» [فەتھۇلبارىي، 111/].

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە نىيەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئورنى ئىسپاتلانغان. دېمەك، ھىجرەتكە ئوخشاش جاپالىق بىر ئەمەلمۇ، ناۋادا ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ رازىلىقى كۆزلەنمەيدىكەن، ئىگىسىگە قىلچە ئەسقاتمايدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە (ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان) ھىجرەتنىڭ ساۋابى ئايرىم تىلغا ئېلىنمىغان، چۈنكى بىر كىشى ئۈچۈن ھىجرىتىنىڭ «ئاللاھ ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن» بولۇشىنىڭ ئۆزىلا (مۇكاپات سۈپىتىدە) كۇپايىدۇر.

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشىدىن ئەڭ بىھاجەت زاتمەن. كىمكى بىرەر ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭدا مەندىن باشقا بىرىنى ماڭا شېرىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىمۇ، ئۇنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىسىنىمۇ تەرك ئېتىمەن» [سەھىھ مۇسلىم، 2958 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان مەزمۇن ئىنسانىنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئىخلاس قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر؛ چۈنكى ئاللاھ تائالا شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەت زاتتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن بىھاجەتلىكىنى، كامالىتىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى قانچە ياخشى تونۇسا، ئۇنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ئەملى شۇنچە مۇكەممەل ئىخلاس بىلەن بولىدۇ.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قانداق بىر نەرسە سەرپ قىلساڭ، چوقۇم ساۋابىغا ئېرىشىسەن؛ ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئېغىزىغا سالغان بىر لوقما غىزا ئۈچۈنمۇ ساۋاب بېرىلىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 56 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىشلاردا نىيەتنى ھازىر قىلىش بىرقەدەر قىيىن. چۈنكى، ئادەتنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، نىيەتنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويىدۇ. ئەمما، ساپ ئىبادەت بولغان، قىيىن ئەمەللەردە نىيەتنى ھازىر قىلىش بىرقەدەر ئاساندۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** قىيامەت كۈنىدىكى ھەقىقىي ئارتۇقچىلىق پەقەت ئەمەلنىڭ كۆپلۈكى بىلەنلا ئەمەس، نىيەتلەرنىڭ ساپلىقى بىلەن بولىدۇ.

## تۆتىنچى ھەدىس:

ئىتبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگــەن: «ئاللاھنــىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (لا ئىلاھە ئىللەللاھ) دېگەن كىشــىگە ئاللاھ تائالا دوزاخنــى ھارام قىلدى» [ســەھىھ بۇخارىــي، 5401 ـ ھەدىس].

**بەشىنچى ھەدىس:**

ئەبــۇ ھۇرەيــرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىــن رىۋايــەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنــداق دېگەن: مەن: «ئــى رەســۇلۇللاھ! قىيامــەت كۈنى ســېنىڭ شــاپائىتىڭ بىلەن ئــەڭ بەختلىــك بولىدىغان كىشــى كىــم؟» دەپ سورىســام، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم: «ئــى ئەبۇ ھۇرەيــرە! ســېنىڭ ھەدىســكە بولغــان قىزغىنلىقىڭنــى كۆرۈپ، بــۇ ھەقتە ســەندىن بۇرۇن ھېچكىمنىــڭ سوراپمايدىغانلىقىنى پــەرەز قىلغان ئىدىــم. قىيامەت كۈنى مېنىڭ شــاپائىتىم بىلــەن ئــەڭ بەختلىــك بولىدىغان كىشــى قەلبىنىڭ چوڭقــۇر قاتلىمىدىــن، چىن ئىخلاس بىلــەن (لا ئىلاھــە ئىللەلــلاھ) دېگەن كىشــىدۇر» [ســەھىھ بۇخارىــي، 6570 ـ ھەدىس].

**ئالتىنچى ھەدىس:**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنــداق دېگەن: «ئاللاھتىن باشــقا ھېــچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىــڭ پەيغەمبىرىدۇر، دەپ چىــن قەلبىدىــن گۇۋاھلىق بەرگەن ھەرقانداق كىشــىگە ئاللاھ چوقــۇم دوزاخنى ھارام قىلىدۇ» [ســەھىھ بۇخارىي، 128 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچــى نۇقتا:** تەۋھىد كەلىمىســى شــۇنچە شــەرەپلىك ھــەم پەزىلەتلىك بولســىمۇ، ئىنســان «لا ئىلاھــە ئىللەلــلاھ» دېگەنــدە چىــن ئىخــلاس ۋە ســەمىمىيەت بىلــەن، تىلى بىلــەن دىلى بىــردەك بولۇشــى كېرەك.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىســلەردىن شــۇنى چۈشــىنىمىزكى، بىر ئەمەل ئۆزىدە ھەرقانچە شــەرەپلىك ھەم ئۇلۇغ بولســىمۇ (تەۋھىد كەلىمىسىگە ئوخشــاش)، پەقەت دۇرۇس نىيەت ۋە چىــن ئىخلاس بىلەنلا مەقبۇل بولــىدۇ ۋە قىممەت تاپىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** مۇئمىن ئىنســان شــۇنى بىلىشــى كېرەككى، ئەڭ مۇھىم ئىش قەلبىنىڭ ئەمەلىــدۇر. مۇئمىــن كىشــى قەلبىنى ئۆزىنىــڭ دۇرۇســلۇقىنى ئۆلچەيدىغان مىزان قىلىشــى كېرەك.

**يەتتىنچى ھەدىس:**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئىبنى جۇدئان جاھىلىيەت دەۋرىدە تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلاتتى، مىسكىنلەرگە تاماق بېرەتتى، بۇنىڭ ئۇنىڭغا بىرەر پايدىسى بولامدۇ؟ — دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ياق، ئۇنىڭغا پايدىسى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ بىر كۈنمۇ: پەرۋەردىگارىم! قىيامەت كۈنى مېنىڭ خاتالىقىمنى مەغپىرەت قىلغىن، دەپ باقمىغان» دېدى [سەھىھ مۇسلىم، 214 - ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتا:**

كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئەمەللەر شەرىئەتتىكى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللەردىندۇر، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك مەنپەئەت جەھەتتە ھېچ ئېتىبارى بولمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەندىلا ئېتىبارى بولىدۇ.

**سەككىزىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ كەبشە ئەنمارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ: «مەن سىلەرگە بىر ھەدىس ئېيتىپ بېرىمەن، ئۇنى يادلىۋېلىڭلار: دۇنيادا تۆت تۈرلۈك كىشى بار: بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالا مال - دۇنيا ۋە بىلىم بەرگەن بەندە بولۇپ، ئۇ پۇل - مېلىدىكى ھەقلەردە پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ، تۇغقانلىرىغا سىلە - رەھىم قىلىدۇ ۋە ئۆز مېلىدا ئاللاھنىڭ ھەققى بارلىقىنى بىلىدۇ، بۇ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدىكى كىشىدۇر. ئىككىنچىسى، ئاللاھ ئىلىم بەرگەن، ئەمما مال - دۇنيا بەرمىگەن بەندە بولۇپ، ئۇنىڭ نىيىتى سەمىمىيدۇر. ئۇ: كاشكى مەندىمۇ مال بولسا، پالانى ئادەمدەك (ياخشى) ئەمەللەرنى قىلاتتىم، دەيدۇ ۋە نىيىتىگە يارىشا ساۋاب ئالىدۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ ساۋابى باراۋەردۇر. ئۈچىنچىسى، ئاللاھ تائالا مال بەرگەن، ئەمما ئىلىم بەرمىگەن بەندە بولۇپ، ئۇ ئىلىمسىزلىكتىن مېلىنى قالايمىقان سەرپ قىلىدۇ، پەرۋەردىگارىدىن قورقمايدۇ، تۇغقانلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ ۋە ئۆز مېلىدا ئاللاھنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى بىلمەيدۇ، بۇ ئەڭ ناچار كىشىدۇر. تۆتىنچىسى، ئاللاھ مال - دۇنيامۇ، ئىلىممۇ بەرمىگەن بەندە بولۇپ، ئۇ: كاشكى مەندىمۇ مال بولسا، پالانىدەك گۇناھ قىلاتتىم، دەيدۇ ۋە نىيىتىگە يارىشا گۇناھكار بولىدۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ گۇناھى باراۋەردۇر» [تىرمىزىي، 2325 - ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بــۇ ھەدىــس پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ســۈننەتلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە مۇناســىۋەتلىك ئىككى ئىشــقا دالالەت قىلىدۇ: بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ســۈننىتىنى يەتكۈزۈشــكە قىزىقتۇرۇش؛ يەنە بىرى، ســۈننەتنى يادلاشــقا تەشــۋىق قىلىش.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ســاھابىلىرىنى ســۈننەتنى يەتكۈزۈشــكە تەشـۋىق قىلىشــى ئۇلارنىڭ نەقــەدەر ئادالەتلىك ئىكەنلىكىنــى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈچىنچــى نۇقتــا:** بۇ ھەدىســتە شــۇنىڭغا دالالــەت باركى، ئىنســان ئۆزىنىڭ ياخشــى نىيىتــى بىلەن، ماددىي ئىمكانىيىتى يار بەرمىســىمۇ كاتتا ســالىھ ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارنىڭ دەرىجىســىگە يېتەلەيدۇ.

**تۆتىنچــى نۇقتــا:** بــۇ ھەدىســتە ئەمــەل قىلغۇچــى ئۈچــۈن ئىلىمنىــڭ مۇھىملىقــى كۆرســىتىلگەن. چۈنكــى، ئىلىــم ئەمــەل قىلغۇچىنــى توغــرا يۆنىلىشــكە باشـلايدىغان ئەڭ مۇھىــم ئامىــل بولــۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قىلىنغان ئەمــەل ئاللاھنىڭ ھوزۇرىــدا مەقبۇل بولىدۇ.

## توققۇزىنچى ھەدىس:

ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھادىــن رىۋايــەت قىلىنىدۇكى، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم مۇنــداق دېگــەن: «كىمكــى بىزنىــڭ بۇ ئىشــىمىزغا (يەنــى دىنىمىزغــا) ئۇيغۇن بولمىغــان بىــرەر ئەمەلنــى قىلىدىكــەن، ئــۇ رەت قىلىنىدۇ» [ســەھىھ بۇخارىــي، 2697 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** ســالىھ ئەمەلنىــڭ ئــەڭ مۇھىــم ئۆلچەملىرىدىــن بىــرى پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ســۈننىتىگە ئۇيغــۇن بولۇشــىدۇر.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** بــۇ ھەدىــس شــەرىئەتنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ۋە پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ئورنىنىــڭ ئىنتايىــن يۇقــىرى ئىكەنلىكىگــە دالالەت قىلىدۇ. شــەرىئەت پەقــەت «ياخشــىلىق قىــل» دەپ بۇيرۇپلا قويماســتىن، ياخشــىلىقنى توغرا مىــزان ۋە توغرا يــول بويىچــە قىلىشــقا بۇيرۇيدۇ.

## ئونىنچى ھەدىس:

ئەنــەس ئىبنى مالىــك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايــەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالام

بىر غازاتتا مۇنداق دېگەن: «مەدىنىدە قالغان شۇنداق كىشىلەر باركى، بىز قايسى تاغ يولنى ياكى جىلغىنى كېسىپ ئۆتسەك، ئۇلارمۇ بىزگە (ساۋابتا) شېرىكتۇر، ئۇلار پەقەت ئۆزرىلىرى (كېسەللىك ياكى باشقا توسالغۇ) سەۋەبلىك بىز بىلەن چىقالماي قالدى» [سەھىھ بۇخارىي، 2839 ـ ھەدىس].

## ئون بىرىنچى ھەدىس:

سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھتىن سەممىيلىك بىلەن شېھىتلىكنى تىلىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى شېھىتلارنىڭ مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆز تۆشىكىدە ئۆلگەن تەقدىردىمۇ...» [سەھىھ مۇسلىم، 1909 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئىككى ھەدىستە سەممىي نىيەتنىڭ ئىنسانىنى ئىنتايىن يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە يەتكۈزىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

# ئونىنچى باب

## غايە تىكلەشنىڭ مۇھىملىقى، ئالىي غايىلەرگە ئەرزىمەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئالىي غايىلەرنى ئەرزىمەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرنىڭ بۇلغاپ قويۇشىدىن ساقلاپ قېلىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىشلاردىندۇر. ئالىي غايە - نىشانلارنى (ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى) ھەمىشە يادىدا تۇتقان كىشىگە بۇ ئىش ئاساندۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئەگەر ئىنساندا ئالىي غايە - نىشانلارنى تىكلەش تۇيغۇسى سۇسلىشىپ كەتسە، بۇزۇق مەنبەلەرنىڭ ئىنساننىڭ دىنىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇنى سىرتىدىن يەپ تۈگىتىشى ۋە بۇزۇپ تاشلىشى قولايلىشىدۇ.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر﴾ [سۈرە بەقەرە، 207 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** مۇئمىن كىشى ئەمەل قىلىش جەريانىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرسا، بۇ تۇيغۇ ئەمەلنىڭ جاپاسىنى يېنىكلىتىدۇ. چۈنكى، كۆزلەنگەن نەرسە (ئاللاھنىڭ رازىلىقى) ئىنتايىن قىممەتلىك، ئالىي ھەم بۈيۈكتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىخلاسنىڭ ئەمەلگە ئېششى ئۈچۈن ئىنسان قىلغان ئەمەلدە پەقەت «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلىشى» كېرەك.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار﴾ [سۈرە ئال ئىمران، 195 ـ ئايەت].

بۇ ئايەتنىڭ ﴿مېنىڭ يولۇمدا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار،

ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن﴾ دېگەن قىسمىدىكى «مېنىڭ يولۇمدا» دېگەن ئىبارە ھەقىقەتەن دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. دېمەككى، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئاللاھ يولىدا بولمىسا، ئۇنىڭغا ئەجىر ـ ساۋاب بېرىلمەيدۇ.

# ھەدىسلەر

### بىرىنچى ھەدىس:

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش قانداق بولىدۇ؟ ئارىمىزدىن بىرى ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، يەنە بىرى نام - شەرەپ ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، — دېدى.

ئۇ كىشى بۇ سوئالنى ئۆرە تۇرۇپ سورىغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بېشىنى كۆتۈرۈپ: «كىمكى ئاللاھنىڭ سۆزى (تەۋھىد كەلىمىسى) نى ئەڭ ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلسا، ئەنە شۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان بولىدۇ» دېدى [سەھىھ بۇخارىي، 7463 - ھەدىس].

### ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ئۇمامە ئەلباھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بىر ئادەم ھەم ساۋابنى، ھەم نام چىقىرىشنى كۆزلەپ غازات قىلسا، ئۇنىڭغا قانداق ساۋاب بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ھېچقانداق ساۋاب بولمايدۇ» — دېدى. ئۇ كىشى سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قېتىمدا: «ھېچقانداق ساۋاب بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى ۋە سۆزىنى مۇنداق تاماملىدى: «ئاللاھ تائالا پەقەت ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەن ئەمەلنىلا قوبۇل قىلىدۇ» [نەسائىي، 3140 - ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** مۇئمىننىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئاللاھنىڭ سۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قىلىش بولۇشى كېرەك.

**ئىككىنچى نۇقتا:** جان پىدا قىلىدىغان جىھادمۇ ناۋادا نىيەت خالىس بولمىسا ساۋابسىز قالىدۇ. ئۇنداقتا، جىھادتىن ئاسانراق بولغان باشقا ئەمەللەر خالىس نىيەت بىلەن قىلىنمىسا، قوبۇل بولماسلىقى تېخىمۇ ئېنىقتۇر.

**ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان، ئۆيىدىن پەقەت جىھاد ۋە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىش مەقسىتىدە چىققان كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى ئالغان ساۋابى ۋە غەنىيمىتى بىلەن ئۆيىگە سالامەت قايتۇرۇشقا كېپىل بولدى» [سەھىھ بۇخارىي، 7463 ـ ھەدىس].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن مۇنۇلارنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى (ئاللاھ ئۇنىڭ نىيىتىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى نامازدا تۇرغان كىشىگە ئوخشاشتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى ئالغان ساۋابى ۋە غەنىيمىتى بىلەن ئۆيىگە سالامەت قايتۇرۇشقا كېپىل بولدى» [سەھىھ بۇخارىي، 2787 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىسلەر بەزى كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئۇلۇغ ئەمەللەرگە قاتنىشىپ تۇرۇپمۇ، نىيىتىنىڭ خالىس بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بىراۋ جەڭ قىلىپ، جان پىدا قىلىپ تۇرۇپمۇ، ناۋادا ئۇنىڭ جىھادى «ئاللاھ يولىدا» بولمىسا، ھەدىستە ۋەدە قىلىنغان ئۇلۇغ ساۋابلارغا ئېرىشەلمەيدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىھاد بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئەمەلدۇر.

**بەشىنچى ھەدىس:**

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مال ـ دۇنياغا ۋە نام ـ شەرەپكە ھېرىسمەن بىرىنىڭ دىنىغا يەتكۈزىدىغان زىيىنى بىر پادا توپىغا قويۇپ بېرىلگەن ئىككى چىلبۆرىنىڭ زىيىنىدىنمۇ ئېغىرراقتۇر» [تىرمىزىي، 2376 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە «مىسال كەلتۈرۈش» ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ قۇرئان ۋە سۈننەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، مەنىلەرنى ئەقىلگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر. دەۋەتچىلەرمۇ قۇرئان ـ ھەدىستىكى مىساللارنى چۈشەندۈرۈشكە ۋە دەۋرگە ئۇيغۇن يېڭى مىساللارنى يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھەدىستىكى تەسۋىر: ئىككى چىلبۆرە پادىچىسىز بىر پادا ئېچىگە كىرىۋالسا، ئۇلارنىڭ سالىدىغان زىيىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دىننى بۇزىدىغان ئىككى خەتەرلىك ئامىلنى بايان قىلغان: مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلىك ۋە مەرتىۋە ـ شەرەپكە ھېرىسمەنلىك. بۇ ئىككى خاھىش ئىنساننىڭ دىنىغا چىلبۆرىنىڭ قوي پادىسىغا سالغان زىيىنىدىنمۇ ئېغىرراق زىيان سالىدۇ.

**تۆتىنچى نۇقتا:** مال ـ دۇنيا يىغىش ياكى شەرەپلىك بولۇشنىڭ ئۆزى ھارام ئەمەس، بەلكى كىشىنى ھالاك قىلىدىغان نەرسە بۇلارغا بولغان «ھېرىسلىق»تۇر.

**بەشىنچى نۇقتا:** پادىچى قويلارنى يىغىش بىلەنلا قالماي، ئۇنى قوغدىشى كېرەك بولغىنىدەك، مۇئمىن كىشىمۇ دىنىنى بۇزغۇچى ئامىللاردىن قوغدىشى كېرەك.

**ئالتىنچى نۇقتا:** مۇئمىننىڭ ئۈچ مۇھىم ۋەزىپىسى بار: ئىبادەتنى باشلاش، ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇش ۋە ئىبادەتنى بۇزۇلۇشتىن قوغداش.

**يەتتىنچى نۇقتا:** مۇئمىن پاساتچىلىق كىرىش ئېھتىمالى بولغان نۇقتىلارغا ھەر زامان ھېزى بولۇشى لازىم.

**سەككىزىنچى نۇقتا:** نام ـ شەرەپكە ھېرىس بولۇش ماھىيەتتە ئەيىبلىك ئىشتۇر، ئەمما بۇ ئىش دىننىڭ قەد كۆتۈرۈشىدە ۋاستە قىلىنسا، ماختىلىدىغان ئىشلاردىندۇر.

# ئون بىرىنچى باب

## كىشىنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئالدىنقى بابلار بۇ بابتا باشلىنىدىغان ھەرىكەتنىڭ ئاساسى ۋە تەييارلىق باسقۇچلىرى ئىدى. بىز ئالدىنقى بابتىكى مەزمۇنلارنى تولۇق چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى بۇ باب: «سېنىڭ ئۈستۈڭدە مەسئۇلىيەت بار» دەپ خىتاب قىلىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ بابتا دېمەكچى بولغان مەسئۇلىيەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1. ئىنساننىڭ ئۆزى، يېقىن تۇغقانلىرى ۋە پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى.

2. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى.

بۇ مەزمۇن كېيىنكى بابتا بايان قىلىنىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ باب بىلەن كېيىنكى باب مەلۇم مەقسەتتە رەتلەنگەن بولۇپ، بۇلاردىن مۇنداق ئىككى مۇھىم نۇقتا كۆزدە تۇتۇلغان:

1. ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەر شەخس بىۋاسىتە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتتۇر.

2. ئىسلامنىڭ ئومۇمىي مەسئۇلىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ھەركىمنى ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن چەتنىتىۋەتمەسلىك كېرەك.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قايغۇرما). سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكار سەن، مۆئمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن﴾ [سۈرە نىسا، 84 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مەسئۇلىيەتنى مۇجەسسەملىگەن:

1. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئالدىدىكى كوللېكتىپ مەسئۇلىيەت؛

2. ئومۇمي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتىكى شەخسي مەسئۇلىيەت.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتە ئايەتتىكى مۇشۇ پرىنسىپتىن، يەنى: «شەخسەن جاۋابكارلىق» نۇقتىسىدىن يولغا چىققان.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ھاياتىدا مۇنداق ئىككى سالاھىيەت بىلەن ئىش كۆرگەن:

1. شەرىئەتكە مۇكەللەپ بىر بەندە؛

2. ۋەھيىنى يەتكۈزگۈچى بىر پەيغەمبەر.

**ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا

تەنها كېلىدۇ﴾ [سۈرە مەريەم، 95 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھېچكىم ھېچكىمگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، ئۇلار (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكار بەندىلەر) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار﴾ [سۈرە بەقەرە، 48 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئىككى ئايەتتە قىيامەت كۈنى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئۇ كۈندە ھەر ئىنساننىڭ يالغۇز كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. يالغۇزلۇق ئىنسانغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىشلاردىن بىرىدۇر، چۈنكى روھ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ئارام تاپىدۇ، بولۇپمۇ قىيامەتتەك دەھشەتلىك بىر كۈندە يالغۇز قېلىش ناھايىتى قورقۇنچلۇقتۇر. بۇ ئەھۋال ھەر ئىنساننىڭ ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ مۇھىملىقىدىن ئىبارەت ئاگنى قەلبلەردە يىلتىز تارتقۇزىدۇ.

# ھەدىسلەر

## بىرىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ئاللاھ تائالا: ﴿يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾[3] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «ئى قۇرەيش جامائىتى! ئۆزۈڭلارنى (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن دوزاختىن) قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايمەن؛ ئى ئابدۇماناپ ئەۋلادلىرى! مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايمەن؛ ئى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب! مەن سېنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايمەن؛ ئى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاممىسى سەفىييە! مەن سېنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايمەن؛ ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! مېنىڭ مېلىمدىن خالىغىنىڭنى سورىغىن، ئەمما مەن سېنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايمەن» [سەھىھ بۇخارىي، 2753 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** قىيامەت كۈنى خالايىقلارغا شاپائەت قىلىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن ئۆزى خالىغانچە قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئۇ زاتنىڭ شاپائەتلىرى پەقەت ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەنلا بولىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ تۇغقىنى بولۇش ئىنساننىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى ساقىت قىلىۋەتمەيدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە شەخسنىڭ ئۆزى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن.

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: «ھەممىڭلار

3 سۈرە شۇئەرا، 214 ـ ئايەت.

پادىچى سىلەر (يەنى مەسئۇلدۇرسىلەر) ۋە ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ھەققىدە جاۋابكار بولىسىلەر: رەھبەرمۇ بىر پادىچىدۇر ۋە ئۆز خەلقىگە مەسئۇلدۇر؛ ئەر كىشىمۇ ئۆز ئائىلىسىدە پادىچىدۇر ۋە ئۆز ئائىلىسىگە مەسئۇلدۇر؛ ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچىدۇر ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە مەسئۇلدۇر؛ خىزمەتكار خوجايىنىنىڭ مېلىدا پادىچىدۇر ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىدىكى مالغا مەسئۇلدۇر» [سەھىھ مۇسلىم، 1829 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئامانەت قىلىنغان ھەر قانداق نەرسىدىن چوقۇم سوئال قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىنسانغا يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ مەسئۇلىيەت تېخىمۇ چوڭىيىدۇ ۋە ئېشىپ بارىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** كىشىلەرگە دىنىنى يەتكۈزۈش ۋە دىنىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىمۇ مەسئۇلىيەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئىنتايىن چوڭ مەسئۇلىيەتتۇر. مەسئۇلىيەت قانچە چوڭ بولسا، ئىنسان ئۈچۈن شۇنچە چوڭ ئىككى ئىشىك ئېچىلىدۇ:

1. **جەننەتكە ئاپىرىدىغان ئىشىك؛**
2. **دوزاخقا ئاپىرىدىغان ئىشىك.**

**ئۈچىنچى ھەدىس:**

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ئەتىگەندە دەججال ھەققىدە گەپ قىلدى. (دەججالنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىۋېتىپ) ئاۋازىنى گاھ پەسەيتىپ، گاھ كۆتۈردى. بىز بۇنىڭغا قاراپ دەججالنى يېقىن ئەتراپتىكى خورمىزارلىقتا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدۇق. شۇ ئەسنادا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «مەن سىلەر ئۈچۈن دەججالدىنمۇ بەكرەك باشقا ئىشلاردىن ئەنسىرەيمەن. ئەگەر دەججال مەن ئاراڭلاردا بار چاغدا چىقىپ قالسا، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ (سىلەرنى قوغدايمەن). ئەگەر مەن ئاراڭلاردا يوق چاغدا چىقىپ قالسا، ھەركىم ئۆزى ئۈچۈن مۇنازىرىلىشىدۇ (يەنى ئۆز ئىمانىنى ئۆزى قوغدايدۇ)» [سەھىھ مۇسلىم، 2937 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايان قىلىش تالانتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ساھابىلەر غەيبكە ئائىت ئىشلارنىمۇ گويا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولاتتى.

بۇ ساھابىلەر نائىل بولغان بەرىكەتلەردىن بىرىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىكى ۋەھىمنى كۆرۈپ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى تىندۇرغان. دېمەك، بۇمۇ دەۋەتچىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ شۇنچىۋالا بۈيۈكلۈكىگە قارىماي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ھەققىدە: «ھەركىم ئۆزى ئۈچۈن مۇنازىرىلىشىدۇ» دېگەن بولسا، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك باشقا شۈبھى ۋە شەھۋەتلەر ئالدىدا ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىنى قوغداش مەسئۇلىيىتى بارلىقى تېخىمۇ ئېنىق دېگەن گەپ.

## تۆتىنچى ھەدىس:

ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پەرۋەردىگارىڭلار ھەربىرىڭلار بىلەن چوقۇم سۆزلىشىدۇ، ئاراڭلاردا ھېچقانداق تەرجىمان بولمايدۇ. بىراۋ ئوڭ تەرىپىگە قارايدۇ، پەقەت ئۆزى قىلغان ئەمەللىرىنىلا كۆرىدۇ؛ سول تەرىپىگە قارايدۇ، يەنىلا ئۆزى قىلغان ئەمەللىرىنىلا كۆرىدۇ؛ ئالدى تەرىپىگە قارايدۇ، ئۇدۇلىدا پەقەت دوزاخ ئوتىنىلا كۆرىدۇ. شۇڭا، بىر تال خورمىنىڭ يېرىمىغا چاغلىق نەرسىنى (سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ) دوزاختىن ساقلىنىڭلار» [سەھىھ بۇخارىي، 7512 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئىنسان ئالدىدا پەقەت دوزاخ ئوتىنىلا كۆرىدىغان شۇ قورقۇنچلۇق مەيداندىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشى لازىم.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىنسان چوقۇم زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

# ئون ئىككىنچى باب

## ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بارلىقى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بەزى كىشىلەر «ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئالدىدىكى ئومۇمىي كوللېكتىپ مەسئۇلىيەت»كە سەل قارايدۇ ۋە قىزىقىشىنى مەلۇم دائىرىگىلا چەكلەپ قويىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئىسلامنىڭ پەقەت ئەقىدە قىسمىغىلا مەركەزلىشىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ساھە يەنى مۇسۇلماننىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ئەقىدىنىڭ دەل مېغىزىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئەقىدىدىكى «ئەلۋەلا ۋەلبەرا» (ئاللاھنىڭ دوستلىرىنى دوست بىلىش، دۈشمەنلىرىنى دۈشمەن بىلىش) پرىنسىپىغا كىرىدۇ. بۇ ساھەگە سەل قارايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئەلۋەلا ۋەلبەرا»نىڭ ئەقىدە ئاساسلىرىدىن ئىكەنلىكىگە قايىل، ئەمما بۇ پرىنسىپنى پەقەت ئىككىنچى قىسمى، يەنى «بەرا» (ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى دۈشمەن بىلىش) غىلا چەكلەپ قويۇپ، «مۇئمىنلەرگە دوست بولۇش»نى ئۇنتۇپ قالىدۇ. مۇئمىنلەرگە دوست بولۇش بولسا ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى قوللاش، ياخشى كۆرۈش ۋە يار - يۆلەك بولۇش قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ساھەنى يەنى مۇسۇلماننىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى چەتكە قېقىش ۋە بۇنىڭغا دەۋەت قىلغۇچىلارغا «ھەرىكەتچىلىك» ياكى «سىياسەتۋازلىق» قالپاقلىرىنى كىيگۈزۈپ ئەيىبلەش ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق ۋە ھەقىقەتنى بۇرمىلىغانلىقتۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ ساھەنى تاشلاپ قويۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان مەسىلىلەر شۇكى، بەزى كىشىلەر نەزەرىيە جەھەتتىن ئەقىدىسى توغرا بولسىمۇ، «مۇئمىنلەرگە دوست

بولۇش»تا مەغلۇپ بولدۇ، نەتىجىدە ئۇ مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ دۈشمەنلىرىگە يۈزلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئەقىدىنىڭ نەزەرىيەۋى تەرىپىنى پۇختا ئىگىلىدىم دەپ قاراپ، بۇ چوڭ مەسىلىنى سەل چاغلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كوللېكتىپ مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلگۈچىنى، گەرچە ئۇنىڭ ئەقىدىسىدە ئېغىر مەسىلە بولسىمۇ ئىنتايىن كۆككە كۆتۈرۈپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ خاتالىقى ئىنتايىن چوڭدۇر.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇئمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە باللارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر﴾ [سۈرە نىسا، 75 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت ئاللاھ يولىدا ۋە ئاجىزلارنى قوغداش يولىدا ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئاساسىنى تىكلەيدۇ. مۇئمىن كىشى ئەمەل قىلىۋاتقان چاغدا كۆڭلىگە پۈكۈشكە تېگىشلىك مەقسەتلەردىن بىرى بوزەك قىلىنغان ئاجىزلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتۇر. مۇئمىنلەردىن ئاجىزلارنىڭ غېمىنى يېگەن كىشى ئاللاھ تائالا ئۆز كىتابىدا تەشۋىق قىلغان ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەن بولىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بىر ئەمەلدىن نۇرغۇن مەقسەتكە يېتىش كۆزلىنىدىغان بولۇپ، جىھادنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى ئاجىزلارنى قۇتقۇزۇشتۇر. بۇ خىل مەقسەت بىلەن قىلىنغان جىھاد ساۋاب جەھەتتە كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىلا كۆزلىگەن جىھادتىن كاتتىراق بولۇشى مۇمكىن.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقانلار، (ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي

بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر ـ بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر ـ بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمان ئېيتقان، ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن ئاراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ. ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم سورىسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ [سۈرە ئەنفال، 72 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە ئىمان ئېيتقان، ئەمما رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ھىجرەت قىلمىغان كىشىلەر تىلغا ئېلىنغان. گەرچە ئۇلار ھىجرەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن بولغان ئىمانىي دوستلۇق ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، مۇئمىنلەرنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىمۇ ساقىت بولمايدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھىجرەت قىلمىغان مۇئمىنلەر بىر قىسىم ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ياردەم بېرىشتە بىر شەرت قويۇلغان: ئەگەر ئۇلار ياردەم سورىسا، ناۋادا بۇ ياردەم مۇئمىنلەر بىلەن ئارىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى بولغان بىرەر قەۋمگە قارشى بولۇپ قالسا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە بولمايدۇ.

### ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا (بەنى ئىسرائىلنى ئەيىبلەپ) مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئارىلىرىدىكى يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴾ [سۈرە مائىدە، 79 ـ ئايەت]. يەنە بىر ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر...﴾ [سۈرە ئال ئىمران، 110 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتا:

«ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش»نىڭ بۇ ئۈممەتنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىشى بۇ مەجبۇرىيەتنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك ھەم مەرتىۋىسى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ مىسالى گويا بىر كېمىگە چىقىش ئۈچۈن چەك تاشلىشىپ، بەزىلىرى كېمىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە، بەزىلىرى ئاستىنقى قەۋىتىگە ئورۇنلاشقان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاستىنقى قەۋەتتىكىلەر سۇ ئالماقچى بولسا ئۈستىدىكىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا: ‹ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان قەۋەتتىن بىر تۆشۈك ئاچقان بولساق، ئۈستىمىزدىكىلەرنىمۇ بىئارام قىلماس ئىدۇق› دېيىشتى. ئەگەر ئۈستىدىكىلەر ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسە، ھەممىسى ھالاك بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلارنى توسۇپ قالسا، ئۇلارمۇ، ئۆزلىرىمۇ قۇتۇلۇپ قالىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 2493 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە «ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش»نىڭ پەزىلىتى، شۇنداقلا جەمئىيەتنى بۇزۇقچىلىققا ۋە دىندىن يۈز ئۆرۈشكە تاشلاپ قويماسلىقنىڭ ئەھمىيىتى بايان قىلىنغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بىر ئەمەلنىڭ شەرىپى ۋە پەزىلىتىگە دائىر دەلىللەر قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ دىندىكى ئورنىنىڭ شۇنچە مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. «ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش»نىڭ ئىسلامدىكى ئەھمىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن دەلىللەر كەلگەن.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** «ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش» ئازابتىن ئومۇميۈزلۈك قۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ ئىش مۇنداق ئىككى مەقسەت ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدۇ:

1. **ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن.** بۇنىڭ دەلىلى: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق، ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق﴾ [سۈرە ئەئراف، 165 ـ ئايەت].

2. **پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن.**

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئاراڭلاردا كىمكى بىرەر يامانلىقنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن؛ ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن؛ ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە، قەلبىدە (نەپرەتلەنسۇن). بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز دەرىجىسىدۇر» [سەھىھ مۇسلىم، 49 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە يامانلىقنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلغان ۋە تەشۋىق قىلىنغان. بۇ ئۇنىڭ نەقەدەر مۇھىم مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلەرنىڭ يامانلىققا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرگە «ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش»نى چۈشىنىش ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** «ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش»نى تۆۋەندىكىدەك ئىككى يول ئارقىلىق ئەتراپلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ:

1. ئومۇمىي يول: پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت يولىنى ئۆگىنىش. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتى «ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش»تۇر. بۇنى قانچە ياخشى بىلگەن كىشى شۇنچە ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرىدۇ.

2. بىۋاستە يول: «ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش» مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىسلەرنىڭ شەرھلىرىدىن ياكى مەخسۇس مۇشۇ تېما ھەققىدە يېزىلغان كىتابلاردىن ئۆگىنىش.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئى مۇئمىنلەر! سىلەر: ﴿ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار. توغرا يولدىلا بولىدىكەنسىلەر، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴾[4] دېگەن ئايەتنى ئوقۇيسىلەر (ئەمما، خاتا چۈشىنىسىلەر). مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىشىلەر زالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى توسمىسا، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك جازالىشى

4 سۈرە مائىدە، 105 ـ ئايەت.

يېقىنــدۇر» [مۇسـنەدى ئەھمــەد، 30 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچــى نۇقتا:** بۇزۇقچىلىق، يامانلىق ۋە زۇلۇمغا سـۈكۈت قىلىــپ تۇرۇۋېلىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** زالىمنــى توسماســلىق ئاللاھنىڭ ئومۇمىي جازاســىنىڭ چۈشۈشــىگە ســەۋەب بولىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** زۇلۇم توسۇشــقا تېگىشــلىك ئەڭ چوڭ يامانلىقلارنىڭ بىرىدۇر. يامانلىق پەقەت ئەخلاقســىزلىق ياكى بىدئەتلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

**تۆتىنچــى نۇقتــا:** ئەبــۇ بەكــرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىــڭ ئايەتتىكــى خاتا چۈشــەنچىنى تۈگىتىشــى ئالىملار ئۈچۈن ياخشــى ئۈلگىدۇر. شــۇڭا، ئەگەر بىرەر دەلىل خاتا چۈشــىنىلىپ قالســا، ئۇنى دەرھــال ئايدىڭلاشــتۇرۇش كېرەك.

**تۆتىنچى ھەدىس:**

زەينــەب بىنتــى جەھــش رەزىيەللاھــۇ ئەنھادىــن رىۋايــەت قىلىنىدۇكــى، پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام بىــر كۈنــى چىرايلىــرى قىزارغــان ھالــدا ئۇيقۇدىــن ئويغىنىــپ: «ئاللاھتىن باشــقا ھېچقانــداق ئىلاھ يوق، يېقىنلىشــىپ قالغان بىــر بالادىن ئەرەبلەرنىــڭ ھالىغا ۋاي! بۈگــۈن يەجــۇج ـ مەجۇج توسمىســىدىن مۇنچىلىك تۆشــۈك ئېچىلدى» دېــدى. ئۇنىڭدىن بىرەيلەن:

ــ ئارىمىزدا ســالىھ كىشــىلەر تۇرۇقلۇق ھالاك بولامدۇق؟ ــ دەپ سورىغاندى، رەسۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم: «شــۇنداق، ئەگــەر پاســىقلىق ۋە بۇزۇقچىلىــق كۆپىيىپ كەتســە...» دەپ جــاۋاب بەردى [ســەھىھ بۇخارىــي، 7059 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتا:**

جەمئىيەتتــە بۇزۇقچىلىقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشــى ســالىھ كىشــىلەر ئەڭ ئەندىشــە قىلىشــقا تېگىشــلىك ئىشلاردىندۇر. بىر جەمئىيەتتە سالىھلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئۆزىلا ھالاكەتنى توســۇپ قالالمايدۇ. يامانلىق چەكتىن ئېشــىپلا كېتىدىكەن، ئومۇمىيۈزلۈك جازانىڭ كېلىشــى مۇقــەررەردۇر. ئومۇمىــي جازا چوقۇم يەر تەۋرەش ياكى ئاســماندىن ئاپەت كېلىشــلا ئەمەس، بەلكى دۈشــمەنلەرنىڭ ئىستېلاســىمۇ بىر جازادۇر.

**بەشىنچى ھەدىس:**

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەر ئۆزئارا دوستلۇقتا، رەھىم - شەپقەتتە ۋە مېھرىبانلىقتا گويا بىر تەنگە ئوخشايدۇ، ئەگەر تەندە بىرەر ئەزا ئاغرىپ قالسا، قالغان ئەزالارمۇ ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىتما ئارقىلىق ئاغرىپ قالغان ئەزاغا ھەمنەپەس بولىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 6011 - ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش ۋە دەردىگە دەرمان بولۇشتا مەسئۇلىيەت ئېڭى تىكلەيدۇ. بۇنىڭ ئاساسى «ئىمان قېرىنداشلىقى»دۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئۈممەتچىلىك بىرەر پارتىيەگە ئائىت ئىدىيە ياكى سىياسىي پىرىنسىپ ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئەقىدىسىگە باغلانغان نەبەۋى كۆرسەتمىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ «مۇئمىنلەرگە دوست بولۇش»تىكى يېتەرسىزلىكى خۇددى ئۇلارنىڭ ئەقىدىنىڭ باشقا ساھەلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلىرى ۋە قۇسۇرلىرىغا ئوخشاش تۈزىتىشكە موھتاج مەسىلىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ دەۋردىكى ئەڭ ئېغىر يامانلىقلاردىن بىرى «ئىمان قېرىنداشلىقى»، «ئىسلام ئۈممەتچىلىكى» ۋە «مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش (يار - يۆلەكتە بولۇش)» تۈيغۇلىرىغا قارشى قىلىنىۋاتقان كۈرەشتۇر. شۇڭلاشقا، بۇ باسقۇچتىكى ئىسلاھات خىزمەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى: «ئىمان قېرىنداشلىقى» ۋە «مۇئمىنلەرنى دوست تۇتۇش (ۋەلا)» پىرىنسىپلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە بۇ ئۇقۇملارنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق ھۇجۇمغا تەسلىم بولماسلىقتۇر.

# ئون ئۈچىنچى باب

## پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىسلاھاتچىنىڭ ئىبادىتى، دەۋىتى ۋە سەۋرچانلىقىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتا:

پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش كەلگۈسىدە مەنپەئەتلىك بىر ئىسلاھاتچى بولۇشنى ئۈمىد قىلغان ھەربىر كىشى كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشتۇر.

# ئايەتلەر

### بىرىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسەلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسەلەر ھەقىقەتنى، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان﴾ [سۈرە ھۇد، 120 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆز پەيغەمبىرىگە شۇنى بايان قىلىۋاتىدۇكى، ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى بايان قىلىش ئۇ زاتنىڭ قەلبىنى بەرقارار قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇ زاتمۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىر پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇلار دۇچ كەلگەن سىناق، جاپا ـ مۇشەققەت، يالغانغا چىقىرىلىش ۋە مەسخىرىلەرگە دۇچ كەلگەن. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ئۈلگە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنى بىلىش قەلبنى كۈچلۈك قىلىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ئېيتىم (خىتاب) پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا خاس بولماستىن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دەۋەت ۋە ئىسلاھات يولىدا ماڭغان بارلىق ئۈممەتكە قارىتىلغان. چۈنكى، ئۇلارمۇ پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا ھەقنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بوزەك قىلىشلىرىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلارمۇ پەيغەمبەرلەردەك قەلبنى بەرقارار قىلىشقا موھتاج. پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسەلىرىنى ئۆگىنىش ئىسلاھاتچىلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىلھام مەنبەسىدۇر.

### ئىككىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن...﴾ [سۈرە ئەھقاف، 35 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە رەسۇلۇللاھ سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلغان ھەمدە سەۋرچانلىقنىڭ پەيغەمبەرلەر يولىدىكى ئايرىلىشقا بولمايدىغان مۇھىم قانۇنىيەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان بارلىق مۇئمىنلەرگە تەسەللى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنى ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلىشقا چاقىرىدۇ.

**ئۈچىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن﴾ [سۈرە يۇسۇف، 108 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى بويلاپ مېڭىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى بۇ ئايەتتە «مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز» دېيىلىۋاتىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىنى ئۆگىنىش ۋە شۇ يولنى بويلاپ ياشاش لازىم.

**ئىككىنچى نۇقتا:** رەسۇلۇللاھ ماڭغان يولنىڭ ئاساسى ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىشتۇر. بۇ يولدىكى دەۋەتچىنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپىتى «بەسىرەت» (دەلىل ـ پاكىتلىق چۈشەنچە) ئۈستىدە بولۇشىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئىسلاھاتچى چوقۇم كۈچلۈك دەلىلگە، قەتئىي ئىشەنچكە ۋە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى زۆرۈر. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنمەي تۇرۇپ يولدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئاللاھ تائالا ۋەھيىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىدىغان نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن:

1. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرىنى كۆرسەتكەن: ﴿ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىبلىرىنى كۆرسەتتۇق﴾ [سۈرە ئەنئام، 75 ـ ئايەت].

2. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چوڭ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن: ﴿ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن بەزىسىنى كۆرسىتىمىز﴾ [سۈرە تاھا، 23 ـ ئايەت].

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۈيۈك مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن: ﴿ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ بۈيۈك مۆجىزىلىرىدىن بىر قىسمىنى ھەقىقەتەن كۆردى﴾ [سۈرە نەجم، 18 ـ ئايەت].

### تۆتىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن (ئۇلارنى ئۈلگە قىلغىن)﴾ [سۈرە ئەنئام، 90 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلىدىغان ئىنتايىن ئۇلۇغ ئايەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىلگىرىكىلەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەرلەردەك بۈيۈك زاتلارنىڭمۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن توغرا يول تاپقانلىقى ھىدايەتنىڭ نەقەدەر مۇھىم نېمەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بىر كىشىگە ئەگىشىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىلىش شەرت. شۇڭا، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش يولىغا ئەگىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

### بەشىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يەنى توغرا دىنغا، باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى﴾ [سۈرە ئەنئام، 161 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋىتىدە دائىم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ياد ئېتەتتى. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشى ئىلگىرىكىلەرنىڭ يولىنى ھازىرلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ شۇنداق قىلغان يەردە، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەنلەر تېخىمۇ شۇنداق قىلىشقا موھتاجدۇر.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەردىن بىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھازىرمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبسىمدە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەپ بېرىشىچە ئۇ پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمى ئۇرۇپ قانىتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر يۈزىدىكى قانلارنى سۈرتكەچ: «ئى ئاللاھ! قەۋمىمنى مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ، دەيتتى» [سەھىھ بۇخارىي، 3477 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدىكى ھاياتىدا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى دائىم ياد ئېتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە شۇ ئارقىلىق سەۋر قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا مېڭىشنى، ئۈممەتنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈشنى ۋە دىنغا ياردەم بېرىشنى نىشان قىلغان ھەربىر كىشى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە سىناقلاردا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ جاپالىرىنى ئەسلەپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن سەۋرچان بولغىلى ۋە سىناقلار ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرغىلى بولىدۇ. گەرچە بۇ سۆزلەر نەزەرىيەدە ئاساندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بېشىغا كۈن چۈشكەندە بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ.

**ئىككىنچى ھەدىس:**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەرسىلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋاتاتتى، ئاردىن بىرەيلەن:

ــ بۇ تەقسىماتتا ئاللاھنىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىدى، ــ دېدى. مەن بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدۈم. زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەندى، ھەتتا چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئاللاھ تائالا مۇساغا رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان، ئەمما سەۋر قىلغان ئىدى» [سەھىھ بۇخارىي، 3405 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا پەيغەمبەر بۇرادەرلىرىنى ئەسلەش ئارقىلىق تەسەللى تاپىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر مىسالىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** رەسۇلۇللاھ نۇرغۇن سىناقلارغا دۇچ كەلگەن. مۇشرىكلار، مۇناپىقلار، نادان ئەرەبلەر، ھەتتا بەزى مۇئمىنلەرنىڭ خاتالىقلىرى بىلەن (ئۇھۇدتىكىگە ئوخشاش) ۋە بەزى كېسەللىكلەر بىلەن سىنالغان. بۇ ھەدىستە «ئۆزگە ئەگىشمەن» دەپ تورۇپ ئۇ زاتنىڭ ئامانەتدارلىقىغا تىل ئۇزاتقان كىشىنىڭ ئەزىيىتى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئامانەتدار كىشىگە نىسبەتەن باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئامانەتدارلىقى ھەققىدە شەك قىلىشى ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئازابتۇر. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەش ئارقىلىق ئۆزىنى تۇتۇۋالغان.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان روزا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. ئۇ بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايتتى. ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ناماز داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدۇر. ئۇ كېچىنىڭ يېرىمىدا ئۇخلايتتى، ئۈچتىن بىرىدە ناماز ئوقۇيتتى، ئالتىدىن بىرىدە يەنە ئۇخلايتتى» [سەھىھ بۇخارىي، 3420 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەرلەرنىڭ «ئىبادەتتىكى يولى»نىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئىلگىرىكى بىر پەيغەمبەرنىڭ مەلۇم ئىبادەت شەكلىنى ئەڭ ياخشى دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق بىزنى مەزكۇر ئەمەلدە شۇنىڭ يولىغا يېتەكلىگەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئەگەر بىر ئىنسان ھېيت كۈنلىرىدىن باشقا بارلىق كۈنلەردە روزا تۇتقان بولسا، ئۇ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا كۆپرەك روزا ۋە كۆپرەك جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن بارىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالىدىغان ساۋابى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىنى (بىر كۈن

تۇتــۇپ، بىــر كــۈن تۇتمــاي) تۇتقان كىشــىنىڭ ســاۋابىدىن ئــاز بولىدۇ. شــۇنىڭدەك، بىر كىشــى بالاغەتكــە يەتكەندىــن تارتىــپ تاكى ئۆلــۈپ كەتكۈچــە، خۇپتەندىن تــاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمــاي نامــاز ئوقۇغــان بولســا، ئــۇ ئاللاھقــا تېخىمۇ كۆپ جاپــا - مۇشــەققەت، تېخىمۇ كــۆپ ســەجدە ۋە تېخىمــۇ كۆپ قۇرئــان تىلاۋىتى بىلــەن يۈزلەنگەن بولىــدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ســاۋابى داۋۇد ئەلەيھىســسالامنىڭ كېچىلىك نامىزىدەك ناماز ئوقۇغان كىشــىنىڭ ســاۋابىدىن ئاز بولىدۇ. چۈنكى، ئىبادەتتىكى ئەســلىي مەقســەت چارچاشــنىڭ ئېغىرلىقى ياكى ئەمەلنىڭ كۆپلۈكىــدە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئەڭ ياخشــى كۆرىدىغان شــەكىلگە ئۇيغۇن بولۇشــىدۇر. ئاللاھنىــڭ نېمىنــى ئــەڭ ياخشــى كۆرىدىغانلىقى پەقــەت ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى كۆرســىتىپ بەرگــەن يول ئارقىلىقــلا بىلىنىدۇ.

**ئۈچىنچــى نۇقتــا:** بۇ ھەدىســنىڭ كېلىش ســەۋەبى ئابدۇلــلاھ ئىبنى ئەمــر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىــڭ ئىبادەتكــە بولغــان كۈچلــۈك قىزغىنلىقىــدۇر. ئــۇ ھەر كۈنــى روزا تۇتــۇپ، ھەر كېچىســى قۇرئاننى تاماملايتتى. رەســۇلۇللاھ ئۇنى ئۇزۇن مۇددەتلىــك ئىزچىللىقنى يېتەكلەش ئۈچــۈن داۋۇد ئەلەيھىســسالامنى ئۈلگــە قىلىــپ كۆرســەتكەن. ئاللاھ تائــالا ئــەڭ ياخشــى كۆرىدىغــان ئەمــەل ئــاز بولســىمۇ داۋاملىق بولغــان ئەمەلدۇر.

**تۆتىنچــى نۇقتــا:** بــۇ دىنىنــىڭ مۇكەممەللىكــى شــۇكى، پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام ساھابىلىرىنى تېخــى يولنىــڭ بېشــىدىلا ئوتتۇراھاللىــق ۋە توغرىلىققــا يېتەكلىگــەن.

**بەشــىنچى نۇقتــا:** مۇئمىــن كىشــى ھەربىــر ئىشــىدا پەيغەمبەرلەرنىــڭ يېتەكچىلىكىگە موھتاج. بۇ نېســۋىگە ئېرىشىشــنىڭ ئەڭ ياخشــى يولى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىشــتۇر.

# ئون تۆتىنچى باب

## ئىسلاھات ۋە ئالاھقا دەۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئەھمىيىتى

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ باب يۇقىرىدىكى «شەخسنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى» دېگەن بابقا زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، ئىنساننىڭ نەپسىنى ئىككى نەرسە ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ:

1. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى.

2. ئەمەلنىڭ پەزىلىتىنى بىلىش ئارقىلىق قوزغالغان قىزغىنلىق ياكى ئۇنى تەرك قىلىشنىڭ جازاسىدىن قورقۇش.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىسلاھات ۋە دەۋەتنىڭ پەزىلىتىنى بىلىش ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ساۋاب ۋە پەزىلەتنى ھەقىقىي ھېس قىلغان كىشىگە يولدىكى توسالغۇلار يېنىك تۇيۇلىدۇ.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە: «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ گۈزەل سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟﴾ [سۈرە فۇسسىلەت، 33 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش دىندا ئۈلگە ۋە يېتەكچى (ئىمام) بولۇش مەرتىۋىلىرىدىندۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** دەۋەت پەقەت غەيرى مۇسۇلمانلارنىلا ئىسلامغا چاقىرىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ياخشىلىققا تەشۋىق قىلىش، ئىبادەتلەرگە بۇيرۇش، نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن توسۇش ۋە ھەقنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن گۈزەل ئۇسۇلدا مۇنازىرىلىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەۋەت دائىرىسىگە كىرىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن سۆز ئىمانى بىلەن پەخىرلىنىشنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر. بۇ ئايەت ئۈلگە بولۇشنىڭ سۆز ۋە ئەمەل بىلەن بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان ۋە ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسەتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق﴾ [سۈرە سەجدە، 24 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە دىنىي يېتەكچىلىككە (ئىمامەتكە) ئېرىشتۈرىدىغان يولنىڭ

«سەۋر ۋە قەتئىي ئىشەنچ» ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** شەيخ سەئدىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بۇنداق يۇقىرى دەرىجىگە ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، دەۋەت قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدىكى ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش، شۇنداقلا نەپسىنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن توسۇش ئارقىلىق يەتكەن».

**ئۈچىنچى نۇقتا:** دىنىي پېشىۋالارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خەلقنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن توغرا يولغا باشلاشتۇر.

## ئۈچىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا (ياخشى بەندىلەرنىڭ دۇئاسى ھەققىدە) مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىقتا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەيدۇ﴾ [سۈرە فۇرقان، 74 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتا:

شەيخ سەئدىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دۇئادا سۆز ۋە ئەمەلدە تەقۋادارلارغا ئۈلگە بولىدىغان، كىشىلەر ئەگىشىدىغان سىددىق ۋە كامىل بەندىلەرنىڭ دەرىجىسىگە يېتىش تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، بۇ دەرىجىگە پەقەت سەۋر ۋە قەتئىي ئىشەنچ بىلەنلا يەتكىلى بولىدۇ. بۇ دۇئا ئارقىلىق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەرنى، ئىلىمدە پۇختىلىقنى ۋە پەيغەمبەرلەردىن كېيىنكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىنى ئىزدىگەن بولىدۇ».

## تۆتىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿... كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار ۋە ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانىيلار بولۇڭلار﴾ [سۈرە ئال ئىمران، 79 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتا:

ئىمام تەبەرىي رەھىمەھۇللاھ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭ مەنىسى: ئەي كىشىلەر! دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا كىشىلەرنىڭ پېشۋاسى ۋە يېتەكچىسى بولۇڭلار. كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابىنى، ھالال ـ ھارامنى، پەرز ـ سۈننەتلەرنى ئۆگىتىش ۋە ئۆزۈڭلارمۇ ئۆگىنىش ئارقىلىق رەببانىي ئالىملاردىن بولۇڭلار».

**بەشىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد ئۇممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر...﴾ [سۈرە ئال ئىمران، 110 ـ ئايەت].

بۇ ئايەتتە بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇممەت بولۇشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى «ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش» ئىكەنلىكى زىكىر قىلىنغان.

**ئالتىنچى، يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچى ئايەتلەر:**

ئاللاھ تائالا لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتىنى زىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿... ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، بېشىڭغا كەلگەن مۇسىبەتكە سەۋر قىلغىن...﴾ [سۈرە لۇقمان، 17 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتۇلدۇردۇق...﴾ [سۈرە ئەئراف، 165 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا (يامانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى بولمىدى...﴾ [سۈرە ھۇد، 116 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئەڭ بۈيۈك پەزىلىتى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا سەۋەب بولىدىغانلىقىدۇر.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر ھىدايەتكە (توغرا يولغا) دەۋەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ساۋابىچىلىك ساۋاب بېرىلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ساۋابىنى قىلچە كېمەيتىۋەتمەيدۇ. كىمكى بىر گۇمراھلىققا دەۋەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ گۇناھىچىلىك گۇناھ يۈكلىنىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى قىلچە كېمەيتىۋەتمەيدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 2674 ـ ھەدىس].

**ئىككىنچى ھەدىس:**

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىسلامدا بىر ياخشى يول (سۈننەت) ئاچىدىكەن، ئۇنىڭغا شۇ ئەمەلنىڭ ساۋابى ۋە ئۆزىدىن كېيىن شۇ ئەمەلنى قىلغانلارنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ساۋابىنى قىلچە كېمەيتىۋەتمەيدۇ. كىمكى ئىسلامدا بىر يامان يول ئاچىدىكەن، ئۇنىڭغا شۇ قىلمىشنىڭ گۇناھى ۋە ئۆزىدىن كېيىن شۇنى قىلغانلارنىڭ گۇناھى يۈكلىنىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى قىلچە كېمەيتىۋەتمەيدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 1017 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئىككى ھەدىس ئىلمى ئانچە چوڭقۇر بولمىغان مۇسۇلمانىنىمۇ دىندا ئۈلگە بولالايدىغان نۇقتىئىينەزەرگە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى، ئۈلگە بولۇش ئاللاھنىڭ بەندىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن ياخشىلىقلاردىن بىرەر سۈننەتنى جانلاندۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەنمۇ ئىشقا ئاشىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىسلەردە ياخشىلىققا دەۋەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش بار بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان ساۋابنىڭ نەقەدەر كاتتا ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

### ئۈچىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئامر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئاللاھ تائالا ئىلىمنى بەندىلەرنىڭ قەلبىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئالىملارنى قەبزى روھ قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ كېتىدۇ. ھەتتا بىرەر ئالىم قالمىغاندا، كىشىلەر نادانلارنى باش قىلىۋالىدۇ. ئۇلاردىن سوئال سورالسا، بىلمىسىز تۇرۇپ پەتىۋا بېرىدۇ ـ دە، ئۆزلىرىمۇ ئازىدۇ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 100 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئالىملارنىڭ ئۈممەت ئۈچۈن «بىخەتەرلىك كوزىرى» ئىكەنلىكىدەك قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئالىملىق مەرتىۋىسى مەسئۇلىيىتى ئىنتايىن ئېغىر مەرتىۋە بولۇپ، بۇ ماقامدا ئولتۇرغانلار رەسۇلۇللاھ ئەيىبلىگەندەك «ئۆزىمۇ ئېزىپ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرغۇچىلار»دىن بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە دىن ئىشلىرىدا ئۆزگىلەرگە يېتەكچى تۇتۇش خۇسۇسىيىتى بار. ناۋادا ئالىملار بولمىسا، نادانلار يېتەكچى قىلىنىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس مۇسۇلمان ئۈممىتى دۇچ كېلىدىغان بىر پىتنىنى، يەنى ئىلىمنىڭ يوقىلىش ھالىتىنى بايان قىلىدۇ. ئىلىم ئۇچۇر سۈپىتىدە مېڭىلەردىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دۇنيادىن كېتىشى بىلەن يوقىلىدۇ.

**تۆتىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئالدىنقى ھەدىسلەرگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھەقىقىي ئالىم ئۆزىمۇ ھىدايەت تېپىپ، باشقىلارنىمۇ ھىدايەتكە باشلىغانلىقى ئۈچۈن غايەت زور ساۋابقا ئىگە بولسا، نادان يولباشچىلار ئۆزىمۇ ئېزىپ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ.

### تۆتىنچى ھەدىس:

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر كۈنى: «ئەتە بۇ بايراقنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھ ئۇنىڭ قولى بىلەن غەلىبە ئاتا قىلىدىغان بىر كىشىگە بېرىمەن» دېگەن. كىشىلەر شۇ كېچىنى بايراق كىمگە بېرىلىدىغانلىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئۆتكۈزۈشتى. ئەتىسى ئەتىگەن ھەممەيلەن بايراقنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب قەيەردە؟» — دەپ سورىۋىدى، كۆپچىلىك:

— ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قاپتۇ، — دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتتى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىگە تۈكۈرۈپ (سۈفلەپ) قويۇپ دۇئا قىلغان ئىدى، كۆزى قەتئىي ئاغرىپ باقمىغاندەك، سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بايراقنى ئۇنىڭغا بەردى. ئەلى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار بىزگە ئوخشاش (مۇسۇلمان) بولغۇچە ئۇرۇشامدىم؟ — دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «ئالدىرىمىغىن، ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە بارغاندا، ئۇلارنى ئاۋۋال ئىسلامغا دەۋەت قىلغىن ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى چۈشەندۈرگىن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ سەن سەۋەبلىك بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلغانلىقى سېنىڭ ئۈچۈن قىزىل تۆگىلىرىڭ بولغاندىنمۇ ئەۋزەلدۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 4210 - ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

ئاللاھقا دەۋەت قىلىش ئىنتايىن پايدىلىق تىجارەتتۇر. بەزىدە ئىنسان كۆرپىسىدە ئۇخلاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەۋىتى سەۋەبلىك قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى ئەمەل دەپتىرىگە يېزىلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆلۈپ قەبرىدە ياتقاندىمۇ ساۋابى ئۈزۈلمەيدۇ.

# ئون بەشىنچى باب

## ئىسلاھاتچىلارنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا

**پايدىلىق نۇقتا:**

ئاللاھقا دەۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ بابتا بىر ئىسلاھاتچىدا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر سۆزلىنىدۇ.

# ئايەتلەر

### بىرىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، (ئاللاھ) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾ [سۈرە مائىدە، 54 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، ئۇ ئۆز دىنىغا نۇسرەت بېرىشنى شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئىچىدە ئىسلاھاتچى ئىنسانلارنىڭ بولۇشىغا باغلىغان. ئەگەر ئىسلاھاتچىلار مۇئەييەن سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، شۇنىڭدا چىڭ تۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆز دەرگاھىدىن مەدەت بېرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپىتى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتۇر. ئىسلاھاتچىلارنى يېتىشتۈرۈش پەقەت تاشقى ماھارەت ۋە قورال بىلەنلا بولمايدۇ؛ بەلكى ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى قەلبتىكى ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتتۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئىسلاھاتچىلار مۇئمىنلەرگە مېھرىبان، كەمتەر ۋە مۇلايىم بولىدۇ، كاپىرلارغا بولسا غۇرۇرلۇق ۋە مەتانەتلىك بولىدۇ. بۇ سۈپەتلەرنىڭ مەنبەسى يەنىلا ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتۇر. مۇئمىنلەرنى ياخشى كۆرۈشنىڭ سەۋەبى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتىكى ئورتاقلىقتۇر، كاپىرلارغا قاتتىق بولۇشنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارغا قارشى بولغانلىقىدۇر.

**تۆتىنچى نۇقتا:** بۇ كىشىلەر ئاللاھنى ھەممە نەرسىدىن ئەۋزەل كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە مالامەتچىلەرنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماسلىق

ئۇلارغا ئاسـان تۇيۇلىدۇ.

**بەشـىنچى نۇقتـا:** ئەگـەر بەندىنىـڭ ئالالھقا بولغـان مۇھەببىتى ئۇنى دىنغا نۇسـرەت بېرىشـكە، قۇربان بېرىشـكە ۋە سـەۋر قىلىشـقا يېتەكلىسـە، بۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنىـڭ ئۆلچىمىدۇر.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئالـلاھ تائـالا مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿مۇھەممەد ئالالھنىڭ رەسـۇلىدۇر، ئۇنىــڭ بىلەن بىرگە بولغـان مۇئمىنلــەر كۇففارلارغـا قاتتىقتـۇر، ئۆزئـارا كۆيۈمچانــدۇر، ئۇلارنــى رۇكـۇ قىلغان، سـەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسـەن. ئۇلار ئالالھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىــدە سـەجدىنىڭ ئىزنالىرى بار...﴾ [سـۈرە فەتــھ، 29 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچـى نۇقتـا:** نامـاز ئالالھنــى ياخشــى كۆرگۈچىلەرنىڭ ئــەڭ بۈيۈك نىشانىســدۇر. قەلبتىكــى مۇھەببەتنــى ئەمەلىيەتتــە ئەڭ ياخشــى ئىپادىلەيدىغان ئەمەل دەل سـەجدىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئايەتتىكى «ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سـەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسـەن» دېگـەن جۈملــە پەقــەت پــەرز نامازلارنىلا كۆرسـەتمەيدۇ، بەلكــى ئۇلارنى ھــەر ۋاقىت رۇكۇ ۋە سـەجدە بىلــەن ئالالھقـا يېقىنچىلىق قىلىۋاتقــان ھالەتتــە ئۇچراتقىلــى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈچىنچى ئايەت:**

ئالالھ تائالا (مۇسا ئەلەيھىسساالمنىڭ قىسسەسىدە) شۇئەيب ئەلەيھىسساالمنىڭ قىزلىرىنىڭ مۇنــداق دېگەنلىكىنــى زىكىر قىلىــدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى قىزلارنىڭ) بىــرى ئېيتتى: ئى ئاتا! سـەن ئۇنى ئىشـلەتكىن، ھەقىقەتەن ئۇ سـەن ئىشـلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى كۈچلۈك، ئىشەنچلىك كىشــدۇر﴾ [سۈرە قەسەس، 26 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئىسـلاھاتچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم سـۈپەتلىرىدىن بىرى كۈچلۈك بولۇشتۇر. بــۇ ئالــدى بىلــەن مەنىــۋى كۈچنــى، ئاندىن ئەھۋالغـا قاراپ ماددىــي كۈچنى ئــۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىككىنچــى نۇقتا:** ۋەھيىدە «كۈچ» دېگەن سـۆز بىرقانچە مەنىنــى بېرىدۇ: ئەمەلدىكى

كــۆچ، بەدەنىدىكــى كۆچ (تالۇتنىڭ كۆچىگە ئوخشــاش) ۋە مۇتلەق كۆچ.

**تۆتىنچى ئايەت:**

يۈســۈپ ئەلەيھىســساالام مۇنداق دېگەن: ﴿يۈسۈف: مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشــقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشــقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، خەزىنىنى ئوبدان ســاقلىيالايدىغان ئادەممەن، دېدى﴾ [ســۈرە يۈسۈف، 55 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچــى نۇقتــا:** «ساقلاشــنى بىلىدىغــان» دېگــەن ســۆز مــال ـ مۈلۈككە مەســئۇل كىشــىدە بولۇشــقا تېگىشــلىك ئامانەتدارلىــق ســۈپىتىنى بىلدۈرىــدۇ.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** «بىلىملىــك» دېگــەن ســۆز زىممىســىدىكى ۋەزىپىنىــڭ ئىلمىنــى بىلىشــنى بىلدۈرىــدۇ.

**بەشىنچى ئايەت:**

ئالــلاھ تائــالا تالۇت ھەققىــدە مۇنداق دەيــدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ســىلەرگە (پادىشــاھ قىلىشــقا) ئۇنــى تاللىــدى، ئۇنىڭ ئىلمىنــى زىيــادە ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى...» [ســۈرە بەقــەرە، 247 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ئايەت ئىلىم بىلەن كۈچنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئالتىنچى ئايەت:**

ئالــلاھ تائــالا مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿نۇرغــۇن پەيغەمبەرلــەر بىلــەن كۆپلىگــەن خۇداگــۈي ئۆلىمــاالار بىرلىكتــە جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھســىزلانمىدى، بوشاشــمىدى، بــاش ئەگمــىدى. ئالــلاھ ئۆزىنىــڭ يولىــدا دۇچ كەلگــەن قىيىنچىلىقلارغــا چىداشــلىق بەرگۈچىلەرنــى دوســت تۇتىــدۇ...﴾ [ســۈرە ئــال ئىمــران، 146 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

بــۇ پايدىلىــق نۇقتىلارنى بايان قىلىشــتىن بۇرۇن، مۇنۇ بىر مۇھىم نۇقتىنى ئەســكەرتىپ

ئۆتــۈش زۆرۈر: يۇقىرىدىكــى ئايەت ئۇھۇد غازىتىدا يۈز بەرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە شۇم خەۋەر تارقالغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاقــزەدە بولــۇپ، بەزىلەرنىڭ ئــۇرۇش مەيدانىدىــن چېكىنگەنلىكىدىن ئىبــارەت ئىنتايىن قىيىــن بىر ۋەزىيەتنى تەســۋىرلىگەن ئايەتلەرنىڭ قاتارىدا كەلگەن.

**بىرىنچــى نۇقتــا:** ئىلگىرى ئۆتكەن ئىســلاھاتچىلارنىڭ قىسســەلىرىنى ئەســلەپ تۇرۇش ســىناق ۋە قىيىنچىلىق پەيتلىرىدە ســاباتلىق بولۇشــقا يــاردەم بېرىدۇ. ئالــلاھ تائالا مۇنداق دەيــدۇ: ﴿كۆڭلۈڭنــى خاتىرجــەم قىلىــش ئۈچــۈن، ســاڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسســەلىرىنى بايــان قىلىــپ بېرىمىز. بــۇ قىسســەلەر ھەقىقەتنى، مۇئمىنلــەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەســىھەت ۋە ئىبرەتلەرنــى ئــۆز ئىچىگــە ئالغان﴾ [ســۈرە ھــۇد، 120 ـ ئايەت].

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئايەتتە زىكرى قىلىنغان مۇســتەھكەملىك ۋە سەۋرچانلىق سۈپەتلىرىنى ئەمەلىي ھاياتىمىزدا كۆرسىتىشىمىز لازىم.

## يەتتىنچى ئايەت:

ئالــلاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) ســەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشــەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىســم كىشــلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرســىتىدىغان پېشــۋالار قىلدۇق﴾ [سۈرە سەجدە، 24 ـ ئايەت].

بــۇ ئايــەت مۇئمىنلەرنىــڭ ســەۋر قىلمــاي تــۇرۇپ دىنىــي يېتەكچىلىــك دەرىجىســىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرســىتىدۇ. كىمكى سەۋرســىز ھالدا ئۇممەتنىڭ ئويغىنىشىغا سەۋەبچى بولىمــەن دەپ ئويلىســا، خاتالاشــقان بولىدۇ.

## سەككىزىنچى ئايەت:

﴿... كىتابنــى ئۆگەتكەنلىكــڭلار ۋە ئۇنــى ئوقۇغانلىقــڭلار ئۈچــۈن رەببانىيلاردىــن بولــۇڭلار﴾ [ســۈرە ئــال ئىمــران، 79 ـ ئايــەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** ئايەتتىكــى بــۇ خىتــاب مۇئمىنلەرگــە قارىتىلغــان بولۇپ، بــۇ ئايەت ئىســلاھاتچىلارنى يېتىشتۈرۈشــنىڭ ئەھمىيىتىنــى ۋە بــۇ ئىشــنىڭ پەيغەمبەرلەرنىــڭ تۇتقان يولــى (مەنھەجــى) ئىكەنلىكىنى كۆرســىتىپ بېرىدىغان ئەڭ كۈچلــۈك دەلىللەردىن بىرىدۇر.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** ئايەتتىكــى «رەببانىيلىــق» ئۇقۇمى شەخســنىڭ پەقــەت ئۆزىنىڭلا

مۇستەھكەم بولۇشىدىن ھالقىغان مەنىگە ئىگە. چۈنكى، «رەببانىي» دېگەن سۆز «رەببان» (يېتەكچى/باشلىق) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، «باشقۇرغۇچى، يېتەكچى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىمام ئەبۇ جەئفەر تەبەرىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتنىڭ مەنىسى: لېكىن ئۇ (پەيغەمبەر) ئۇلارغا: ئەي ئىنسانلار! سىلەر كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابىنى، ئۇنىڭدىكى ھالال ـ ھاراملارنى، پەرز ۋە سۈننەتلەرنى، شۇنداقلا كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دىنىي ئۇقۇملارنى ئۆگىتىش، تىلاۋەت قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا پېشۋالىرى، يېتەكچىلىرى ۋە رەببانىي ئالىملىرى بولۇڭلار، دەيدۇ».

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئايەتتە رەببانىيلىققا يېتىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن ۋاستە ۋەھىي (قۇرئان) نى مەنبە قىلىشتۇر. سەئدى ھەسەن خان رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىلىم ئۆگىنىش، ئۆگىتىش ۋە دەرس قىلىش ئىنساننىڭ رەببانىي بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كىمكى بۇ ئىشلارنى شۇنداق مەقسەت (رەببانىيلىق) ئۈچۈن قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئىلمى زايە كەتكەن، تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بولغان بولىدۇ».

بۇ يەردىكى «رەببانىيلىق» سۈپىتى پەقەت شەخسنىڭ ئۆزىنىڭلا ياخشى بولۇشى ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا يېتەكچى ۋە رەھبەر بولۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەرىجىگە يېتىشنىڭ يولى ۋەھيىنى (قۇرئاننى) ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشتۇر.

## توققۇزىنچى، ئونىنچى ۋە ئون بىرىنچى ئايەتلەر:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر داداللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق﴾ [سۈرە ئەھزاب، 23 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن﴾ [سۈرە ئەھقاف، 35 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە تالۇتنىڭ قىسسەسىدە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى زىكىر قىلىدۇ: ﴿... (تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا چىنپۈتىدىغانلار: ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، دېدى...﴾ [سۈرە بەقەرە، 249 ـ ئايەت].

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ھۇزەيفــە ئىبنى يەمانىي رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكــى، نەجرانلىق ئىككى ئاقســاقال (ئاقىب بىلەن ســەييىد) رەسۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا مۇباھەلــە (بىــر ـ بىرىگە لەنەت ئوقۇشــۇش) ئۈچۈن كەلدى. ئۇلارنىڭ بىــرى يەنە بىرىگە:

ــ مۇنداق قىلمايلى، ئالللاھ بىلەن قەســەمكى، ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر بولســا، بىــز ئۇنىــڭ بىلــەن لەنەت ئوقۇشســاق، بىــز جەزمــەن مەغلــۇپ بولىمىــز، ئەۋلادلىرىمىزمۇ نىجــات تاپالمايــدۇ، ــ دېدى. ئاندىن رەســۇلۇللاھقا:

ــ بىز ســەن ســورىغان نەرســىنى (جىزيەنى) بېرەيلى، ســەن بىر ئامانەتدار كىشــىنى بىزگــە قوشــۇپ قويغىــن، چوقــۇم ئامانەتدار كىشــى بولســۇن، ــ دېيىشــتى. رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم:

ــ «سىلەرگە ھەقىقىي ئامانەتدار بىر كىشىنى قوشۇپ ئەۋەتىمەن» ــ دېدى.

ســاھابىلەر كىم تالىنار دەپ تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم: «ئەبــۇ ئۇبەيــدە ئىبنى جــەرراھ، ئورنۇڭدىن تۇرغىــن!» دېدى. ئەبــۇ ئۇبەيدە ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم: «بۇ كىشى بۇ ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارىــدۇر» دېدى [ســەھىھ بۇخارىي، 4380 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئىســلاھاتچىلاردا بولۇشــقا تېگىشلىك ۋە ئۇلارنى باشقىلاردىن ئارتۇقچىلىققا ئىگــە قىلىدىغــان ئــەڭ مۇھــم ســۈپەتلەردىن بىرىنىــڭ «ئامانەتدارلىــق» ئىكەنلىكىنــى تەكىتلەيدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەرجىمھالىغا قارايدىغان بولســاق، ئــۇ زات ســاھابىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنــى ئىنتايىن ئەســتايىدىل كۆزىتەتتى ۋە ۋەزىپىلەرنــى ئۇلارنىــڭ قابىلىيىتىگــە قاراپ تەقســىم قىلاتتى. مۇرەببىيلەرنىــڭ تەربىيەلەش

جەريانىدا ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىگە دىققەت قىلماسلىق ئىسلاھاتچىلارنى يېتىشتۈرۈشتىكى چوڭ كەمچىلىكتۇر.

### ئىككىنچى ھەدىس:

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشنى (ھەق ئۈستىدە بولۇشنى) داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلارنى يالغۇز قويغانلار ياكى ئۇلارغا قارشى چىققانلار تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (قىيامەت) كەلگۈچە ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار كىشىلەر ئۈستىدىن ھەمىشە غالىب كېلىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 3641 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ھەرگىز يوقاپ كەتمەيدىغانلىقى ۋە ھەمىشە ھەقنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەردۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ خۇش خەۋەر ھەرگىزمۇ قىيىنچىلىق ۋە مەغلۇبىيەت بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ھەرقانچە ئېغىر كۈنلەردىمۇ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### ئۈچىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىراق ۋە سۆيۈملۈكرەكتۇر، ئەلۋەتتە ھەر ئىككىلىسىدە ياخشىلىق بار» [سەھىھ مۇسلىم، 2664 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتا:

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردىكى كۈچتىن ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئىرادىلىك ھەم جاسارەتلىك بولۇش كۆزدە تۇتۇلغان. بۇنداق كۈچلۈك مۇئمىن جىھاد مەيدانىدا دۈشمەن ئالدىدا قورقماس، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشتا جۈرئەتلىك، ئاللاھ يولىدا كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرلىك، ناماز، روزا ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە ئىنتايىن قىزغىن بولىدۇ».

**تۆتىنچى ھەدىس:**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بىر ئادەم ئېلىپ كېلىنىپ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچەي - باغىرلىرى چىقىپ قالىدۇ، ئۇ دوزاختا خۇددى تۈگمەن چۆرۈۋاتقان ئېشەكتەك ئۈچەيلىرى ئەتراپىدا چۆرگىلەيدۇ. دوزاخ ئەھلى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ:

— ئەي پالانى، ساڭا نېمە بولدى؟ سەن بىزنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتىڭغۇ!؟ — دەيدۇ. ئۇ كىشى:

— شۇنداق، مەن سىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇيتتىم - يۇ، ئۆزۈم قىلمايتتىم؛ سىلەرنى يامانلىقتىن توساتتىم - يۇ، ئۆزۈم قىلاتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 3267 - ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئىسلاھاتچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم سۈپەتنىڭ ئىلىمگە ئەمەل قىلىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** جەننەت، دوزاخ ۋە ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرۇش تارىختىن بېرى سالىھلارنىڭ ئۈيقۇسىنى قاچۇرغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىدۇر. ھەتتا ئاللاھ تائالا ئۆز كىتابىدا كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن سالىھ بەندىلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىلىرىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ...» [سۈرە سەجدە، 16 - ئايەت]؛ «(ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا، ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)» [سۈرە زۇمەر، 9 - ئايەت].

دېمەك، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇش ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇلارنى گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن توسىدىغان كۈچلۈك قالقاندۇر.

**بەشىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن ھەرقانداق پەيغەمبەر قوي باققان» دېگەندە،

ساھابىلەر:

ـــ سىلىمۇ باققانمۇ؟ ـــ دەپ سوراشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ «شـۇنداق، مەنمـۇ مەككىلىكلەرنىڭ قويلىرىنى بىرقانچە قىيـرات (تەڭگە) بەدىلىگە بېقــپ بەرگەن ئىدىم» دېدى [ســەھىھ بۇخارىــي، 2262 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ قوي بېقىش جەريانىنى بېشــىدىن ئۆتكۈزۈشــى ئىنســانلارنى باشــقۇرۇش ۋە يېتەكلەشــتە زۆرۈر بولغان ســەۋر ـ تاقەت، مېھىر ـ شەپقەت ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق مەشىقىدۇر.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** بۇ ھەدىس ئىســلاھاتچىلار ئۈچــۈن تەجرىبە ۋە ئەمەلىي مەشــقىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرســىتىدۇ.

# ئون ئالتىنچى باب

## ئىنايەتچىلەرنىڭ يولىنى تونۇپ يېتىش، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىگە ھوشيار بولۇش ۋە مۇناپىقلارنىڭ سۈيىقەستلىرىدىن ئاگاھ بولۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ باب ئىسلاھاتچىلار مەيلى ئۆزىنى يېتىشتۈرۈشتە بولسۇن، مەيلى ئىسلاھات يولىدىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدە بولسۇن ئەڭ موھتاج بولىدىغان مۇھىم مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلاردا يېتىلدۈرۈلگەن مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى ھوشيارلىقتۇر. ساھابىلەر دۈشمەنلەردىن قوغدىنىشتا ساددا ئەمەس، بەلكى ئەقىل - پاراسەتلىك، سەگەك، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى پىششىق بىلىدىغان خاراكتېردە يېتىشكەن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە دۈشمەنلەرنىڭ ۋاستىلىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، بىز بۇ ھوشيارلىققا تېخىمۇ موھتاجمىز.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ھوشيارلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بەزىلەر ئويلىغاندەك دىنغا مۇناسىۋەتسىز ئىش ئەمەس، بەلكى دىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر.

## ئايەتلەر

### بىرىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلغىنىمىزدەك) گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى روشەن بايان قىلىمىز﴾ [سۈرە ئەنئام، 55 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا گۇناھكارلارنىڭ يولىنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ يولىغا ئارىلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئېنىق ۋە روشەن بولۇشىنى ياقتۇرىدۇ ھەم شۇنى ئىرادە قىلىدۇ. ۋەھيى ھەل قىلماقچى بولغان ئەڭ چوڭ مەسىلىلەردىن بىرى ھەق بىلەن باتىلنىڭ، مۇئمىنلەرنىڭ يولى بىلەن گۇناھكارلارنىڭ يولىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ، مۇجمەل بولۇپ قالماسلىقىدۇر. شۇڭلاشقا، قۇرئاندا بۇ ھەقتە، بولۇپمۇ ئەھلى كىتابلار ھەققىدە توختالغان نۇرغۇن بايانلار كەلگەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت سۈرە ئەنئامدا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۈرىدە (بولۇپمۇ كېيىنكى يېرىمىدا) گۇناھكارلارنىڭ يوللىرى كونكرېت ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. بۇ سۈرىنى ئوقۇغان كىشى ئۇنىڭدا گۇناھكارلارنىڭ نۇرغۇن ئەھۋاللىرى، ئۇسۇل ـ چارىلىرى، پىرىنسىپلىرى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرى، سۆز ـ چۆچەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنىڭ تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرىدۇ.

### ئىككىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن مۇئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ، ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قورالLIرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ

بولغـان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسـۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغـا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچـى بىـر پىرقـە كېلىپ سـەن بىلـەن بىرلىكتـە (يەنى ئارقاڭـدا) ناماز ئوقۇسـۇن، (دۈشـمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىـق بىلـەن، ھوشـيار تۇرسـۇن. (دۈشـمەنلىرى بىلـەن ئۇرۇشۇشـقا تەييـار تـۇرۇش يۈزىسـىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسـۇن، كاپىرلار سـىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىـن، ئەشـيالىرىڭلاردىن غەپلەتتـە قېلىشـىڭلارنى، شـۇنىڭ بىلەن سـىلەرگە بىردىنـلا (تۇيۇقسـىزدىن) ھۇجـۇم قىلىشـنى ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى دۈشـمەنلەرنىڭ سـىلەرگە ھۇجـۇم قىلىـش پۇرسـىتىگە ئىگە بولالماسـلىقى ئۈچـۈن، ھەممىڭلار بىـرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ نامـاز ئوقۇمـاي، يۇقىرىقـى ئۇسـۇل بويىچە ئوقـۇڭلار). ئەگەر سـىلەرگە يامغۇر سـەۋەبلىك قىيىنچىلىـق تۇغۇلـۇپ قالسـا ياكى كېسـەل بولسـاڭلار، (بـۇ سـەۋەبلىك) قوراللىرىڭلارنى قويـۇپ تۇرسـاڭلار، سـىلەرگە ھېچ گۇنـاھ بولمايـدۇ، ئېھتىياتچـان ۋە ھوشـيار بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتـەن كاپىـرلار ئۈچۈن خـور قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى﴾ [سـۈرە نىسـا، 102 - ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتا:

بـۇ ئايـەت مۇئمىنلەرنى كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقـان ۋە ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ھوشـيار، سـەزگۈر تۇرۇشـقا بۇيرۇغان ۋە ئۇلارغا تەپسـىلىي يوليورۇق كۆرسـەتكەن. ئايەتتـە «ئـاگاھ بولـۇش (ھـەزەر قىلىـش)» كەلىمىسـى روشـەن ھالـدا تەكرارلانغان. بۇ ئايەت مۇئمىنلەرنى سەگەكلەشـتۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان ئومۇمىي ۋەھيىنىڭ بىر قىسـمى بولـۇپ، ئۇلارنـى ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتىمۇ غەپلەتتە قالماي، سـەزگۈر، ھوشـيار بولۇشـنى ئەسكەرتىدۇ.

### ئۈچىنچى ئايەت:

ئالـلاھ تائالا مۇنـداق دەيدۇ: ﴿بەزى كىشـىلەر مۇئمىنلەرگە زىيان يەتكـۈزۈش، كۇفرىنى كۈچەيتـىش، مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسـىنى پارچـىلاش، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشـى تۇرغان ئادەم (يەنى ئەبۇ ئامىر راھىب) نىڭ كېلىشـىنى كۈتۈش مەقسـىتىدە مەسـچىت بىنا قىلـدى. ئـۇلار: بىـز پەقەت ياخشـىلىقنىلا ئىـرادە قىلـدۇق، دەپ قەتئىي قەسـەم قىلىدۇ. ئالـلاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شـەك - شۈبھىسـىز يالغانچىلاردۇر﴾ [سـۈرە تەۋبە، 107 - ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچـى نۇقتـا:** بۇ ئايەتتـە ئاللاھ تائالا مۇئمـىن بەندىلىرىنـى مۇناپىقلارنىڭ قارىماققا ياخشـىدەك كۆرۈنىدىغـان ھىيلـە - مىكىرلىرىگـە ئالدىنىـپ قالماسـلىققا ئاگاھلاندۇرىـدۇ. مۇئمىنلەر ئۇلارنىڭ ئەسـلىي غەرەزلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشـلىرى كېرەك، چۈنكى ئەسلىي غەرەزنى

بىلىش گۇناھكارلارنىڭ ئەھۋالىنى پاش قىلىشنىڭ ۋاستىلىرىدىن بىرىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** مۇناپىقلار قوللانغان ۋاستە قارىماققا ياخشىلىق ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋاستىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلار مەسچىت سالغان ئىدى. ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە مەسچىتتىن باشقا ھەرقانداق يەردە پاساتچىلىق بولۇشى مۇمكىنلىكى كېلىشى مۇمكىن، ئەمما مەسچىتتە بۇنداق بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. لېكىن، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە شۇنى بايان قىلىدۇكى، مۇئمىنلەر ئۆزلىرىگە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىدىغان ئىچكى دۈشمەن، يەنى مۇناپىقلارغا نىسبەتەن ھوشيار بولۇشى كېرەك.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** مۇناپىقلارنىڭ بۇ مەسچىتنى سېلىشتىكى غەرەزلىرىنىڭ پاش قىلىنىشىدىكى سەۋەب مۇئمىنلەرنى ئۇلارنىڭ ئەسلىي غەرەزلىرىگە دىققەت قىلىشقا چاقىرىشتۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇق بولىدىكەن، قوللانغان ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەرنىڭ ياخشى ھەم شەرەپلىك بولۇشى ئۇلارنى ئاقلىيالمايدۇ.

**تۆتىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتىكى مەزكۇر تېمىنىڭ مەقسىتىگە دالالەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتا شۇكى، مۇئمىن كىشى سەزگۈر، ھوشيار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى مۇئمىنلەرمۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھوشيارلىق، سەزگۈرلۈك ۋە ئاگاھلىق خاراكتېرىدە تەربىيەلەنگەن ئىدى.

**بەشىنچى نۇقتا:** نۇرغۇن سالىھ كىشىلەر دۈشمەنلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن، ئىسلامغا قارشى تۈزگەن پىلانلىرىدىن، يەتمەكچى بولغان مەقسەتلىرىدىن ۋە قوللىنىۋاتقان قوراللىرىدىن غەپلەتتە قالغان بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىمىزنى مۇئمىنلەر ھوشيارلىق ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن تەربىيەلەنگەن ئاشۇ دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا، مەسىلىنىڭ ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقانلىقىغا ۋە ئىسلاھاتنىڭ كېچىكىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، نۇرغۇن سالىھ كىشىلەر ۋە ئىسلاھاتچىلار دۈشمەن ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى ئالدىدا چوڭقۇر غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆمگەن.

**تۆتىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ (لېكىن ئۇ يالغانچى مۇناپىقتۇر)، ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا، تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ (ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرگە) ئەشەددىي دۈشمەندۇر (كۆرۈنۈشتە ئۇ شېرىن سۆزى ئارقىلىق دىندار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ)﴾ [سۈرە بەقەرە، 204 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

بەزى ئىنسانلار بۇزۇق غەرەزلىرىگە يېتىش ئۈچۈن، قەلبىدىكىگە ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق پەيغەمبەرنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تىلغا ئالغان. بۇ، مۇئمىن كىشى ھەممە ئادەمدىن گۇمانلىنىشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ تاشقى ئەمەللىرىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ تۇتقان يولىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالدىنىپمۇ قالماسلىق كېرەك. ئۆلچەملىك باھالاش ئۇسۇللىرىدىن بىرى سۆزنى ئەمەلگە سېلىشتۇرۇشتۇر. ئەگەر ئىنساننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ھەقىقىي تۇتۇمى ئۇنىڭ قىلغان قەسىمىدىن بەكلا يىراق، ھەتتا ئۇنىڭغا زىت بولسا، بۇ ئەھۋال شۇ كىشىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنىڭ ۋە سۆزىگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.

## بەشىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر﴾ [سۈرە تەۋبە، 95 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئايەت ۋە سۈرە تەۋبە، سۈرە فەتىھلەردىكى باشقا ئايەتلەر قۇرئاندىن بىر قىسىم ئايەتلەرنىڭ مۇناپىقلار ھەققىدە، ئۇلارنىڭ ئۇسۇللىرى، ۋاستىلىرى، ئەھۋاللىرى ۋە سۆزلىرى ھەققىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، مۇئمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىگە نىسبەتەن ھوشيار ۋە سەزگۈر بولۇشى ئۈچۈن گۇناھكارلارنىڭ يولىنى بايان قىلىش شەرئىي مەقسەتلەردىن بىرىدۇر. بۇ تېمىغا ئاللاھنىڭ كىتابىدا بۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىلىشى ئاللاھنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىدىن شۇنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ۋە شۇنداق بولۇشىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى مۇئمىنلەر ھەر ۋاقىت گۇناھكارلارنىڭ تۇتقان يولىنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئىسلاھاتچىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىقنى توغرا تونۇشى ۋە چۈشىنىشى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن يىلان چاققان تۆشۈككە قايتا قولىنى تىقمايدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 6133 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس كىشىنىڭ زېھنىدە: «ئىمان بىلەن يىلان چاققان تۆشۈككە قايتا قولىنى تىقماسلىق ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟» دېگەن سوئالنى تۇغدۇرىدۇ. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە مۇئمىن كىشى بىلەن ھوشيارلىق، سەزگۈرلۈك ۋە ئاگاھلىق ئارىسىدا چەمبەرچاس باغلىنىش بارلىقىغا دىققەت تارتقان. بۇ ئەھۋال بىر مۇئمىنگە نىسبەتەن ھوشيارلىقنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېگىسى بولغان كىشى بىر قېتىم يىلان چاققان تۆشۈككە قايتا قولىنى تىقىدىغان دەرىجىدە غەپلەتتە قالماسلىقى كېرەك.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىمام خەتتابىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنىڭ ياسالمىسى خەۋەر بولسىمۇ، مەنىسى بۇيرۇقتۇر، يەنى مۇئمىن كىشى غەپلەتتە قېلىپ، قايتا ـ قايتا ئالدىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىلىك ھەم ھوشيار بولسۇن، دېگەنلىكتۇر. بۇنداق ھوشيارلىق دىنىي ئىشلاردا بولغىنىدەك، دۇنيالىق ئىشلاردىمۇ بولۇشى كېرەك، ئەمما دىنىي ئىشلاردا ھوشيار بولۇش ھەممىدىن مۇھىمدۇر».

**ئىككىنچى ھەدىس:**

كەئىب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر غازاتقا چىقماقچى بولسا، چوقۇم باشقا بىر يەرنى كۆرسىتىپ، (ئەسلىي نىشانىنى) يوشۇراتتى» [سەھىھ بۇخارىي، 2947 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، ساھابىلەرگە بۇ غازاتنىڭ يۈنىلىشى ئەسلىدە بىرىش پىلانلانغان يەردىن باشقا يەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت خەۋەرنىڭ سىرتقا يېيىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالماسلىقى ۋە تۇيۇقسىز زەربە بىرىش پۇرسىتىنى قولدىن بىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىدى. بىز بۇنى ھوشيارلىق، ئاگاھلىق، سەزگۈرلۈك ۋە سەۋەبلەرنى جايىدا قوللىنىش دەپ ئاتايمىز.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارىدىغان نىشاننى ئوچۇق ئېيتمايتتى، چۈنكى نىشان ئوچۇق ئېيتىلسا، مۇنۇ ئىككى خىل ئەھۋالدىن بىرى يۈز بىرىشى مۇمكىن:

1. بەزى ساھابىلەر سەل قاراپ، بىلسە بولمايدىغان كىشىلەرگە ئېيتىپ قويۇشى مۇمكىن.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە ئاڭلاۋاتقانلار ئارىسىدا مۇناپىقلار بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بەزى مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە غازاتقا چىقىپ تۇراتتى.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە ۋە مەرۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ھۇدەيبىيە قىسسەسى رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەنۇ كىنانە قەبىلىسىدىن بىر كىشى (قۇرەيشلەرگە):

— مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇڭلار، ئۇنىڭ (مۇھەممەدنىڭ) يېنىغا باراي، — دېدى. ئۇلار:

— بولىدۇ، بارغىن، — دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرگە يېقىنلاشقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ پالانى، ئۇ قۇربانلىق تۆگىلەرنى ئۇلۇغلايدىغان بىر قەۋمدىندۇر، قۇربانلىقلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىرىڭلار» دېدى.

قۇربانلىقلار چىقىرىلدى، كىشىلەر ئۇنى تەلبىيە ئېيتىپ كۈتۈۋالدى. ئۇ كىشى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ:

— سۇبھانەللاھ، بۇنداق كىشىلەر بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشتىن توسۇلماسلىقى كېرەك، — دېدى. ئاندىن ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا بارغاندا:

— مەن قۇربانلىق ئالامىتى ئېسىلغان، بەلگە قويۇلغان قۇربانلىق تۆگىلەرنى كۆردۈم، بۇ كىشىلەرنىڭ بەيتۇللاھتىن توسۇلۇشىنى توغرا دەپ قارىمايمەن، — دېدى. [سەھىھ بۇخارىي، 2732 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ھۇدەيبىيە قىسسەسىدىكى بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنىڭ ۋە قەبىلىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە، ھەر قەبىلىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىگە نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ھەيران قالارلىق مىسالدۇر. ئۇ زات ئەنە شۇ ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە شەرئىي مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئۇسۇللارنى قوللانغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىغا نۇرغۇن ئىسلاھاتچىلار سەل قارايدۇ. ئۇلار ئۆزئارا مۇئامىلىلەردە قارشى تەرەپنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلىرىنى ۋە ئىنسانىي تەرەپلىرىنى ئويلاشماي ئۇلتۇرمايدۇ، بەلكى كىشىلەرگە پەقەت «ھەق» نۇقتىسىدىنلا قارايدۇ. (يەنى ھەقنى خالىغانلار ئۇچۇن ھەق مۇشۇ، قوبۇل قىلمىسا جەھەننەمنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق، دەيدىغان قاراشتا بولىدۇ).

**ئۆتىنچى ھەدىس:**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھىجرەت ۋەقەلىكىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى بەنى دىيل قەبىلىسىدىن بىر كىشىگە، كېيىن بەنى ئەبد ئىبنى ئەدىي قەبىلىسىدىن بىر كىشىگە ھەق بېرىپ، يول باشلىغۇچى قىلدى. ئۇ كىشى يول باشلاشقا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، ئاس ئىبنى ۋائىل جەمەتى بىلەن قەسەمياد قىلىشقان، قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن ئوخشاش دىندا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىككى تۆگىسىنى تاپشۇردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ كېچىدىن كېيىن سەۋر غارىدا كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشتى. ئۈچ كېچە ئۆتكەندىن كېيىنكى سەھەر ۋاقتى ئۇ كىشى ئىككى تۆگىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار ئامىر ئىبنى فۇھەيرە ۋە ھېلىقى دىيل قەبىلىسىدىن كەلگەن يول باشلىغۇچى بىلەن بىللە يولغا چىقتى. يول باشلىغۇچى ئۇلارنى مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دېڭىز ساھىلى يولى بىلەن ئېلىپ ماڭدى» [سەھىھ بۇخارىي، 2263 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتا:**

مەككىدىن مەدىنىگە چىقىش جەريانىدا پۈتۈن يول بويى ئىنتايىن يۇقىرى ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ ئىشقا (گەرچە كاپىر بولسىمۇ) ئۆز كەسپىدە ماھىر كىشى تاللانغان

ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يول باشلاپ مېڭىشقا ئۇنىڭ بىلەن كېلىشكەن ئىدى. بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنتايىن يۈكسەك ھوشيارلىق تەلەپ قىلىنىدىغان بىر باسقۇچتا، سەۋەبلەرنى قىلىشتا نەقەدەر يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيارلىق ۋە تەدبىركارلىق بىلەن ئىش كۆرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

# ئون يەتتىنچى باب

## ياشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئىلىم ئېگىلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ياشلار «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى» ناملىق كىتابىمىزدىكى مەزمۇنلاردىن ئەڭ ئاۋۋال مەنپەئەتلىنىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇ كىتابتا ئۇلاردىن كۈتۈلىدىغىنى مۇنۇ ئىككى تۈرلۈك ئىشتۇر:

1. ھازىرقى زامان پىتنىلىرى ئىچىدە دىنىدا دۇرۇس ۋە مۇستەھكەم تۇرۇش؛

2. ئۈممەتنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقىدا ئىسلاھات رولىنى جارىي قىلدۇرۇش.

**ئىككىنچى نۇقتا:** مەزكۇر باب بىرىنچى پايدىلىق نۇقتىغا ئاساسەن تۈزۈلدى. چۈنكى، ياشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ دىنىنى يەتكۈزۈش، دىنغا خىزمەت قىلىش، دىندا ساباتلىق تۇرۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ تايانچ نۇقتىسى بولۇپ كەلگەن.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بىز ھازىر ئەڭ موھتاج بولۇۋاتقان ئىشىمىز ياشلارنىڭ توغرا يول ئۈستىدە ئىزچىل يۈرۈپ، ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رولىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەتتۇر.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ساڭا ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ بېرىمىز، ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان ۋە بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر﴾ [سۈرە كەھف، 13 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ياشلار تېخى ئۆمرىنىڭ بېشىدىلا دىندا ئۈلگە بولالايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامدا يۇقىرى مەرتىۋىسى بولىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدىغان باسقۇچلاردا، بۇ يۈكسىلىشنىڭ ئاساسىي مەنبەسى چوقۇم ياشلار بولۇشى كېرەك.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارنىڭ بەزىسى) ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇ (بۇتلارنى) ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)» دېدى﴾ [سۈرە ئەنبىيا، 60 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

ياشلار بۇ ئايەت بىلەن پەخىرلىنىشى، بۇنىڭدىن تەسەللى تېپىشى ۋە ئاشۇ ياشتىكى پەيغەمبەرلەردىن ۋە سالىھ كىشىلەردىن ئىلھام ئېلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىشى كېرەك.

**ئۈچىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پىرئەۋنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ، مۇسانىڭ قەۋمىدىن پەقەت بىر قىسىم ياشلارلا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى﴾ [سۈرە يۇنۇس، 83 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

شەيخ ئىبنى سەئدىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇساغا پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ ياش ئەۋلادلىرىنىڭلا ئىمان ئېيتقانلىقىنىڭ ھېكمىتى شۇكى، ياش ئەۋلادلار ھەقنى قوبۇل قىلىشقا ئەڭ مايىل، ئۇنىڭغا ئەڭ تېز ئەگىشىدىغان بولىدۇ. كۇفرىلىق ئۈستىدە چوڭ بولغان قېرىلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار قەلبىدىكى پاساتچىلىق ۋە بۇزۇق ئەقىدىلەر سەۋەبلىك باشقىلارغا قارىغاندا ھەقتىن يىراقراق بولىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر» [تەپسىر سەئدىي، 371 ـ بەت].

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

جۇنــدۇب ئىبنــى ئابدۇلــلاھ رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن رىۋايــەت قىلىنىدۇكــى، ئــۇ مۇنداق دېگــەن: «بىز رەسـۇلۇللاھنىڭ سـۆھبىتىدە بولغــان چاغلىرىمىــزدا بالاغەتكە يېقىنلاشـقان ياشــلار ئىــدۇق. بىــز قۇرئــان ئۆگىنىشــتىن ئىلگىــرى ئىماننى ئۆگەنــدۇق، ئاندىــن قۇرئان ئۆگەندۇق، شـۇنىڭ بىلەن ئىمانىمىز تېخىمۇ زىيادە بولدى» [ئىبنى ماجە، 61 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بــۇ ھەدىــس پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ئەتراپىدا پەقــەت ياشــانغانلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەرقايىســى ياشــتىكى كىشــىلەرنىڭمۇ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بالاغەتكە يېقىنلاشقان ئۆسـمۈرلەر پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامغا ھەمــراھ بولغــان ۋە ئــۇ زاتنىــڭ ئالاھــىدە كۆڭــۈل بۆلۈشــىگە ئېرىشــكەن. ئۇ زات ئالدى بىلــەن ئۇلارغا ئىماننى، ئاندىــن قۇرئاننى ئۆگەتكەن. ئەگــەر چەمبىرەكنىــڭ دائىرىســىنى ســەل كېڭەيتىدىغان بولســاق، ياش ـ ئۆســمۈرلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جىھادقا قاتناشــقانلىقىنى كۆرىمىز. مەســىلەن، ئۇمەير ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 16 يېشــىدا بەدر غازىتىغا قاتناشــقان ۋە شــۇ غازاتتا شــېھىت بولغان.

**ئىككىنچى ھەدىس:**

ئەبــۇ ھۇرەيــرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىن رىۋايــەت قىلىنىدۇكــى، پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دېگــەن: «ئالللاھنىــڭ سايىســىدىن باشــقا ھېچقانــداق ســايە بولمىغــان قىيامەت كۈنىــدە ئالــلاھ تائــالا ئــۆز سايىســىدا ســايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشــى باركــى، ئۇلار: ئادىــل ئىمــام، ئالللاھنىــڭ ئىبادىتــى بىلــەن چــوڭ بولغــان يــاش، قەلبى مەســچىتلەرگە باغلانغــان كىشــى، ئالــلاھ ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ياخشــى كۆرۈشــۈپ جەم بولغــان ۋە (ئۆلۈم ياكــى ســەپەر قاتارلىــق ســەۋەبلەر تۈپەيلى) بىــر ـ بىرىدىــن ئايرىلغاندىمۇ ئالــلاھ يولىدا ئايرىلغان ئىككى كىشــى، مەرتىۋىلىك ھەم گۈزەل بىر ئايال (زىنا قىلىشــنى) تەلەپ قىلســا:

‹مەن ئاللاھتىن قورقىمەن› دېگەن كىشى، ئۇلۇغ قولى بەرگەن سەدىقىنى سول قولى بىلمەيدىغان دەرىجىدە يوشۇرۇن بەرگەن كىشى ۋە يالغۇز قالغاندا ئاللاھنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلغان كىشىدۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 1423 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** قىيامەت كۈنىدىكى دەھشەتلەرنى، يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنى ۋە ئۇ كۈندىكى ئامانلىقتا بولغان قاتتىق موھتاجلىقنى ھېس قىلالىغان كىشىلا بۇ ھەدىسنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئەگەر ئىنسان پۈتۈن ئۆمرىنى ئاشۇ كۈندە ئامان قېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولسا، بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئۆتكەن بىر ئۆمۈر بولىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھەدىستە شەرىئەتنىڭ ياشلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان، چۈنكى ئىنسان ياشلىق مەزگىللىرىدە ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ، خاتا يوللارغا كىرىپ قالىدۇ.

**ئۈچىنچى ھەدىس:**

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ئىچىملىك كەلتۈرۈلۈۋىدى، ئۇ زات ئۇنىڭدىن ئىچتى. ئۇ زاتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كىچىك بىر بالا، سول تەرىپىدە پېشقەدەم ساھابىلەر ئولتۇراتتى. ئۇ زات كىچىك بالىغا:

— «بۇ ئىچىملىكنى ئاۋۋال بۇلارغا (پېشقەدەملەرگە) بېرىشىمگە رۇخسەت قىلامسەن؟»
— دەپ سورىۋىدى، بالا:

— ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىزدىن كېلىدىغان نېسىۋەمگە ئېرىشىشتە ھېچكىمنى ئۆزۈمدىن ئۈستۈن قويمايمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچىملىكنى ئۇ بالىغا بەردى [سەھىھ بۇخارىي، 5620 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ياشلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن تۇرغانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى كىچىك كۆرۈپ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ۋە قىممىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھەدىستىكى بۇ كۆرۈنۈش بالىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە ئېتىبارىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى

كۆرستىشكە يېتەرلىكتۇر. بەزى مۇرەببىيلەردە كۆرۈلىدىغان ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال شۇكى، ئۇلار دەسلەپتە كىچىك بالىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن ۋە ئۇلارغا تەلىم بېرىشتىن يانمايدۇ، ئەمما ئىلىم سەۋىيەسى ئاشقاندا ياكى بىرەر ئۇنۋانغا ئېرىشكەندە، كىچىك بالىلار بىلەن ئولتۇرۇشقا ۋە ئۇلارغا تەلىم بېرىشكە سەل قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

### تۆتىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوماندان قىلدى. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ قوماندان بولغانلىقىنى ئەيىبلەشتى (يەنى ئۇنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىنى تىلغا ئېلىشتى). شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ (يېشىنىڭ كىچىكلىكى تۈپەيلى) قوماندانلىقىغا تەنە قىلىۋاتقان بولساڭلار، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قوماندانلىقىغىمۇ تەنە قىلغان ئىدىڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ (ئۇسامە) قوماندانلىققا لايىقتۇر. ئۇنىڭ دادىسى مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك ئىنسان ئىدى، بۇ بالىمۇ دادىسىدىن كېيىن مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك ئىنساندۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 3730 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس شۇنداق بىر مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇكى، ياشلار ناۋادا لاياقەتلىك بولسا، ھەرقانچە چوڭ مەنسەپكە تەيىنلەنسىمۇ بولىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، ئىقتىدارىنى ۋە قابىلىيىتىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ساھەگە قويىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### بەشىنچى ھەدىس:

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قېنى ئېيتىڭلارچۇ! بىر خىل دەرەخ بار، ئۇنىڭ مىسالى مۇئمىننىڭ مىسالىدۇر، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىپ تۇرىدۇ ۋە يوپۇرمىقى تۆكۈلمەيدۇ» دېدى. (ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ): «مەن ئۇنى خورما دەرىخى دەپ ئويلىدىم ـ يۇ، ئۇ يەردە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق پېشقەدەم ساھابىلەرمۇ بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئۇلاردىن ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشنى ياقتۇرمىدىم. ئۇلار بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە دېمىگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ خورما

دەرىخــدۇر» دېدى. ســرتقا چىققانــدا دادامغا:

ــ دادا! ئۇنــڭ خورمــا دەرىخــى ئىكەنلىكــى كۆڭلۈمگــە كەلگەن ئىــدى، ــ دېگەن ئىدىم، دادام:

ــ نېمشــقا بايــام ئېيتمىدىــڭ؟ ئەگــەر ئويلىغىنىڭنــى ئېيتقان بولســاڭ، مــەن ئۇچۇن پــالان ـ پۇســتان نەرســىلەردىنمۇ ياخشــراق بولاتتى، ــ دېــدى. مەن:

ــ ســز بىلــەن ئەبــۇ بەكرىنىڭ بىــر نەرســە دېمىگەنلىكىڭلارنى كۆرۈپ، ســىلەردىن ئــاۋۋال ئېغىــز ئېچىشــنى ياقتۇرمىدىم، ــ دېدىم» [ســەھىھ بۇخارىــي، 6144 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىســالامنىڭ ئىلىم ســورۇنىغا ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمــەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغا ئوخشــاش پېشــقەدەملەر بىلەن بىللە، ئابدۇلــلاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغــا ئوخشــاش كىچىــك ياشــتىكىلەرنىڭمۇ ھازىــر بولىدىغانلىقىغــا دالالەت قىلىدۇ.

**ئىككىنچــى نۇقتا:** بــەزى مەســىلىلەردە چوڭلارغا نىســبەتەن بولمىغان زېھــن ئوچۇقلۇقى بەزى ياشــلارغا نىســبەتەن بولۇشــى مۇمكىن.

**ئالتىنچى ھەدىس:**

مالــك ئىبنــى ھۇۋەيرىــس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىن رىۋايــەت قىلىنىدۇكى، بىــز پەيغەمبەر ئەلەيھىســالامنىڭ ھۇزۇرىغــا كەلــدۇق، بىز تەڭتۇش ياشــلار ئىدۇق، ئۇ زاتنىــڭ يېنىدا 20 كېچــە تــۇردۇق. رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئىنتايىن مېھرىبــان، مۇلايىم زات ئىــدى. ئــۇ بىزنىــڭ ئائىلىمىزنــى ســېغىنىپ قالغانلىقىمىزنــى ھېــس قىلىــپ، بىزدىن ئۆيــدە كىملەرنــى قالــدۇرۇپ كەلگەنلىكىمىزنــى ســورىدى، بىــز ئېيتىپ بــەردۇق. ئۇ زات: «ئائىلەڭلاردىكىلەرنىــڭ يېنىغــا قايتىــڭلار، شــۇلار بىلــەن بىللە تــۇرۇڭلار، ئۇلارغــا تەلىم بېرىــڭلار ۋە (ياخشــىلىققا) بۇيــرۇڭلار. ناماز ۋاقتــى بولغاندا بىرىڭلار ئەزان ئېيتســۇن، ئەڭ پېشــقەدەمراقىڭلار ئىمــام بولســۇن» دېدى [ســەھىھ بۇخارىــي، 7246 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىســالامنىڭ ياشــلارنىڭ ئەھۋالىغا ئالاھىدە كۆڭــۈل بۆلىدىغانلىقىنــى بىلدۈرىدۇ. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئائىلىســنى ســېغىنغانلىقىنى ھېس قىلغــان ھامان قايتىشــقا بۇيرۇدى. بۇنداق ھېــس ئۇلارغا يېقىن تــۇرۇپ، ئەھۋالىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغاندا بولىدىغان ئىشــتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ياشلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، دىندا ئۆلگە بولالايدىغان، ئىلىم ۋە ئەمەل تەجرىبىلىرىنى يەتكۈزەلەيدىغان دەرىجىدە يېتىشتۈرگەن.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ھەدىستە شۇنىڭغا دالالەت باركى، ئىنسان باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلىم سەپىرىنى تولۇق تۈگىتىشى شەرت ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياخشى بىلىدىغان نەرسىلەر بىلەنمۇ مەنپەئەت يەتكۈزسە بولىدۇ.

## يەتتىنچى ھەدىس:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلىغىدا مىنگىشىۋالغان ئىدىم، ئۇ زات مۇنداق دېدى: «ئەي بالا! مەن ساڭا بىرقانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قوياي: ئاللاھنىڭ (دىنىنى) ساقلىغىن، ئاللاھمۇ سېنى ساقلايدۇ؛ ئاللاھنى ئۇنتۇمىغىن، ئۇنى ئالدىڭدا تاپىسەن؛ بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭ، ئاللاھتىن سورىغىن؛ ياردەم تىلىمەكچى بولساڭ، ئاللاھتىن تىلىگىن. شۇنى بىلگىنكى، پۈتۈن ئۈممەت ساڭا بىرەر پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ، پەقەت ئاللاھ ساڭا پۈتكەننىلا يەتكۈزەلەيدۇ. ناۋادا ساڭا بىرەر زىيان سېلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ، پەقەت ئاللاھ ساڭا پۈتكەن زىياننىلا سالالايدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، سەھىپىلەر قۇرۇپ بولدى» [تىرمىزىي، 2516 ـ ھەدىس].

## سەككىزىنچى ھەدىس:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا ھېكمەتنى ئۆگەتكىن» دەپ دۇئا قىلدى [سەھىھ بۇخارىي، 3756 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** «ئەي بالا! مەن ساڭا بىرقانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قوياي» دېگەن جۈملىدە ئىككى پايدىلىق نۇقتا بار:

1. ياش ئۆسمۈرلەرگىمۇ تەلىم بېرىشنىڭ مۇھىملىقى؛

2. مۇرەببىيلەرنىڭ تەربىيەلىنىۋاتقان كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، شۇنىڭغا ماس نەسىھەت قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، ئۆسمۈرلەرگە بېرىلىدىغان ئەڭ مۇھىم دەرس مۇنۇ ئىككى ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەرستۇر:

1) ئاللاھنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەش؛

2) قەلب ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە سۆزلەش.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** يەنە بىر ھەدىستە (سەككىزىنچى ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى ئابباسنى باغرىغا باسقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببىتىنى ھېس قىلدۇرغانلىقى بايان قىلىنغان.

**تۆتىنچى نۇقتا:** يەنە بىر ھەدىستە (سەككىزىنچى ھەدىس) ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ۋە ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىشنىڭ مۇھىملىقى كۆرسىتىلگەن.

**توققۇزىنچى ھەدىس:**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، مەن ئەنسارلاردىن بىر كىشىگە:

— ئەي پالانى! بۇياققا كەلگىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن (ئىلىم) سوراپ ئۆگىنىۋالايلى، چۈنكى ئۇلار بۈگۈن كۆپ، — دېدىم. ئۇ كىشى:

— ئەي ئابباسنىڭ ئوغلى! قىزىق ئىكەنسەن، شۇنچە كۆپ ساھابە تۇرسا، كىشىلەرنىڭ ئىلىمدە ساڭا ئېھتىياجى چۈشەمتتى؟ — دېدى.

ئۇ بۇرادەر شۇنداق دەپ ئىلىم ئېلىشتىن ۋاز كەچتى، مەن بولسام سوراپ ئىلىم ئېلىشقا يۈزلەندىم. بىرەر كىشىنىڭ بىر ھەدىس بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىسام، ئۇنىڭ ئۆيىگە باراتتىم؛ ئۇ چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئېلىۋاتقان بولسا، مەنمۇ چاپىنىمنى بېشىمغا قويۇپلا ئىشىك ئالدىدا ياتاتتىم. شامال يۈزۈمگە توپا - چاڭلارنى ئۇچۇراتتى. ئۇ كىشى ئۆيىدىن چىقىپ، مېنى كۆرگەندە:

— ئەي رەسۇلۇللاھنىڭ جىيەنى، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ خەۋەر بەرسەڭ، ئۆزۈم ئالدىڭغا باراتتىم ئەمەسمۇ؟! — دەيتتى. مەن:

— ياق، مەن سېنىڭ يېنىڭغا كەلگىنىم ياخشى، — دەيتتىم ۋە ئۇنىڭدىن ھەدىس سوراپ ئۆگىنىۋالاتتىم.

(كېيىنكى كۈنلەردە) ھېلىقى ئىلىمدىن ۋاز كەچكەن كىشى ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن مېنىڭ ئەتراپىمغا ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ بۇ يىگىت مەندىن كۆپ ئەقىللىق ئىكەن، ــ دېدى [دارىمي، 590 ـ ھەدىس].

**ئونىنچى ھەدىس:**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى بەدرى غازىتىغا قاتناشقان، پېشقەدەم ساھابىلەر بار سورۇنغا ئېلىپ كىرەتتى. ئۇلاردىن بەزىسى:

ئېلىپ كېلەيلى دېسەك، بىزنىڭمۇ بۇنچىلىك ئوغلانلىرىمىز بار، نېمشقا بۇ بالىنى بۇ سورۇنغا ئېلىپ كىرىسەن؟ ــ دېيىشتى. ئۆمەر:

ــ ئۇنىڭ كىملىكىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر (يەنى ئۇ پەيغەمبەرنىڭ تۇغقىنى ھەم ئىلىم ئىگىسىدۇر)، ــ دېدى.

بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى چاقىردى، مېنىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چاقىردى. مېنىڭچە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ كۈنى مېنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا چاقىرغان ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن:

ــ ﴿ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ھەمدە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ تۈپ ـ تۈپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇسانا ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴾ دېگەن بۇ نەسىر سۈرىسى ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟ ــ دەپ سورىۋىدى، ئۇلاردىن بەزىسى:

ــ بىزگە نۇسرەت بېرىلگەنىدە ۋە غەلىبە قىلغاندا ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا ۋە مەغپىرەت تىلەشكە بۇيرۇلدۇق، ــ دېسە؛ يەنە بەزىسى:

ــ بىلمەيمىز، ــ دېيىشتى ياكى ھېچنېمە دېمىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا قاراپ:

ــ ئەي ئىبنى ئابباس، سەنمۇ شۇنداق قارامسەن؟ ــ دېدى. مەن:

ــ ياق، ــ دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا نېمە دەيسەن؟ ــ دېدى. مەن:

ــ بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇنى بىلدۈرگەن: ﴿ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا تۈپ ـ تۈپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە﴾

دېگـەن ئايەتنىڭ مەنىسـى: مەككىنىڭ پەتھى بولۇشـى سـېنىڭ ئەجىلىڭ يېقىنلاشـقانلىقىنىڭ بەلگىسـىدۇر، شـۇڭا ﴿رەببىڭگە تەسـبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇسـانا ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىـن. ئاللـاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىـدۇر﴾ دەپ بۇيرۇلغان، ــ دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ:

ــ مەنمۇ بۇ ئايەتتىن پەقەت سـەن بىلگەننى بىلىمەن، ــ دېدى» [سـەھىھ بۇخارىي، 4294 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچـى نۇقتا:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بـۇ قىزغىنلىقى ۋە ئىلىمگە بولغان تەشـنالىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيەسى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

**ئىككىنچـى نۇقتـا:** يەنـە بىـر ھەدىسـتە (ئونىنچـى ھەدىـس) مۇرەببىيلەرنىـڭ بەزى ياشـلارنىڭ ئالاھـىدە كۆڭـۈل بۆلۈشـكە لايىـق ئىكەنلىكىنـى كۆرسـىتىپ قويـۇش ئۈچۈن خىلمۇخىل سـورۇنلاردا سۆزلىشـىگە رۇخسـەت قىلىشـى ياكى ئۇلارنى ئىمتىھان قىلىشى لازىم ئىكەنلىكىگـە ئىشـارەت قىلىنغان.

## ئون بىرىنچى ھەدىس:

ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمادىن مۇنـداق رىۋايەت قىلىنغان: «ئۆمـەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سورۇنداشـلىرى ۋە مەسـلىھەتچىلىرى قېرى بولسـۇن ياكى ياش بولسـۇن، قۇررالار (يەنـى قۇرئـان ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى) ئىدى» [سـەھىھ بۇخارىـي، 7286 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

ھافىـز ئىبنـى ھەجـەر ئەسـقەلانىي رەھىمەھۇلـلاھ «قـۇررالار» دېگـەن سـۆزنى «ئىلىم بىلـەن ئىبادەتنـى جەم قىلغـان كىشـىلەر» دەپ چۈشـەندۈرگەن.

## ئون ئىككىنچى ھەدىس:

سـەئد ئىبنـى ئەبـى ۋەققاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىن رىۋايـەت قىلىنىدۇكى، ئـۇ باللىرىغا خـۇددى مۇئەللىـم باللارغـا خەت يېزىشـنى ئۆگەتكەندەك مۇنـۇ كەلىمىلەرنـى ئۆگىتەتتى ۋە مۇنـداق دەيتتى: رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم نامازنىڭ ئاخىرىـدا مۇنۇلاردىن پاناھلىـق تىلەيتتـى: «ئى ئاللاھ! مەن سـاڭا سـېغىنىپ قورقۇنچاقلىقتىن پانـاھ تىلەيمەن، ئۆمرۈمنىـڭ ئـەڭ خار (قېرىلىق) باسـقۇچىغا بېرىپ قېلىشـىدىن پاناھ تىلەيمـەن، دۇنيانىڭ

پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن» [سەھىھ بۇخارىي، 2822 - ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ساھابە كىراملارنىڭ كىچىك باللارغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھەممىدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بولغانلار ئۆي ئىچىدىكى پەرزەنتلىرىمىزدۇر.

# ئون سەككىزىنچى باب

## ئاياللارنىڭ ئىلىم تارقىتىش ۋە ئىسلامغا ياردەم بېرىشتىكى رولى، ئۇلارنىڭمۇ ياخشىلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنىڭغا ئالدىرىشى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئاياللار مەسىلىسىگە ئالاقىدار بۇ باب كىتابنىڭ «دىندا ساباتلىق تۇرۇش ۋە دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان ياش مۇسۇلمانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش» تېمىسىدا كەلگەن. بۇ بابنىڭ مەقسىتى پەقەت ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنىلا بايان قىلىش ئەمەس.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ باب ئاياللارنىڭمۇ بۇ كىتابنىڭ نىشانلىق ئوقۇرمەنلىرى جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈلگەن. گەرچە ئاياللارنىڭ ئۈستىدىكى كونكرېت ۋەزىپىلەر ئەرلەرنىڭكىدىن پەرقلىق بولسىمۇ، ئىككىلىسى دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىدە ئورتاقتۇر.

# ئايەتلەر

## بىرىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇئمىن ئەرلەر بىلەن مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ [سۈرە تەۋبە، 71 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت مۇئمىن ئەرلەر بىلەن مۇئمىن ئاياللار ئارىسىدا كۈچلۈك رىشتە بەرپا قىلىدۇ ۋە ئاساس سالىدۇ. بولۇپمۇ بۇ رىشتە ئەر ۋە ئاياللار ئارىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىدىغان چوقانلار يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن مۇشۇ دەۋردە ئىنتايىن مۇھىم.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «دوستلۇق»نىڭ ئىچىگە بىرىنچى بولۇپ ياردەم بېرىش ۋە ياخشى كۆرۈش كىرىدۇ. مۇئمىن كىشىنىڭ ياردەم بېرىش دەرىجىسى ياردەم بېرىلگۈچىنىڭ ئەر ياكى ئايال بولۇشىغا قاراپ ئازايمايدۇ ياكى كۆپەيمەيدۇ، بەلكى بۇنىڭدىكى ئۆلچەم ئىماندۇر، يەنى كىمدە ئىمان بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئايەت ئاياللارنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت رولى بارلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. نەتىجىدە ئايال كىشى زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلالايدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مەجبۇرىيەتلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتكە پايدىسى يېتىدىغان مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ (ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، تەبىئىتى ۋە بەلگىلەنگەن چېگرالىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا) ئىسىدىن چىقارمايدۇ.

## ئىككىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن، دېدى﴾ [سۈرە تەھرىم، 11 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئايال كىشى ئۆزىنى كەمستىمەسلىكى كېرەك، چۈنكى ئۇ مۇئمىنلەرگە ئۈلگە ۋە نەمۇنە بولالايدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىسلام ئايال كىشىنى ئەر مۇئمىنلەر نائىل بولغان شەرەپ، يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئۈلگە بولۇش دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتكىنى يوق.

# ھەدىسلەر

## بىرىنچى ھەدىس:

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئەرلەر سىزنىڭ يېنىڭىزدا بىزدىن (ياخشىلىقتا) ئېشىپ كەتتى، بىزگىمۇ مەخسۇس بىر كۈننى ئاجرىتىپ بەرسىڭىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا بىر كۈننى ۋەدە قىلىپ، شۇ كۈنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋەز - نەسىھەت قىلدى ۋە (ياخشىلىقلارغا) بۇيرۇدى. ئۇ زات ئاياللارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىۋېتىپ: «سىلەردىن قايسىبىر ئايالنىڭ ئۈچ پەرزەنتى ئۇنىڭدىن بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاختىن توسىدىغان پەردە بولىدۇ» دېگەن ئىدى، ئارىدىن بىر ئايال:

— ئىككى پەرزەنتى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئىككى پەرزەنتى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ شۇنداق» — دەپ جاۋاب بەردى [سەھىھ بۇخارىي، 101 - ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئاياللارنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلىم، ئىمان ۋە ھىدايەتتىن نېسىۋىسىنى ئېلىشقا نەقەدەر ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارغا قىلغان خىتابىدىن چىقىپلا تۇرىدىغان بىر نۇقتا ۋەز - نەسىھەتتۇر. ئۇ زات ئاياللارغا ۋەز - نەسىھەت قىلاتتى. بۇ نۇقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىدىغان دەۋەتچىلەر ئۈچۈن شۇنداق بىر ئاساس تىكلەپ بېرىدۇكى، ئاياللارغا ۋەز - نەسىھەت بىلەن خىتاب قىلىش ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرىدۇر.

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرى نېمىدېگەن ياخشى ئاياللار ـ ھە! ھايا ئۇلارنىڭ دىنىنى چۈشىنىشىنى توسۇپ قالمىغان ئىدى» [سەھىھ مۇسلىم، 332 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئىلىمنىڭ بايراقدارلىرى بولۇپ كەلگەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش تەلەپ قىلىنغاندا، ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن پەرقلىق خۇسۇسىيەتلىرى بارلىقى مۇقەررەر. شۇڭا، ئەرلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغان ھەر ئىش ئاياللاردىن تەلەپ قىلىنمايدۇ، ئەمما ئىككىلىسى ئاساسىي پرىنسىپتا ئورتاقتۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللاردا كۆچلۈكرەك بولىدىغان بەزى تۈيغۇلار نورغۇن ساھەلەردە يۇقىرى دەرىجىلەرگە يېتىشكە توسالغۇ بولىدۇ، دەپ قارىلىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ھەدىس شۇنى بايان قىلىدۇكى، شەرم ـ ھايا ئايال كىشىدىن يوقالسا بولمايدىغان مۇھىم ئەخلاق بولسىمۇ، ئۇ دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك.

**تۆتىنچى نۇقتا:** مەزكۇر ھەدىستە «سوئال سوراش» دىنىنى چوڭقۇر چۈشىنىشتىكى ئاساسىي ئامىل سۈپىتىدە كەلگەن.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى بولغان بىزلەرگە بىرەر ھەدىس قىيىن تۇيۇلۇپ قالسا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورىساقلا، چوقۇم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۇنىڭغا دائىر بىر ئىلىم تاپاتتۇق» [تىرمىزىي، 3883 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇن ئىلىم ئۆگەنگەن. بۇ ئىلىم پەقەت ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئائىلىسىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىلىمنى زىيادە قىلىدىغان مۇنۇ تىرىشچانلىقلىرى سەۋەبلىك بولغان:

1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەللىرىگە ئىنتايىن سەزگۈر ۋە ھوشيار بولۇش؛

2) داۋاملىق سوئال سوراش ۋە ئىپنقلاش.

**ئىككىنچــى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام ۋاپات بولغانـدا ئائىشــە رەزىيەللاھۇ ئەنھا 18 يــاش ئەتراپىدا ئىــدى. بۇ ئەھۋال مۇنۇ ئىككــى نۇقتىنى بىلدۈرىدۇ:

1) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىنتايىن ئەقىللىق، زېرەك ۋە زېھنى ئۆتكۈر ئايال ئىدى.

2) بــۇ ياشــتىكى قىزلارغــا ســەل قاراشــقا بولمايــدۇ، چۈنكــى ئۇلارنىڭ ئارىســىدا ئىلىم ئۆگىنىــش، ئىلىمنــى جــەم قىلىــش ۋە دىنىنــى ســاقلاش قابىلىيىتــى بولىدىغانلىــرى كۆپ بولىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ ســۈننىتى ۋە ئــەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغانــلار تىلغــا ئېلىنىدىغان بولســا، ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھا ئالدىنقــى قاتاردىكىلەردىن بىرىــدۇر. ئۇنىڭدىــن ئىلىــم ئۆگەنگەنلــەر ئارىســىدا پەقەت ئايالــلارلا ئەمــەس، ئەرلەرمۇ بار ئىــدى. ئۇلار مۇنــداق ئىككى تۈرلــۈك بولۇپ:

1) ئۇنىــڭ تۇغقانلىــرى ۋە مەھرەملىرى: بۇلارنىڭ ئەڭ مەشــھۇرلىرى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ۋە قاســىم ئىبنــى مۇھەممەد ئىبنــى ئەبۇ بەكرىدۇر. بۇلار ئىســلام ئىماملىرىدىن بولۇپ، ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا ئۇلارنىڭ ئىلىم جەھەتتە يېتىشىشــىگە ئەڭ چوڭ تۆھپە قوشــقان.

2) تۇغقىنــى ۋە مەھرىمــى بولمىغانــلار: بۇلارنىــڭ ئەڭ مەشــھۇرلىرى ئەبۇ ســەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمــان ئىبنــى ئەۋف، ئەســۋەد ئىبنى يەزىد، ئەلقەمە ئىبنى قەيس ۋە مەســرۇق ئىبنى ئەجدەئ قاتارلىقلاردۇر.

**تۆتىنچــى نۇقتــا:** دەۋەتچىلەر ۋە ئىســلاھاتچىلار ئاياللارنىڭ دىققىتىنــى ئىلىم ۋە فىقھىدا يۇقىــرى مەرتىۋىلەرگــە يەتكــەن ســالىھە ئۆلىمالەرنىــڭ بارلىقىغــا تارتىــش ئۈچۈن، ئائىشــە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نەمۇنىلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشــى كېرەك. مۇســۇلمان ئاياللار ئاشــۇ ئۆلىمالەرنىڭ يولىدىن بىرەر نىيــشــانىغا يېتىشكەن ئۇلارنىڭ ھۆســنىگە ھۆســن قوشــىدۇ.

**تۆتىنچى ھەدىس:**

رۇبەييىئ بىنتى مۇئەۋۋىز رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام بىلــەن غازاتلارغــا چىقاتتــۇق، كىشــىلەرگە ســۇ بېرەتتــۇق، ئۇلارغــا خىزمــەت قىلاتتــۇق، يارىدارلارنــى ۋە ئۆلگەنلەرنــى مەدىنىگە قايتۇرۇپ ئەكېلەتتۇق» [ســەھىھ بۇخارىي، 2883 ـ ھەدىس].

## بەشىنچى ھەدىس:

ئۇممۇ ئەتىييە ئەلئەنسارىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن يەتتە غازاتقا قاتناشتىم. مەن ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىغا قارايتتىم، ئۇلارغا تاماق ئېتەتتىم، يارىدارلارنى داۋالايتتىم ۋە كېسەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتىم» [سەھىھ مۇسلىم، 1812 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** جىسمانىي قۇۋۋەت ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك پەرقلەردىن بىرىدۇر، شۇنداقتىمۇ بۇ ئەھۋال ئايال كىشىنىڭ جىھاد مەيدانلىرىدىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توسالغۇ بولمىغان. ئەسلىدە شەرىئەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش بابىدا ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھۆكمىنى پەرقلەندۈرگەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئۈممىتىدە ئاڭ ـ سەۋىيە يېتىلدۈرۈش ۋە ئۈممەتنىڭ مەسىلىلىرىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىش ئارقىلىق ھەسسە قوشۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. ئايال كىشىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش توغرا ئەمەس.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ساھابە خانىملارنىڭ خىزمەتلىرى ئاياللارغا خاس بەزى ھۆكۈملەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەرلەردىن تەلەپ قىلىنغان ھەر ئىش ئاياللاردىن تەلەپ قىلىنمايدۇ، ئەمما ئۇلارمۇ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارغا قاتناشسا بولىدۇ.

## ئالتىنچى ھەدىس:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھىجرەت قىسسەسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتۇق، بىرەيلەن ئەبۇ بەكرىگە:

ــ ئەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى ئوراپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلمەيدىغان بىر ۋاقىتتا كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئاتام ـ ئانام ئۇ زاتقا پىدا بولسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ زات بۇ ۋاقىتتا چوقۇم بىرەر مۇھىم ئىش ئۈچۈن كەلدى، ــ دېدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ كىرىشكە رۇخسەت سورىدى، رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ «يېنىڭدىكىلەر چىقىپ تۇرسۇن» ــ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتام سىزگە پىدا بولسۇن، بۇلار سىزنىڭلا ئائىلىڭىز (يەنى ئۆز كىشىلىرىمىز)، — دېدى. ئۇ زات:

— «ماڭا (مەككىدىن) چىقىشقا رۇخسەت قىلىندى» — دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتام سىزگە پىدا بولسۇن، ھەمراھ بولمەنغۇ!؟ — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ھەئە» — دېدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئاتام سىزگە پىدا بولسۇن، بۇ ئىككى ئۇلغىمنىڭ بىرىنى ئېلىڭ، — دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ھەققىنى بېرىپ ئالىمەن» — دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇ ئىككى تۆگىنى ناھايىتى تېز سەپەرگە تەييارلىدۇق، بىر تېرە خالتىغا يول ئوزۇقى سالدۇق. ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما ئۆزىنىڭ بەلۋېغىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىرى بىلەن خالتىنىڭ ئېغىزىنى باغلىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ «قوش بەلۋاغلىق ئايال» دەپ ئاتالدى، [سەھىھ بۇخارىي، 3905 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ پىداكارلىقى ئۇنىڭ شەخسىي كىملىكىگە شەرەپ قوشتى، ئۇ تارىخ مابەينىدە ئاشۇ پىداكارلىقى سەۋەبلىك «قوش بەلباغلىق ئايال» دەپ تونۇلدى.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئەسمانىڭ بۇ پىداكارلىقى ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك ئىشتىياقتىن كەلگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا ياردەم بېرىش، ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە پىداكارلىق روھى ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىگەندە، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گۈزەل ئىشلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

## يەتتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت كۈنلىرى (مۇسەللاغا) چىقىپ، ئاۋۋال ناماز ئوقۇيتتى. نامازنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە قاراپ ئورنىدىن تۇراتتى، كىشىلەر سەپلىرىدە ئولتۇراتتى. ئەگەر بىرەر قوشۇن ئەۋەتىش ئېھتىياجى بولسا تىلغا ئالاتتى ياكى باشقا بىرەر ئىش بولسا بۇيرۇيتتى. ئۇ زات: «سەدىقە بېرىڭلار، سەدىقە

بىرىــڭلار، ســەدىقە بېرىــڭلار» دەيتتــى. ئــەڭ كــۆپ ســەدىقە بېرىدىغانلار ئاياللار ئىدى [ســەھىھ مۇســلىم، 889 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بۇ ھەدىــس ئاياللارنىــڭ مۇئمىنلەر ئارىســىدىكى ھەمكارلىــق، ئۆزئارا يــاردەم ۋە ئېھتىياجنــى قامداشــقا كاپالەتلىــك قىلىدىغــان ئىبادەتلەرگــە قاتنىششــتىكى ياخشــىلىق تەرىپىنــى بايــان قىلىدۇ.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** ســەدىقە بەرگەنــدە ھەمىشــە مۇنۇ ئىككــى نۇقتىنى ئەســتە تۇتۇش كېرەك:

1. ئېھتىياجنــى قامــداش: كىشــى ھاجەتمەنلەرگــە ۋە پېقىرلارغا بولغان ھېسداشــلىقى ۋە رەھىم ـ شــەپقىتى يۈزىســىدىن ســەدىقە بېرىدۇ.

2. ســەدىقە بەرگۈچى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ســەدىقە بېرىشــكە ئېھتىياجلىــق ئىكەنلىكىنــى ئېســىدىن چىقارماســلىق: چۈنكــى، ســەدىقە دوزاخ ئازابىدىــن ســاقلايدۇ. پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام ئاياللارنــى ســەدىقىگە رىغبەتلەندۈرگەنــدە، مۇشــۇ ئىككىنچــى نۇقتىنــى ئالاھىــدە تەكىتلىگەن.

**ئۈچىنچــى نۇقتــا:** مۇئمىن ئــەر ۋە ئاياللاردا بۇيرۇققــا دەرھال ئاۋاز قوشــۇش ۋە ئىتائەت قىلىــش روھىنى قايتىدىن تىرىلــدۈرۈش كېرەك.

**تۆتىنچــى نۇقتا:** بۇ ھەدىســلەر ۋە ئايەتلــەر ئاياللارنى پەقەت «ھوقــۇق» كۆزى بىلەنلا قارايدىغــان قىلىــپ قويىدىغــان «فېمىنىــزىم» (ئايالــلار ھوقۇقچىلىقى) ئېقىملىرىغا قارشــى تۇرۇشــتىكى قورالــدۇر. ئايــال كىشــىنىڭ ئۆمرىنــى پەقەت «مــەن زۇلۇمغــا ئۇچرىدىم» دەپ ئۆتكۈزۈشــى ئــەڭ يامــان مۇســىبەتلەرنىڭ بىرىــدۇر. دۇرۇس، ئاياللارغــا زۇلــۇم قىلىنغــان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس، بۇ باشــقا مەســىلە؛ ئەمما فېمىنىســت ئاياللاردىكــى ناچار تەبىئەت شــۇكى، ئــۇ پەقــەت ئۆزىنىــڭ ھوقۇقلــۇق ئىكەنلىكىنىــلا كۆرىدۇ، ھــەر نەرســىنى ماددىي مەنپەئــەت بىلەنــلا ئۆلچەيــدۇ. بۇنداق قاراشــتىكى ئايالــلار فېمىنىزم سۈيىقەســتلىرىگە ئەڭ ئاســان ئالدىنىدىغان ئاياللاردۇر. ئەســلىدە ئايال كىشــى مۇنۇ ئىككى كۆزى بىلەن قارىشــى كېرەك:

ئۆز مەســئۇلىيىتىگە، ئاللاھقا بولغان قۇللۇقىغا، ئىسلامغا نۇسرەت بېرىشكە، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشــقا ۋە ئائىلە ـ نىكاھ ۋەزىپىلىرىگە قارايدىغان كۆزى بىلەن.

ئۆزىنىــڭ ھۆرمەت قىلىنىشــى، ھوقۇقلىرىنى ئېلىشــى ۋە ئاجىز تــەرەپ بولغانلىقى ئۈچۈن رىئايە قىلىنىشــىغا قارايدىغــان كۆزى بىلەن.

كۆنىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە ئايالنىڭ بىرىنچى كۆزنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، پەقەت ئىككىنچى كۆزى بىلەنلا قارىشىدۇر.

**سەككىزىنچى ھەدىس:**

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جىھادقا چىقىشقا رۇخسەت سورىۋىدىم، ئۇ زات: «سىلەرنىڭ جىھادىڭلار ھەج قىلىشتۇر» دېدى [سەھىھ بۇخارىي، 2875 ـ ھەدىس].

**توققۇزىنچى ھەدىس:**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدە مەسئۇل (باققۇچى) دۇر ۋە قول ئاستىدىكىلەردىن جاۋابكاردۇر».

# ئون توققۇزىنچى باب

## ھەق يولدا ساباتلىق تۇرۇش ۋە دىنىدىن يېنىۋېلىشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ساباتلىق تۇرۇش مۇئمىن كىشى ئۈچۈن ئىمانىي تەلەپلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر. مۇئمىن كىشى مۇنۇ ئىككى ئىشنى دائىم ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك:

1. ھەقنى تېپىش (ھىدايەت يولىغا كىرىش)؛

2. ئۆزى ھىدايەت تاپقان شۇ ھەق يولدا ساباتلىق مېڭىش.

**ئىككىنچى نۇقتا:** مۇئمىن كىشىنىڭ ساباتلىق مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى ۋە دىنىدىن يېنىۋېلىش خەۋپىنى كۆڭلىگە كەلتۈرمەسلىكى دىنىدىن يېنىۋېلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** دىندا ساباتلىق بولۇشنى تىلەش ۋە دىنىدىن يېنىۋېلىشتىن قورقۇش سالىھ كىشىنىڭ زېھنىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان مۇھىم مەسىلىلەردىندۇر.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرۇۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾ [سۈرە ئال ئىمران، 8 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئايەتتىكى بۇ دۇئا ئىلىمدە چوڭقۇر ئۆلىمالار (راسىخۇنلار) نىڭ دۇئاسىدۇر. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىلىمدە يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلەرنىمۇ ئىماندا ساباتلىق بولۇش مەسىلىسى ئەندىشىگە سالىدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇ مەسىلىگە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۈگۈنكى كۈندە بىز تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلى «ساباتلىق بولۇش» ھەققىدە سۆزلىشىشكە بەكرەك ئېھتىياجلىق:

1. ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە تۈرلۈك شەھۋەت پىتنىلىرى؛

2. يامراپ كەتكەن ۋە مەنبەلىرى كۆپەيگەن شۈبھە پىتنىلىرى؛

3. دىنىدا چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغانلار دۇچ كېلىدىغان تۈرلۈك سىناق ۋە قىيىنچىلىقلار؛

4. نەپسىدە ئىنسانىنى تەۋرىتىۋېتىدىغان ئامىللار.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) غا شۇنداق

بىر ئادەمنىڭ قىسسەسىنى سۆزلەپ بەرگىن، ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنى بەردۇق (يەنى كىتابۇللاھنىڭ بەزى ئىلىملىرىنى ئۆگەتتۇق). ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتى، ئۇنىڭغا شەيتان ئاپىرىدە بولۇشى بىلەنلا گۇمراھلاردىن بولۇپ كەتتى﴾ [سۈرە ئەئراف، 175 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت ئىنتايىن قورقۇنچلۇقتۇر، چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ شەرىئەتتە يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەن تەقدىردىمۇ، ئىمان نېمىتىدىن مەھرۇم قىلىنىشتىن خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** دىندىن يېنىۋېلىش چوقۇم ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىقارغان قارارى بولۇشى ناتايىن. بەلكى ئۇ بەزى يامان قىلمىشلىرى تۈپەيلى ئاللاھ تائالا قەلبىگە سالغان جازا بولۇشى مۇمكىن. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتتە ئېيتقاندەك ئىشتۇر: «ئۇلار (سەدىقە قىلىمىز، ياخشىلاردىن بولىمىز دەپ) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى ۋە (ئىماننى ۋە ئېھساننى دەۋا قىلىشتىكى) يالغانچىلىقلىرى تۈپەيلى، ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) گە قەدەر مۇناپىقلىقنىڭ دىللىرىدا (يىلتىز تارتىپ) تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئىشىنىڭ) ئاقىۋىتى قىلدى» [سۈرە تەۋبە، 77 ـ ئايەت].

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئىسلاھاتچىنىڭ دىندىن يېنىۋېلىشىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەبلەر:

1. دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش؛

2. ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىش.

## ئۈچىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشىنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق﴾ [سۈرە ئەھزاب، 23 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مەدىنىنى مۇھاسىرىگە ئالغان ئەھزاب (بىرلەشمە قوشۇن) پەيتىنىسىگە ئوخشاش بۆيۈك پەيتلەر كەلگەندە ساباتلىق تۇرغان بىر تۈركۈم

مۇئمىنلەرنى تىلغا ئالدۇ. بۇ مۇھاسىرە بەزى مۇناپىقلارنىڭ مۇناپىقلىقى ئاشكارىلىنىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى، چۈنكى قورقۇنچاقلىق مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قۇرئاندا نامى مەڭگۈلۈك قىلىنغان بۇ روھقا ئەگىشىش پۇرسىتى تېخى تۈگىگىنى يوق. مۇئمىن كىشى ساباتلىق تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە يېتەلەيدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** دىندا ساباتلىق تۇرۇش ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەكلىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن بولسا، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن). ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾ [سۈرە ئال ئىمران، 144 ـ ئايەت].

# ھەدىسلەر

### بىرىنچى ھەدىس:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇم، ساڭا يۈزلەندىم، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن (دۈشمەنلەرگە) قارشى تۇردۇم. ئى ئاللاھ! مېنى ئازدۇرۇپ قويۇشتىن سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن پاناھ تىلەيمەن. سەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. سەن مەڭگۈ تىرىكتۇرسەن، ئۆلمەيسەن؛ جىنلار ۋە ئىنسانلار بولسا ئۆلىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 7383 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس مۇئمىن كىشىنىڭ قەلبىدىكى ساباتلىقنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشتىن قورقۇش تۇيغۇسىنى تەكىتلەيدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** مۇئمىن كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مۇشۇ دۇئانى قىلىشى كېرەك. «ساباتلىق بولۇش» مەسىلىسى مۇئمىن كىشىنىڭ زېھنىدىن قەتئىي كۆتۈرۈلۈپ كەتمەسلىكى لازىم.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئىنسان دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ خەتەرلەردىن بىرى ئىلىم ۋە دەۋەت يولىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆزىنى دىندىن يېنىۋېلىشتىن كاپالەتكە ئىگە بولدۇم دەپ، خاتىرجەم بولۇشىدۇر.

### ئىككىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى سەرجىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىققاندا سەپەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىدىن، قايتقاندا قايغۇلۇق قايتىشتىن، ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىققا قايتىشتىن، مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن، ئائىلە ۋە مال ـ مۈلۈكتە ناچار مەنزىرىنى كۆرۈشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ

تىلەيتتى» [سەھىھ بۇخارىي، 1344 ـ ھەدىس].

ئىمام تىرمىزىي ۋە باشقىلار «الحور بعد الكور» دېگەن سۆزنى: «ئىماندىن كېيىن كۇفرىغا قايتىش ياكى ئىتائەتتىن كېيىن گۇناھ ـ مەسىيەتكە قايتىش» دەپ چۈشەندۈرگەن.

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىققا قايتىش»تىن پاناھ تىلىشى ئۇ زاتنىڭ دىندا ساباتلىق تۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە دىندىن چىقىپ كېتىشتىن ھەر زامان ھوشيار تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە دىندىن يېنىۋېلىشنىڭ نەقەدەر يامان ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان. چۈنكى، دىندىن يېنىۋېلىش تۈزەلگەندىن كېيىنكى بۇزۇلۇش، كامالەتتىن كېيىنكى نۇقسانلىق ۋە پۈتۈنلەنگەندىن كېيىنكى پارچىلىنىشتۇر.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەججال ھەققىدە ئېيتقان بىر ھەدىسىنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مەزكۇر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «...سىلەردىن كىمكى دەججال بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، سۈرە كەھفنىڭ باش تەرىپىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسۇن. ئۇ شام بىلەن ئىراقنىڭ ئارىسىدىكى بىر يولدىن چىقىدۇ، ھەر تەرەپكە پىتنە چاچىدۇ. ئەي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ساباتلىق تۇرۇڭلار!» [سەھىھ بۇخارىي، 2937 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ھەقىقەت يولىمىزدا يولۇققان ھەرقانداق پىتنە ئالدىدا يۇقىرىدىكى ھەدىستە كەلگەن مۇنۇ نىدانى ئەسلىشىمىز كېرەك: «ئەي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ساباتلىق تۇرۇڭلار!».

**ئىككىنچى نۇقتا:** قۇرئان كەرىم ساباتلىق تۇرۇش ۋە پىتنىلەردىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، قۇرئان بىلەن ياشاش ۋە ئايەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش مۇئمىننىڭ قەلبىنى ئىمان ۋە جەزمىيەتكە تولدۇرىدۇ، نەتىجىدە قەلب دىندىن يېنىۋېلىشقا قۇترىتىدىغان ئامىللاردىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالايدۇ.

**تۆتىنچى ھەدىس:**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئادەم باللىرىنىڭ قەلبلىرى مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ بارماقلىرىدىن ئىككى بارماق ئارىسىدا خۇددى بىرلا قەلبكە ئوخشايدۇ، ئاللاھ ئۇنى خالىغان تەرەپكە بۇرايدۇ». ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئەي قەلبلەرنى بۇرىغۇچى ئاللاھ! قەلبلىرىمىزنى ساڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇرىغىن!» [سەھىھ بۇخارىي، 2654 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئىنسانىنىڭ قەلبىنىڭ ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىدا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشى ئۇنى كەمتەر قىلىدۇ. ئىمان ئىلاھىي سوۋغاتتۇر. ئىنسان پەقەت ئاللاھنىڭ پەزل ـ مەرھەمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ سەۋەبلەرنى قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىشى بىلەن قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزى خالىغان تەرەپكە بۇرايدۇ)﴾ [سۈرە ئەنفال، 24 ـ ئايەت].

**ئىككىنچى نۇقتا:** دۇئا دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاسىتىلىرىدىن بىرىدۇر. ئىنسان دىنىدىن ئەنسىرىگەن ۋە يېنىۋېلىشتىن قورققان چاغدىلا چىن قەلبىدىن دۇئا قىلىدۇ ۋە بۇ قورقۇنچ ئىنساننى ئەمەل قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

**بەشىنچى ھەدىس:**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۆزىدە ئۈچ خىسلەتنى يېتىلدۈرگەن ئادەم ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيدۇ: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك بولۇش، بىراۋنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش، كۇفرىغا قايتىشنى خۇددى دوزاخقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش» [سەھىھ بۇخارىي، 16 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئىنساندىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى پەقەت قۇرۇق ئىبادەت قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىش ۋە شۇ ھالاۋەتنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىشتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** «ئىماننىڭ ھالاۋىتى»نىڭ تەمى دۇنيادىكى جىسمانىي ھۇزۇر ـ

ھالاۋەتلەرگــە ئوخشــمايدۇ. بــۇ تەمنى تېتــپ باقمىغان كىشــى ئۇنى يېتەرلىك تەســەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

**ئۈچىنچــى نۇقتــا:** بــۇ ھەدىــس ئىماننىــڭ تەمنى تېتىشــقا تۆرتكــە بولىدىغــان بەزى ۋاســتىلەرنى بايــان قىلىدۇ:

1. ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش؛

2. كىشىلەرنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش؛

3. كۇفرىغــا قايتىشــتىن خــۇددى دوزاختىــن قورققانــدەك قورقــۇش (كېيىنكــى ئىككى ۋاســتە بىرىنچــى ۋاســتىنىڭ تەقەززاســى ۋە نەتىجىســىدۇر).

**تۆتىنچــى نۇقتــا:** ئىنســاننى ئەندىشــىگە ســالىدىغان ئىــش ئاللاھ ۋە رەســۇلىنىڭ مۇھەببىتىگــە قانــداق يېتىش ۋە بــۇ مۇھەببەتنىڭ ھەقىقــي ماھىيىتىنى ئىزدەش بولۇشــى كېــرەك. بــۇ مۇھەببەت پەقــەت ئەمەلىيەتتــە كۆرۈلمەيدىغان قــۇرۇق تۇيغۇمۇ ياكــى ئەمەلىي ئىشــلار بىلەن بىرگە كېلىدىغان مۇھەببەتمۇ؟ قۇرئان كەرىمگە نەزەر ســالغان كىشــى شــۇنى كۆرىدۇكى، مۇھەببەت تىلغا ئېلىنســا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەمەلىي تىرىشــچانلىق ۋە باشــقا سۆيۈملۈك نەرســىلەردىن ۋاز كېچــش (پىداكارلىــق) قاتارلىقلار بىللە تىلغــا ئېلىنىدۇ.

## ئالتىنچى ھەدىس:

ئەلــى ئىبنــى ئەبــى تالــب رەزىيەللاھۇ ئەنھــۇ مۇنداق دېگەن: رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مــاڭا: «ئــى ئاللــاھ! مېنى ھىدايــەت قىلغىــن ۋە توغرا يولــدا قىلغىن، دېگىــن. ھىدايــەت تىلىگىنىڭــدە توغــرا يــول تېپىشــنى، توغرىلىــق تىلىگىنىڭــدە ئوقنىڭ نىشــانغا نــەق تېگىشــنى كــۆز ئالدىڭغــا كەلتۈرگىن» دېدى [ســەھىھ بۇخارىــي، 2725 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بــۇ ھەدىــس ئىســتىقامەت (توغــرا يولــدا مېڭىــش) نىــڭ ئــۇل ـ ئاساســلىرىدىن بىرىــدۇر. بۇ ســۆز ئاللاھ ۋە رەســۇلىنى ياخشــى كۆرىدىغانلىقىغــا، ئاللاھ ۋە ئۇنىــڭ رەســۇلىمۇ ئۇنى ياخشــى كۆرىدىغانلىقىغــا گۇۋاھلىق بېرىلگەن بىر بۈيۈك ســاھابىگە (ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغــا) ئېيتىلغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ «كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر (ئېســىڭگە ئال)» دېگەن ســۆزى دۇئا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا شــۇ مەنىنى قەلبىدە ھازىر قىلىشــنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشــىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستىلەردىندۇر.

# يىگىرمىنچى باب

## دىندا ئوتتۇراھال بولۇشقا ۋە ئاسانلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ۋە ھەددىدىن زىيادە چىڭىتىۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ باب ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىكىنى مۇنۇ ئىككى تەرەپتىن كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

1. ئاسانلىق: دىنىنىڭ ئىنسانلارغا ئېغىرچىلىق سالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ؛

2. رەببانىيلىق: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنى زۇلمەت، كۇفرى ۋە شېرىك ئەۋج ئالغان بىر دەۋردە كەلدى. شۇ چاغدا بۇ دىنغا كىرگەنلەردە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىشتىياق ۋە قىزغىنلىق بار ئىدى. ئىسلامنىڭ گۈزەللىكى شۇكى، ئۇ بۇ قىزغىنلىقنى ئىنتىزامغا سالدى، چۈنكى ئىشتىياق ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، ئەكسىچە نەتىجە بېرىدۇ. ئىنسانلار ئادەتتە بۇنداق تەجرىبىنى ئۇزۇن زامانلاردىن كېيىن ھېس قىلىدۇ، ئەمما بۇ دىن ئىلاھىي مەنبەلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى باشلانغاندىمۇ ئوتتۇراھال بولۇشقا چاقىردى.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئاشقۇنلۇقنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلار:

**شەخسلەرگە قارىتا ئاشقۇنلۇق:** بۇ ئەيىبلىك ئىشتۇر. ئادەتتە كىشىلەر سالىھ دەپ قارالغان ۋە ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستە دەپ بىلىنگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئاشقۇنلۇق قىلىدۇ. ئەقىل بىلەن ئېيتقاندا، ئۈممەت ئىچىدە بۇ خىل قاراشقا ئەڭ لايىق

كىشــى پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالام بولســىمۇ، سەھىھ ھەدىســلەردە ئۇ زات ئۆزىگىمۇ ئاشقۇنلۇق قىلىشــتىن ئاگاھلاندۇرغــان: «ناســارالار مەريــەم ئوغلــى (ئىيســا) نــى ھەددىدىــن زىيــادە مەدھىيەلىگەنــدەك مېنــى مەدھىيەلىمــەڭلار. مــەن پەقــەت ئاللاھنىڭ بىر بەندىســىدۇرمەن. شــۇڭا، مېنــى ئاللاھنىڭ بەندىســى ۋە پەيغەمبىــرى، دەڭلار» [ســەھىھ بۇخارىي، 3445 ـ ھەدىس].

**ئىبادەتتە ئاشقۇنلۇق:** بۇنىڭ ئىككى تەرىپى بار:

1. ئىبادەت ھەددىدىن زىيادە كۆپ قىلىنســا، كىيىن زېرىكىش ۋە بوشىشــىپ كېتىشــنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. ئاللاھ تائــالا ھــالال قىلغــان نەرســىلەردىن نەپســنى چەكلەش ئەھۋاللــىرى كېلىپ چىقىدۇ.

**باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشتىكى ئاشقۇنلۇق.**

**باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئاشقۇنلۇق.**

# ئايەتلەر

## بىرىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەق (سۆز) دىن باشقىنى ئېيتماڭلار (يەنى ئاللاھقا شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار)﴾ [سۈرە نىسا، 171 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

ئەھلى كىتابنىڭ ئاشقۇنلۇقى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولغان:
1. شەخسلەرگە قارىتا (مەسىلەن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھلاشتۇرۇش)؛
2. ئىبادەت جەھەتتە (ئۆزلىرىگە ھالال نەرسىلەرنى چەكلەش).

## ئىككىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ [سۈرە ھۇد، 112 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىستىقامەتتە بولۇشقا بۇيرۇلىدى. ئاللاھ تائالا ئىستىقامەتكە بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭ چەك ـ چېگراسىنى بەلگىلىدى. بۇنىڭ ئالدىدا ئىنساننىڭ مەجبۇرىيىتى ئاللاھنىڭ ۋەھيي نۇرى ئاستىدا ھەق يولدا ئىستىقامەت قىلىشتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «تۇغيان» سۆزىنى «ئاشقۇنلۇق قىلىپ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش» دەپ چۈشەندۈرگەن.

# ھەدىسلەر

### بىرىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، بۇ دىن ئاسانلىقتۇر. كىمكى دىننى چىڭىتىمەن دەيدىكەن، دىن ئۇنى ھارغۇزۇپ قويىدۇ (يەنى ئۇنىڭ كۈچى يەتمەي قالىدۇ). شۇڭا، (ئىبادەتتە) توغرا يولنى تۇتۇڭلار، (كامالەتكە يېتەلمىسەڭلارمۇ) توغرىغا يېقىنلىشىڭلار، كىشىلەرگە خۇش خەۋەر بېرىڭلار. ئەتىگەنلىك، كەچلىك ۋە كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى ۋاقىتلاردىن (ئىبادەت ئۈچۈن) پايدىلىنىڭلار» [سەھىھ بۇخارىي، 39 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

### بىرىنچى نۇقتا:

**الغدوة:** كۈندۈزنىڭ ئاۋۋالقى قىسمىدا يول يۈرۈش؛

**الروحة:** كۈندۈزنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا يول يۈرۈش؛

**الدلجة:** كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا يول يۈرۈش.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس چوڭ بىر قائىدىنى بايان قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ دىن ئاسانلىقتۇر، ئۇنى يەڭگىلى بولمايدۇ، ئىنسان دىن ئىشلىرىدا كامالەتكە يېتەلمەيدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بەندىنىڭ كۈچى دىن بىلەن بەسلىشىشكە يەتمەيدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇنىڭدىن مۇنۇلار تەلەپ قىلىنىدۇ:

**تۆتىنچى نۇقتا:** ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىدە توغرىلىق ئۈستىدە بولۇش، بۇ توغرىلىق پەقەت ئىلىم بىلەنلا بولىدۇ؛

**بەشىنچى نۇقتا:** ھەممە ئىشتا مۇكەممەل توغرىلىققا يېتەلمىسە، توغرىغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.

**ئالتىنچى نۇقتا:** كۆندۈزنىڭ ئاۋۋالقى قىسمىدا يول يۈرۈش «**الغدوة**» ۋە كۆندۈزنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا يول يۈرۈش «**الروحة**» كىشىگە تەس كەلمەيدىغان، ئىنسان روھى ئاكتىپ تۇرىدىغان چاغلاردۇر. كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمى «**الدلجة**» ئارام ئالىدىغان ۋاقىتتۇر. مۇئمىن كىشىنىڭ ئاللاھقا يۈزلىنىش ئەھۋالى مۇنداق بولۇشى كېرەك: غەيرەتلىك ۋاقىتلىرىدا ئاساسىي ۋاجىپلارنى چىڭ تۇتۇش، ئارام ئالىدىغان ۋاقىتلاردىن (كېچە نامىزىغا ئوخشاش) نەپلە ئەمەللەر بىلەن كامالەتكە ئىنتىلىش.

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىراۋ ئۆز قېرىندىشىغا: ‹ئەي كاپىر› دېسە، بۇ سۆز ئىككىسىدىن بىرىگە قايتىدۇ (يەنى بىرى كاپىر بولىدۇ)» [سەھىھ بۇخارىي، 6103 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق» مەسىلىسىنى قاتتىق تەكىتلىگەن. بۇ مەنە قۇرئاندا كەرىمدىمۇ تەكىتلەنگەن بولۇپ، شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس ئەھكاملىرىدىندۇر. بۇ مەسىلە شۇنچىۋالا مۇھىم بولغاچقا، بۇ قېرىنداشلىققا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلارغا «كۇفرى» سۈپىتى ئىشلىتىلگەن، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقانىدەك: «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىقتۇر، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش كۇپۇرلۇقتۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 48 ـ ھەدىس]. بۇ يەردىكى «كۇپۇرلۇق» دىندىن چىقىرىدىغان چوڭ كۇفرىلىق ئەمەس، بەلكى كىچىك كۇفرىدۇر.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: يېنىمدا بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىن بىر ئايال بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ:

— «بۇ كىم؟» — دەپ سورىدى. مەن:

— بۇ پالانچى ئايال، كېچىسى ئۇخلىمايدۇ (ناماز ئوقۇيدۇ)، — دەپ ئۇنىڭ كۆپ ناماز ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «بولدى قىل! كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،

سىلەر زىرىكىپ قالمىساڭلار، ئاللاھ زىرىكمەيدۇ (يەنى ساۋاب بېرىشتىن توختىمايدۇ)»
— دېدى [سەھىھ بۇخارىي، 1151 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

بۇ ھەدىس ئىككى جەھەتتىن بىزگە ھەيران قالارلىق تۈيۈلىدۇ:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خىل ئىبادەت شەكلىنى چەكلىشى؛ ھالبۇكى، دىنىنى سۆيىدىغان كىشى بۇنى ياخشى ئىش دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى.

2. پەيغەمبەرلىك باسقۇچىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا بۇنداق چەكلىمىنىڭ كېلىشى بۇ دىنىنىڭ «رەببانىي» (ئىلاھىي) دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ، ئۇ زاتنىڭ ئىبادىتى ھەققىدە سوراشتى. ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتى خەۋەر بېرىلگەندە، خۇددى ئۇنى ئاز كۆرگەندەك:

— بىز قەيەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيەردە، ئۇ زاتنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا؟ — دېيىشتى. بىرى قوپۇپ:

— مەن مەڭگۈ كېچىچە ناماز ئوقۇيمەن، — دېسە، يەنە بىرى:

— مەن ئۆمۈر بويى روزا تۇتىمەن، ئېپتار قىلمايمەن (يەنى روزىسىز يۈرمەيمەن)، — دېدى. يەنە بىرى:

— مەن ئاياللاردىن يىراقلىشىپ، ھەرگىز ئۆيلەنمەيمەن، — دېدى. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ مۇنداق دېدى:

— «مېنىڭ ھەققىمدە ئۇنداق ـ مۇنداق گەپلەرنى قىلغان سىلەرمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللاھتىن ئەڭ قورقىدىغان، ئەڭ تەقۋادار كىشىمەن. لېكىن، مەن بەزى كۈنلىرى روزا تۇتىمەن، يەنە بەزى كۈنلىرى روزا تۇتمايمەن؛ كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ناماز ئوقۇيمەن، يەنە بىر قىسمىدا ئۇخلايمەن ھەم نىكاھلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مەندىن (يەنى مەن تۇتۇپ ماڭغان يولدا) ئەمەس» [سەھىھ بۇخارىي، 5063 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچـى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامغا ئەگىشىشـتىكى چوڭ بىر قائىدە بولـۇپ، بـۇ قائىدىگە ئاساسـەن، ئـەڭ مۇھىمى ئىبادەتنىـڭ كۆپلۈكى ئەمـەس، بەلكى ئۇ زاتقا لايىقىدا ئەگىشىشـتۇر.

**ئىككىنچـى نۇقتا:** قەلبتىكـى قورقۇنچ ۋە مۇھەببەتنى پەقەت ئىبادەتنىڭ سـانى بىلەنلا ئۆلچەش خاتا قاراشـتۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئەگەر دىن نەپسـلەرنى ئىبادەتتىكى ئاشـقۇنلۇقتىن توسـمىغان بولسا، سـاھابىلەر بىـر ـ بىرىدىن پەرقلىـق مەزھەپلەرگـە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولار ئىـدى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام ئۇلارنى دائىـم تەربىيەلەپ تۇراتتى.

**تۆتىنچى نۇقتا:** كىشىلەر ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. دىنىغـا يۈزلەنگەنلـەر: بـۇلار ئۈچـۈن ئـەڭ قورقۇنچلۇق پىتنـە ئاشـقۇنلۇقتۇر. بۇلارغا ئوتتۇراھاللىقنـى سـۆزلەش كېرەك.

2. يـۈز ئۆرۈگەنلـەر: بۇلارغا قەلبنى يۇمشـىتىش ۋە ئىبادەتكە قىزىقتۇرۇش تېمىسـىدىكى مەزمۇنـلار سۆزلىنىشـى كېـرەك. بىزنىـڭ بۇ دەۋرىمىز ھـەر ئىككى تۈرلۈك خىتاب ئۇسـلۇبىغا موھتاج.

**بەشـىنچى نۇقتـا:** بـۇ ھەدىـس پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ بەرىكىتىنى ۋە ئـۇ زاتقا ئەگىشىشـنىڭ پەزىلىتىنـى بايـان قىلىدۇ.

**ئالتىنچـى نۇقتـا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ سـۈننىتىدىن يۈز ئـۆرۈش ئىككى خىل بولـىدۇ: ئۇنىـڭ سـۈننىتىگە سـەل قـاراش ياكـى سـۈننىتىگە يوق نەرسـىلەرنى قوشـۇپ ھەددىدىـن ئاشۇرۇۋېتىشـتىن ئىبـارەت. سـۈننەتكە ئەمـەل قىلىشـنىڭ توغرا تەرىپى بولسـا ئەمەلنىـڭ پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ھىدايىتىگـە ئۇيغـۇن بولۇشـىدىن ئىبارەت.

**يەتتىنچـى نۇقتـا:** ئاللاھنىـڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشـنىڭ ئەڭ چوڭ سـەۋەبلىرىدىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ھىدايەت يولىدا مېڭىشـتۇر. بۇ، پەقەت ئىلىم بىلەنلا ھاسـىل بولـىدۇ. شۇڭلاشـقا، ئىلىمنىـڭ ئەڭ بۈيـۈك بەرىكەتلىرىدىـن بىرى شـۇكى، ئىلىم ئەھلى ئىلىمنىـڭ تۈرتكىسـىدە نەبـەۋى ھىدايەتكە (پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ يولىغا) ئۇيغۇن ياشـىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ ـ دە، كىشى ئىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھەسىگە يۈزلىنىدۇ. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ سـۈننىتىنى ئۆگىنىـش ئىلىمنىڭ ئەڭ شـەرەپلىك تۈرلىرىدىن بىرىـدۇر. كىمكى سـۈننەت ئىلمىنى ئېلىشـنى مەقسـەت قىلسـا، ئۇنىڭ ئىككـى چوڭ يولى بار:

**1. تەپسىلىي يول:** بۇ، ھەدىس كىتابلىرىدا كەلگەن تەپسىلىي بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**2. ئىخچام يول:** بۇ سىيرەت (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى) ۋە غازات كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

### بەشىنچى ھەدىس:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەقەبە ئەتىگىنى تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ:

— «ماڭا تاش تېرىپ بەرگىن» — دېدى.

مەن ئۇ زاتقا بارماق بىلەن ئاتىدىغان كىچىك تاشلاردىن تېرىپ بەردىم. ئۇ تاشلارنى قولىغا ئېلىپ: «مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تاشلارنى ئېتىڭلار. دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ھوشيار بولۇڭلار، چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ھالاك قىلغان ئىدى» دېدى [سۈنەن نەسائىي، 3057 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئىبادەتنىڭ مەقسىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاددىي ھەم ئوتتۇراھال ۋاسىتىلەرنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى، چوڭ تاشلارنى ئېتىشتەك ئارتۇقچە ئىشلارغا ھاجەت يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە ئاشقۇنلۇقنىڭ خەتىرى ۋە ئۇنىڭ ھالاكەتنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

### ئالتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇ زات غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتاتتى. بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن زۇلخۇۋەيسىرە ئىسىملىك بىر كىشى كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ، ئادىل بولغىن! — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ۋاي ساڭا! مەن ئادىل بولمىسام، كىممۇ ئادىل بولار؟ ئەگەر مەن ئادىل بولمىسام،

سەن ھەقىقەتەن زىيان تارتىسەن» ــ دېدى. شۇئان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! رۇخسەت قىلسىلا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي، ــ دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

ــ «كارىڭ بولمىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ شۇنداق ھەمراھلىرى بولىدۇكى، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ نامىزىنى ئۇلارنىڭ نامىزى ئالدىدا، روزاڭلارنى ئۇلارنىڭ روزىسى ئالدىدا ئاددىي ساناپ قالىسىلەر. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ ـ يۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇلار خۇددى ئوق نىشاندىن ئۆتۈپ كەتكەندەك دىندىن چىقىپ كېتىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 3610 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان غەيبىي ئىشلاردىن خەۋەر بەرگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەزكۇر ئىشلار بەئەينى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك يۈز بەرگەن. شۇڭا، ئالىملار بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەرلىك مۆجىزىلىرى قاتارىدا زىكىر قىلىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس بەزى ئاشقۇنلۇق ئالامەتلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. ئاشقۇنلۇق قىلغۇچى كىشىدە ئىككى خىل سۈپەت تېپىلىدۇ:

1. ئەمەل ئىبادەتتە چەكتىن ئېشىپ كېتىش؛

2. باشقىلارنى كەمسىتىش ۋە ئۇلارنىڭ قەدرىنى چۈشۈرۈش.

بۇ ھەدىستىكى كىشى ئۆزىنى ئەڭ تەقۋادار دەپ ئويلاپ، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كەمسىتكەن. خاۋارىجلارنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ كىچىككىنە بىرەر قارىشىغا قوشۇلمىغان ھېچبىر كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرمەيدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** خاۋارىجلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن:

1. مۇسۇلمانىنىڭ قېنى، مېلى ۋە ئىززىتىنىڭ ھارام‌لىقىدەك ئېنىق ھۆكۈملەرگە جۈرئەت قىلىپ ھالاللاش ۋە ئۇنى كاپىرغا چىقىرىشقا ئالدىراش؛

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە قارىماسلىق؛

3. دىنىي بىلىمگە سىستېمىلىق قارىماسلىق؛ شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە ياققان ئايەتلەرنى تاللاپ، باشقا ئايەتلەرنى تاشلاپ قويىدۇ.

**تۆتىنچى نۇقتا:** ئۆلىمالارنىڭ ئوتتۇراھاللىقى شۇكى، ئۇلار خاۋارىجلار ھەققىدە شۇنچە قاتتىق تەھدىتلىك ھەدىسلەر بولسىمۇ، ئۇلارنى كاپىرغا چىقارمىغان. شۇنداق ئىكەن،

ئېنىق دەلىل بولمىغان مەسىلىلەردە خاتالاشقان مۆئمىنلەرنى كاپىر دېگەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

**بەشىنچى نۇقتا:** قۇرئان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى مەقسەت «ھىدايەت تېپىش» ۋە «ئەمەل قىلىش» بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئازغۇنلۇقتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى قۇرئان كەرىمگە تولۇق ئەگىشىشتە بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆمرۈمىزنىڭ بىر قىسمىدا شۇنداق بىر زاماندا ياشىدۇقكى، بىزگە قۇرئاندىن بۇرۇن ئىمان تەلىم بېرىلەتتى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر سۈرە نازىل بولسا، سىلەر بۈگۈن خۇددى قۇرئان ئۆگەنگەندەك، بىز ئۇ سۈرىدىكى ھالال ـ ھاراملارنى، بۇيرۇق ـ چەكلىمىلەرنى ۋە قەيەردە توختاش كېرەكلىكىنى ئۆگىنەتتۇق. كېيىن شۇنداق كىشىلەرنى كۆردۈمكى، ئۇلارغا ئىماندىن بۇرۇن قۇرئان تەلىم بېرىلىدۇ، ئۇ سۈرە فاتىھەدىن سۈرە ناسقىچە ئوقۇيدۇ ـ يۇ، لېكىن ئۇ سۈرىلەرنىڭ نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىنى، نېمىدىن توسىدىغانلىقىنى ۋە قەيەردە توختاش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ، قۇرئانغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ» [بەيھەقىي، 5355 ـ ھەدىس].

ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاندىن مەقسەت مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتۇر، ئەگەر قۇرئان يادلىغۇچىنىڭ نىشانى بۇنداق بولمىسا، ئۇ ئىلىم ئەھلىدىن ۋە دىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئادەملەردىن سانالمايدۇ».

بۇ مەسىلە بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلاھات ئىشلىرىدىكى مەركىزىي نۇقتىلارنىڭ بىرىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە ئىسلاھاتچىلار قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ كاتتا ئىشلارنىڭ بىرى: قۇرئان كەرىمنى كىشىلەرگە توغرا ۋە لايىقىدا تونۇشتۇرۇش ۋە ئۆگىتىش، شۇنداقلا قۇرئان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ماھىيىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ھالەتتە بەلگىلەشتۇر.

## يەتتىنچى ھەدىس:

ئەزرەق ئىبنى قەيس مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەھۋازدا خاۋارىجلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتۇق. مەن بىر دەريا قىرغىقىدا تۇرسام، بىر كىشى ئۇلىغىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇلىغى قاچماقچى بولۇۋىدى، ئۇ كىشى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ (ناماز ئىچىدە مىدىرلاپ) تۇتۇپ تۇردى. ــ شۇئبە: «ئۇ كىشى ئەبۇ بەرزە ئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى» دەيدۇ ــ خاۋارىجلاردىن بىرى: «ئاللاھ بۇ بوۋاينى ئۇنداق ـ مۇنداق قىلىۋەتسۇن (قارغىدى)» دېدى. ئەبۇ بەرزە نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

«مەن سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلىدىم. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئاللە ـ يەتتە ياكى سەككىز قېتىم غازاتقا قاتناشتىم ۋە ئۇ زاتنىڭ ئىشلاردا ئاسانلىق ياراتقانلىقىغا شاھىت بولدۇم. مەن ئۇچۇن ئۇلىغىمغا ئەگىشىپ مىدىرلاپ ناماز ئوقۇش ئۇنى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىپ ماڭا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن ياخشىدۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 1211 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ مەسىلىگە ئائىت ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە رىۋايەت قىلغان ھەدىس يوق، لېكىن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەر ئىشتا «ئاسانلىق يارىتىش» قائىدىسىنى چۈشەنگەن ئىدى. فەقىھ بىلەن ئادەتتىكى كىشىنىڭ پەرقى مانا مۇشۇ يەردە. ئۇ دىنىنىڭ ئومۇمىي روھىدىن ئاسانلىقنى چۈشىنىپ يەتكەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئەبۇ بەرزەنىڭ بۇ ئەقلىي سېلىشتۇرمىسىنى ئاشقۇنلاردىن باشقا ھەر كىشى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. ئۇلار ئىككى يامانلىقتىن يەڭگىلىنى تاللاشتەك چوڭ قائىدىلەردىن يىراقتۇر.

## سەككىزىنچى ھەدىس:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاسانلىق يارىتىڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇش خەۋەر بېرىڭلار، (كىشىلەرنى دىنىدىن) نەپرەتلەندۈرمەڭلار» [سەھىھ بۇخارىي، 69 ـ ھەدىس].

## توققۇزىنچى ھەدىس:

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىلەن ئەبۇ مۇسانى يەمەنگە ئەۋەتكەندە مۇنداق دېگەن: «ئاسانلىق يارىتىڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇش خەۋەر بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈرمەڭلار، ئۆزئارا ماسلىشىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار» [سەھىھ بۇخارىي، 3038 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئىككى ھەدىس دەۋەت ۋە ئىسلاھات مېتودىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھەدىستىكى بۇ نەسىھەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئىلىم ۋە دەۋەتتە) ۋارىسى بولۇشنى خالايدىغان ھەر كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا دەۋەتچىلەر ئاسانلىق يارىتىش روھىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ روھ كۆپىنچە ئېنىق دەلىل (نەس) كەلمىگەن مەسىلىلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

**تۆتىنچى نۇقتا:** كىشىلەرگە خۇش خەۋەر بېرىش ۋە دىنىنى سۆيدۈرۈش دىنىنىڭ بۈيۈك مەقسەتلىرىدىندۇر. كىشىلەرنى دىندىن بىزار قىلىدىغان ئەمەللەر شەرىئەتتە قاتتىق چەكلەنگەن.

**بەشىنچى نۇقتا:** جەننەت ـ دوزاخ، رەھمەت ـ ئازاب، ساۋاب ـ جازا ھەققىدە سۆزلەشنىڭ ھەممىسى دىندۇر، بۇ نەپرەتلەندۈرۈش ۋە ئۈركۈتۈش جۈملىسىدىن ئەمەس. نەپرەتلەندۈرۈش دېگەنلىك بەزى مەزمۇن ۋە دەلىللەرنى ئورۇنسىز يەردە قوللىنىش دېمەكتۇر؛ گەرچە قىلغان ئىشى دىندىن بولسىمۇ، ئورنىدا بولمىسا كىشىلەرنى بىزار قىلىپ قويىدۇ.

**ئالتىنچى نۇقتا:** «ئۆزئارا ماسلىشىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار» دېگەن سۆز ئىسلاھات ساھەسىدىكى بىرقانچە كىشى ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان ئورۇنلارغا قارىتا مۇھىم بىر تېما. بۇ «ماسلىشىش» چوقۇم كۆزقاراشلارنىڭ بىر يەردىن چىقىشىنى ئەمەس، بەلكى ئىختىلاپقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ۋاز كېچىش ۋە بىر ـ بىرىگە يول قويۇشنى كۆرسىتىدۇ.

### ئونىنچى ھەدىس:

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار ئىچىدە مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن جىنايىتى ئەڭ ئېغىر كىشى ئەسلىدە ھارام قىلىنمىغان بىرەر ئىش ھەققىدە سوراپ، ئۇنىڭ سوئالى سەۋەبلىك ئۇ ئىشنىڭ ھارام قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان كىشىدۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 7289 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس بۇ بابنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى، يەنى مۇسۇلمانلارغا ئاسانلىق يارىتىش ۋە قىيىنچىلىق تۇغدۇرماسلىقنى تەكىتلەيدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىسنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە: «ئەسلىدە ھارام بولمىغان نەرسىلەرنى مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىۋالىدىغانلار»مۇ كىرىدۇ.

**ئون بىرىنچى ھەدىس:**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

مەن ھەمىشە روزا تۇتاتتىم ۋە ھەر كېچىسى قۇرئان ئوقۇيتتىم. بۇ ئەھۋالىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ئىكەن، ئۇ زات مېنى چاقىرتىپتۇ. ھۇزۇرىغا بارغىنىمدا ئۇ زات ماڭا:

— «سېنىڭ ھەمىشە روزا تۇتىدىغانلىقىڭنى ۋە ھەر كېچىسى قۇرئان ئوقۇيدىغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم، بۇ راستمۇ؟» — دەپ سورىدى. مەن:

— شۇنداق، ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇنىڭ بىلەن پەقەت ياخشىلىقنىلا كۆزلىگەن ئىدىم، — دېدىم. ئۇ:

— «ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتساڭ كۇپايە» — دېدى. مەن:

— مېنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقىغا كۈچۈم يېتىدۇ، — دېدىم. ئۇ زات:

— «ئايالىڭنىڭمۇ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار، مېھمىنىڭنىڭمۇ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار، بەدىنىڭنىڭمۇ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار. ئۇنداقتا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىنى تۇت، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىبادەت قىلغۇچى ئىدى» — دېدى. مەن:

— داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسى قانداق ئىدى؟ — دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايتتى» — دېدى. يەنە:

— «قۇرئاننى ھەر ئايدا بىر قېتىم تاماملا!» — دېدى. مەن:

— بۇنىڭدىنمۇ كۆپ قىلالايمەن، — دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئۇنداقتا، يىگىرمە كۈندە بىر تاماملا!» — دېدى. مەن تېخىمۇ ئارتۇقىنى تەلەپ قىلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئۇنداقتا، ئون كۈندە بىر تاماملا!» — دېدى. مەن يەنە ئارتۇقىنى تەلەپ قىلدىم، ئۇ زات:

— «ئۇنداقتا، ھەر يەتتە كۈندە بىر تاماملا، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمە... چۈنكى، ئايالىڭنىڭمۇ، مېھمىنىڭنىڭمۇ، بەدىنىڭنىڭمۇ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار» — دېدى.

مەن ئەينى چاغدا ئۈزۈمگە بەك قاتتىق تەلەپ قويۇپتىمەن، كېيىن بۇ ئىشلار ماڭا قىيىن كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

— «بەلكىم ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇپ قالار، سەن بۇنى بىلمەيسەن» — دېگەن ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن ئەھۋالغا كەلدىم (يەنى قېرىدىم). ياشانغان چېغىمدا:

— كاشكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى تەكلىپ قىلغان يەڭگىللىكنى (رۇخسەتنى) قوبۇل قىلغان بولسامچۇ، — دەپ ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم [سەھىھ بۇخارىي، 1975 - ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى تەربىيەلىشىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ساۋاقتۇر. كېيىنكى دەۋرلەردە، ھەتتا بۈگۈنكى كۈنىمىزدە، ئالىملارنىڭ تەربىيە خىزمىتىدە نۇرغۇن كەمچىلىكلەر كۆرۈلمەكتە. ئالىمنىڭ تەربىيەچى بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان نەرسە پەيغەمبەرلىك مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھېس قىلىشتۇر. ئەللامە شاتىبىي رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك: «كىشىلەرگە دىنىنى تەبلىغ قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى سۆزىدە ۋە ئەمەلىيىتىدە راستچىل بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسىدۇر».

**ئىككىنچى نۇقتا:** تەربىيە پەقەت دەرس بېرىش ياكى جۈمە خۇتبىسى ئوقۇش بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەلىي مەيدانلاردا كۆرۈلىدۇ. ئالىملارنىڭ ھەرقانداق دەۋردە مۇشۇ تەربىيەۋى رولنى ئوينىشىغا ئېھتىياج زور.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ھەدىستە ئەمەل ئاز بولسىمۇ، ئۇنى داۋاملىق قىلىشنىڭ ياخشىلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئەمەلنى داۋاملاشتۇرۇش ئىسلامدىكى ئىبادەت فىقھىسىنىڭ مەركىزىي نىشانلىرىدىن بىرىدۇر. كىمكى بۇنى چۈشىنىپ، ئەمەلنى داۋاملاشتۇرالىسا، دىنىدىكى مۇستەھكەم تۇتقۇنى تۇتقان بولىدۇ.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىدا گۈزەل ئەخلاق، ياخشىلىق ۋە خەير - ئېھسانىنىڭ مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ باب پەقەت گۈزەل ئەخلاق، ياخشىلىق ۋە ئېھسانىنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى بۇ خىسلەتلەرنىڭ بىر مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىدىكى ئاساسىي ۋە مەركىزىي ئورنىنى بايان قىلىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى تەپەككۇر ۋە ئىزدىنىش بىلەن ئوقۇسا، جۈزئىي دەلىللەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ كۈللىي قائىدىلەرنى چىقارسا، شۇنى كۆرۈپ يېتىدۇكى، گۈزەل ئەخلاق، ياخشىلىق، سىلە - رەھىم ۋە ئېھسان مەسىلىسى ئىسلامنىڭ بۈيۈك بىر بابىدۇر. ئىسلام ئەخلاقى بىلەن زىننەتلىنىش بەزىلەر ئويلىغاندەك دىنىنىڭ تولۇقلىغۇچى (قوشۇمچە) قىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇ دىنىنىڭ ئەسلي، مەركىزىي ۋە تۈپ ئاساسلىرىدىندۇر.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلىسۇن دەپ ئاللاھ سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ﴾ [سۈرە نەھل، 90 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ئايەت بۇ ئەمەللەرنىڭ قىممىتىنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. ئايەتتە كەلگەن سۆز شەكلى قۇرئاندا كۆپ تەكرارلانمايدىغان بىر خىل ئۇسلۇب بولۇپ، بۇ ئۇسلۇب مەزكۇر ئايەتتە بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىدۇ، ئايەتنىڭ ئاخىرلىشىش ئۇسلۇبىمۇ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملارغا، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر﴾ [سۈرە بەقەرە، 177 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بــۇ ئايەت دىنىمىــزنىڭ ئومۇمىي مەنىلىرىنى زىكىر قىلغان بولــۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تۇغقانلارغا يــاردەم قىلىــش، مەخلۇقاتلارغا ئېھســان قىلىــش ۋە ئەھدىگــە ۋاپا قىلىــش قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ ھەممىســى گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۈملىســىدىندۇر.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ياخشىلىق ۋە گۇناھ ھەققىدە سورىۋىدىم، ئۇ زات مۇنداق دېدى: «ياخشىلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر. گۇناھ كۆڭلۈڭدە ھۇزۇرسۇزلۇق پەيدا قىلغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنى بىلىپ قېلىشىنى سەن ياقتۇرمىغان ئىشتۇر» [سەھىھ مۇسلىم، 2553 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ھەدىس گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەركىزىي ئورنىنى بايان قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، «ياخشىلىق»نىڭ ئومۇمىي تەرىپىنى «گۈزەل ئەخلاق» بىلەن چۈشەندۈرۈش ئەخلاقنىڭ ئىسلامدىكى يۇقىرى قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىككىنچى ھەدىس:**

ئۇسامە ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

ساھابىلەر:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! بەندىگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟ ـــ دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ «گۈزەل ئەخلاق» ـــ دەپ جاۋاب بەردى [ئىبنى ماجە، 3436 ـ ھەدىس].

**ئۈچىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگـەن: «قىيامـەت كۈنـى مۆئمىننىڭ تارازىسـىدا گـۈزەل ئەخلاقتىن ئېغىـرراق كېلىدىغان ھېچ نەرسـە بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا قوپال، ئەخلاقسـىز، تىلى بۇزۇق كىشـىنى ئۆچ كۆرىدۇ» [ئەبـۇ داۋۇد، 4799 ـ ھەدىس].

**تۆتىنچى ھەدىس:**

ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئەمـر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمادىـن رىۋايـەت قىلىنىدۇكـى، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي مۇسـۇلمان باشقا مۇسـۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن ۋە قولىدىـن ئامـان قالغان كىشـىدۇر. ھەقىقىي مۇھاجىـر ئاللاھ چەكلىگەن نەرسـىلەرنى تەرك ئەتكـەن كىشـىدۇر» [سـەھىھ مۇسـلىم، 40 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ھەدىسـنىڭ بۇ باب بىلەن بولغان مۇناسـىۋىتى شـۇكى، كىشـىلەرنىڭ سېنىڭ تىلىڭ ۋە قولۇڭدىـن زىيان كۆرمەسـلىكى ئەخـلاق بابىدىندۇر. ئەمەللەرنىڭ «مۇسـۇلمان» دېگەن ئىسـىم بىلـەن باغلىنىشـى ئۇنىڭ بۈيـۈك قىممىتىنـى كۆرسـىتىدۇ. كىمكى مۇسـۇلمانلارنى تىلـى ۋە قولىنىـڭ ئەزىيىتىدىن ساقلىمىسـا، ئۇ ئىسـلامنىڭ بۈيۈك بىر ئاساسـىغا نۇقسـان يەتكۈزگـەن بولىدۇ.

**بەشىنچى ھەدىس:**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ئەبـۇ زەرگـە پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ پەيغەمبـەر بولغانلىقـى ھەققىدىكـى خەۋەر يەتكەنـدە، ئۇ ئىنىسـىغا:

ــ بـۇ ۋادىغـا (مەككىگـە) بېرىپ، ئۆزىنى ئاسـماندىن خـەۋەر كېلىدىغـان پەيغەمبەر دەيدىغـان كىشـىنىڭ خەۋىرىنـى ئېلىپ كەلگىن، ئۇنىڭ سـۆزلىرىنى ئـاڭلاپ كەلگىن، ــ دېدى.

ئىنىسـى بېرىـپ، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ سـۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىـن كېيىن، ئەبۇ زەرنىـڭ يېنىغـا قايتىپ:

ــ مەن ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ سـۆزلىرى شـېئىرمۇ ئەمەس ئىكەن، ــ دېدى [سـەھىھ بۇخارىي، 3861 ـ ھەدىس].

## ئالتىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ھىرەقل (رىم پادىشاھى) قىسسەسىدە ھىرەقل ئەبۇ سۇفياندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە:

— ئۇ سىلەرنى نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟ — دەپ سورىغاندا، ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

— ئۇ: «يېگانە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا - بوۋاڭلار چوقۇنىدىغان بۇتپەرەسلىك سۆزلىرىنى تاشلاڭلار» دەيدۇ. يەنە بىزنى ناماز ئوقۇشقا، راستچىل بولۇشقا، پاك (ئىپپەتلىك) بولۇشقا ۋە سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، [سەھىھ بۇخارىي، 7 - ھەدىس].

## يەتتىنچى ھەدىس:

ئەمر ئىبنى ئەبەسە ئەسسۇلەيمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ توغرا يولدا ئەمەسلىكىنى ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. مەككىدە بىر كىشىنىڭ مۇھىم خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلىغىمغا مىنىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. قارىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، قەۋمى ئۇنىڭغا بەك جۈرئەتلىك (يەنى ئەزىيەتخور) ئىكەن. مەن ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم ۋە:

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «مەن بىر پەيغەمبەرمەن» — دېدى. مەن:

— پەيغەمبەر دېگەن نېمە؟ — دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئاللاھ مېنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى» — دېدى. مەن:

— ئاللاھ سېنى نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتتى؟ — دەپ سورىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئاللاھ مېنى سىلە - رەھىم قىلىشقا، بۇتلارنى چېقىشقا ۋە ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، يالغۇز بىر دەپ بىلىشكە ئەۋەتتى» — دېدى. مەن:

— بۇ يولدا سەن بىلەن بىللە كىملەر بار؟ — دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «بىر ئەركىن كىشى ۋە بىر قۇل (ئەبۇ بەكرى ۋە بىلال) بار» — دېدى [سەھىھ مۇسلىم، 832 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىسلەردە تېخى دىنغا كىرمىگەن ئۈچ كىشى (ئەبۇ زەرنىڭ ئىنىسى، ئەبۇ سۇفيان ۋە ئەمر ئىبنى ئەبەسە) نىڭ پوزىتسىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلار پەيغەمبەرلىك چاقىرىقىنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئاڭلىغاندا، بۇ دىنىنىڭ ماھىيىتىنى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئۇقۇملار بىلەن خۇلاسىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە گۈزەل ئەخلاق بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئىسلام ئەخلاقى بىلەن زىنىنەتلىنىشكە، ئەخلاق بابىنى ئۇلۇغلاشقا ئەڭ لايىق كىشىلەردۇر. مۇسۇلمان ئالىملار بۇ بابقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى شەرىئەت ئىلىملىرىنىڭ بىر قىسمى قىلغان ۋە بۇ ھەقتە مەخسۇس كىتابلارنى يازغان. شۇڭا، بىر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئەخلاق بابىغا سەل قارىشى، ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن كۆرۈشى ياكى ئۇنى مۇھىم ئورۇنغا قويمىغانلىقى ئۇنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىدە نۇقسان بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش تېخىمۇ زۆرۈر بولماقتا. ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئارىسىدىكى ئەخلاقسىزلىقلارغا نەزەر سالغان كىشى بۇنىڭ نەقەدەر جىددىي بىر ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

# بىرىنچى بۆلۈم: ھىدايەت - ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ نېمەت

## بىرىنچى باب

### ھىدايەت ۋە پاراسەتكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرى، مۇسۇلماننىڭ رەببانىي ھىدايەتكە دائىم ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ باب ئاللاھ يولىغا ماڭغۇچى ئۈچۈن يولنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بابلاردىن بىرىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىدىغان كىشىلەر بىلەن ئېرىشەلمەيدىغانلار ئارىسىدىكى پەرق ئۇلارنىڭ ھىدايەتنىڭ ئىسلامدىكى مەركىزىي ئورنىنى تونۇپ يېتىشى ياكى يېتەلمەسلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. كىمكى ھىدايەتنىڭ ئىنسان ھېچقاچان ئايرىلالمايدىغان ئەڭ بۈيۈك ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىسا، ئۇنىڭغا بۇنى ھېس قىلالمايدىغانلارغا ئېچىلمايدىغان ياخشىلىق دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ بابتىكى مەزمۇنلارغا نىسبەتەن ئىنساننىڭ ئىككى تۈرلۈك مەسئۇلىيىتى بار:

1. بۇ بابنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىش؛

2. ھىدايەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئاچقۇچلارنى ئىزدەش.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇلۇۋاتقان (يەنى ۋەھيى ئۆزۈلۈپ قالماي ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى نازىل بولۇۋاتقان) ۋە ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى (هايات) تۇرسا، قانداقمۇ كاپىر بولۇسىلەر؟ كىمكى ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىدىكەن، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلەنگەن بولىدۇ﴾ [سۈرە ئال ئىمران، 101 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

ئاللاھقا ئېسىلىش: بۇ، ھىدايەتنىڭ ئاچقۇچلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئاللاھقا پاناھلىنىش، ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە سىغىنىش دېمەكتۇر. ئاللاھقا ئېسىلىشنىڭ ئۇل ـ ئاساسى قەلبتە بولىدۇ، ئۇ پەقەت تەۋھىد مۇكەممەل بولغاندىلا ئىشقا ئاشىدۇ. كىشىنىڭ قەلبىدە تەۋھىد مۇستەھكەملىنىپ، ئاللاھنى لايىقىدا ئۇلۇغلىغاندا ئۇ زاتقا تايىنىدۇ ۋە ياردەم سورايدۇ. قەلبتىكى بۇ ھالەت ھىدايەتنىڭ قەلبتە يەرلىشىشىدىكى ئەڭ بۈيۈك سەۋەبتۇر.

**ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، دېگىن﴾ [سۈرە رەئد، 27 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ تەۋھىدكە خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ، ئاللاھنىڭ (تائەتكە) قايتىدىغان ئادەمنى تەۋھىدكە باشلايدۇ﴾ [سۈرە شۇرا، 13 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

ئاللاھقا قايتىش ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىش قەلبنىڭ بىر ئاللاھقا يۆنىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

بــۇ، قەلبكــە ئائىت ئەمەلــدۇر. ئاللاھقــا قايتىش پەقەت گۇنــاھ قىلغانــدىــلا قايتىش بىلەن تۈگىمەيدۇ، بەلكى بەندىنىڭ دائىم ئاللاھقا تەلپۈنۈشــىنى كۆرســىتىدۇ. ئاللاھقا قايتىشــنىڭ ئەڭ چوڭ مېۋىســى ھىدايەتكە ئېرىششــتۇر.

**تۆتىنچى ئايەت:**

ئاللــاھ تائــالا مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿بىــز ئۈچــۈن جىھــاد قىلغانلارنــى ئەلۋەتتــە يولىمىزغا يېتەكلەيمىــز، ئاللــاھ ھەقىقەتــەن ياخشــى ئىــش قىلغۇچىــلار بىلــەن بىللىــدۇر﴾ [سۈرە ئەنكەبــۇت، 69 ـ ئايــەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچــى نۇقتــا:** ئاللــاھ يولىــدا تىرىشــچانلىق قىلىــش ھىدايەتنىــڭ ئاچقۇچىــدۇر. بۇ، نەپســىگە، شــەيتانغا، يولنى توســىدىغان ئىنســۇجىن شــەيتانلارغا، پىتنە ۋە نەپســى خاھىشــلارغا قارشــى كــۈرەش قىلىشــنى ئــۆز ئىچىگــە ئالىدۇ.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** كىمكى مۇشــۇنداق كــۈرەش ئىچىــدە ياشــايدىكەن، ئىككى خۇش خەۋەرگە ئېرىشــىدۇ:

1. ئۇ ئۆزى كۈرەش قىلىۋاتقان يامانلىقلاردىن ساقلىنىدىغان بىر قالقان ۋە پاناھ تاپىدۇ؛

2. ئىلاھىي ھىدايەتكە ئېرىشىدۇ.

3. بــۇ كــۈرەش باشــتا قىيىــن ۋە ئېغىر تۇيۇلۇشــى مۇمكىــن، لېكىن ھىدايــەت قەلبتىن ئــورۇن ئېلىپ بولغانــدا، بۇ كــۈرەش ئۇنىڭغا ئاسانلىشــىدۇ.

**بەشىنچى ئايەت:**

ئاللــاھ تائــالا مۇنداق دەيــدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، بۇ مېنىــڭ يولۇمدۇر، (كىشــىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشــكەنلەر روشــەن دەلىلگە ئاساســلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشــرىكلاردىن ئەمەسمەن﴾ [سۈرە يۈســۈف، 108 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بــۇ ئايەت شــۇنى كۆرســىتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالامغا ئەگىشــىش توغــرا يولدىن ئېزىپ كېتىشــتىن ساقلىنىشــنىڭ يولى ۋە بەســىرەتكە ئېرىشىشــنىڭ ســەۋەبىدۇر.

# ھەدىسلەر

## بىرىنچى ھەدىس:

ئەلــى ئىبنــى ئەبــى تالــىب رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇ مۇنــداق دەيدۇ: رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مــاڭا مۇنــداق دېــدى: «ئى ئالــلاھ! مېنى ھىدايــەت قىلغىــن ۋە توغرا يولــدا مۇســتەھكەم قىلغىن، دەپ دۇئا قىلغىن. ھىدايەتنى تىلىگىنىڭدە (يولدىن ئادىشــىپ قالغان كىشــىنىڭ) توغرا يولنى تېپىۋالغانلىقىنى، مۇســتەھكەم بولۇشنى تىلىگىنىڭدە ئوقنىڭ نىشــانغا دەل تەگكەنلىكىنى تەســەۋۋۇر قىلغىن» [ســەھىھ مۇســلىم، 2725 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتــا:** ھىدايەت تىلەشــنىڭ مۇھىملىقــى. رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدەك بىر كاتتا زاتقا، يەنى ئىســلام ئۈچۈن شــۇنچە كۆپ خىزمــەت قىلغــان كىشــىگە ھىدايــەت تىلەپ دۇئا قىلىشــنى ۋەســىيەت قىلغان.

**ئىككىنچــى نۇقتا:** ھىدايەت ســوراپ دۇئا قىلىــش ھىدايەتكە ئېرىششــىنىڭ ئەڭ بۈيۈك سەۋەبلىرىدىندۇر.

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئابدۇلــلاھ ئىبنــى مەســئۇد رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن رىۋايــەت قىلىنىدۇكــى، پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! ســەندىن ھىدايەت، تەقۋادارلىق، ئىپپەت، پاكلىــق ۋە بىھاجەتلىــك (بايلىق) ســورايمەن» [ســەھىھ مۇســلىم، 2721 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىم ھىدايەت تىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** پەيغەمبەرلەرنىــڭ دۇئالىرى ئاللاھنــى تونــۇش ۋە ھىدايەت تېپىش

بىلىملىرىنىــڭ بۈيۈك بىر دەرۋازىســىدۇر.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئەبــۇ زەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن رىۋايەت قىلىنىدۇكــى، پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالام ئاللاھ تائالادىــن رىۋايــەت قىلغان بىر ھەدىســتە (ھەدىس قۇدســي) ئاللاھ مۇنــداق دېگەن: «ئى بەندىلىرىــم! مــەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگــە ھارام قىلدىم، ســىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھــارام قىلدىم، شــۇڭا بىــر ـ بىرىڭلارغــا زۇلــۇم قىلمــاڭلار. ئــى بەندىلىرىم! مــەن ھىدايــەت قىلغانلاردىن باشــقا ھەممىــڭلار ئازغۇنســىلەر، شــۇڭا مەندىــن ھىدايــەت تىلــەڭلار، ســىلەرنى ھىدايەت قىلىمــەن...» [ســەھىھ مۇســلىم، 2577 ـ ھەدىس].

## تۆتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ــ پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام كېچىدە نامازغــا تۇرغاندا نامىزىنى قانداق باشــلايتتى؟ ــ دەپ ســورىدىم. ئــۇ مۇنداق دېدى:

ــ ئــۇ زات كېچــدە نامازغــا تۇرســا نامىزىنــى مۇنــداق باشــلايتتى: «ئــى جىبرىئىــل، مىكائىــل ۋە ئىســرافىلنىڭ رەببــى! ئاســمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنــڭ ياراتقۇچىســى، غەيبنــى ۋە ئاشــكارىنى بىلگۈچــى ئالــلاھ! بەندىلىرىــڭ ئىختىــلاپ قىلىشــقان ئىشــلاردا ســەن ھۆكــۈم قىلىســەن. ئىختىــلاپ قىلىنغــان ھەقىقەتتە مېنى ئۆز رۇخســتىڭ بىلــەن ھىدايەت قىلغىن. ســەن ھەقىقەتــەن خالىغــان كىشــىنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىســەن» [ســەھىھ مۇســلىم، 770 ـ ھەدىــس].

## بەشىنچى ھەدىس:

ئەلــى ئىبنــى ئەبــى تالىــب رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن رىۋايــەت قىلىنىدۇكى، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم نامازغــا تۇرغانــدا مۇنداق دەيتتــى: «يۈزۈمنى ئاســمانلارنى ۋە زېمىنىنــى ياراتقــان زاتقــا، ھــەق دىنغا بۇرالغــان ھالەتتــە قاراتتىم، مەن مۇشــرىكلاردىن ئەمەســمەن. مېنىــڭ نامىزىــم، قىلغــان ئىبادەتلىرىــم، ھاياتىــم ۋە ماماتىــم ئالەملەرنىــڭ پەرۋەردىــگارى ئالــلاھ ئۈچۈنــدۇر، ئۇنىــڭ ھېچقانــداق شــېرىكى يوقتــۇر. مەن مۇشــۇنىڭغا بۇيرۇلدۇم ۋە مەن مۇســۇلمانلاردىنمەن. ئى ئاللاھ! ســەن پادىشاھتۇرســەن، ســەندىن باشقا ھېچقانــداق ئىلاھ يوقتۇر. ســەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمســەن، مەن ســېنىڭ بەندەڭدۇرمەن.

مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم ۋە گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلدىم، مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ. مېنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلارغا باشلىغىن، ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەللىرىگە سەندىن باشقا ھېچكىم باشلىيالمايدۇ. مەندىن ئەخلاقنىڭ ناچارلىرىنى نېرى قىلغىن، ئۇنىڭ ناچارلىرىنى سەندىن باشقا ھېچكىم نېرى قىلالمايدۇ. مەن سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا تەييارمەن، سېنىڭ خىزمىتىڭدىمەن، بارلىق ياخشىلىق سېنىڭ ئىككى قولۇڭدىدۇر (سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر)، يامانلىق سېنىڭ تەرىپىڭدىن ئەمەستۇر. مەن سەن بىلەن (يەنى سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن) بارمەن ۋە سېنىڭ تەرىپىڭگە قايتقۇچىمەن، سەن مۇبارەكتۇرسەن ۋە ئۇلۇغدۇرسەن، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن».

رۇكۇ قىلسا مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! سەن ئۈچۈن رۇكۇ قىلدىم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا تەسلىم بولدۇم. قۇلىقىم، كۆزۈم، مېڭەم، سۆڭىكىم ۋە نېرۋىلىرىم ساڭا بويسۇندى».

رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرسە مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! پەرۋەردىگارىمىز! ئاسمانلار توشقۇدەك، زېمىن توشقۇدەك، ئىككىسىنىڭ ئارىسى توشقۇدەك ۋە سەن خالىغان باشقا نەرسىلەر توشقۇدەك بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر».

سەجدە قىلسا مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! سەن ئۈچۈن سەجدە قىلدىم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم ۋە ساڭا تەسلىم بولدۇم. يۈزۈم ئۆزىنى ياراتقان، ئۇنىڭغا شەكىل بەرگەن، ئۇنىڭ قۇلىقىنى ۋە كۆزىنى يارغان زاتقا سەجدە قىلدى. ئەڭ گۈزەل ياراتقۇچى ئاللاھ بەرىكەتلىكتۇر».

ئەڭ ئاخىرىدا، تەشەھھۇد بىلەن سالام ئارىسىدا مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان، ھەددىدىن ئېشىپ قىلغان ۋە سەن مەندىنمۇ ياخشى بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. سەن (خالىغان بەندەڭنى) ئىلگىرى سۈرگۈچىسەن ۋە (خالىغان بەندەڭنى) ئارقىدا قالدۇرغۇچىسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر» [سەھىھ مۇسلىم، 771 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنى ياخشىلىققا باشلىغۇچى، ۋەھيى نازىل بولىدىغان زات تۇرۇپمۇ، ئۆزىنىڭ ئىلاھىي ھىدايەتكە موھتاجلىقىنى ھېس قىلىپ ھىدايەت تىلەپ دۇئا قىلغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھىدايەت پەقەت ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە كېلىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇ ھەممە ئىشتا لازىمدۇر. مەسىلەن:

1. ئىمانغا ھىدايەت قىلىنىش؛

2. گۇناھ ـ مەئسىيەت يوللىرىدىن ئىستىقامەت (توغرا) يولغا ھىدايەت قىلىنىش؛

3. ئىمان ۋە تائەتتە مۇستەھكەم تۇرۇشقا ھىدايەت قىلىنىش؛

4. مۇجمەل ۋە مۇرەككەپ ئىشلاردا توغرا يولنى تېپىشقا ھىدايەت قىلىنىش؛

5. ئەخلاق ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشتا ئەڭ ياخشىسىغا ھىدايەت قىلىنىش؛

6. مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئىسلاھات يوللىرىغا ھىدايەت قىلىنىش.

**ئالتىنچى ھەدىس:**

ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان: «ئى ئاللاھ! مېنى ئىشلىرىمنىڭ ئەڭ توغرىسىغا (راستىغا) ھىدايەت قىلغىن ۋە مېنى نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن» [مۇسنەد ئەھمەد، 16269 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ھەدىس ئىشلارنىڭ ئەڭ توغرىسىنى تېپىش ئۈچۈن ھىدايەت سوراشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالى شۇنداق بولغان يەردە، باشقىلار ھىدايەت تىلەشكە تېخىمۇ موھتاجدۇر.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## ياخشى ھەمراھنىڭ مۇھىملىقى، ئاللاھ ئۈچۈن دوستلىشىشنىڭ پەزىلىتى، بۆلۈنۈش، دەتالاش ۋە ئىختىلاپلىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ باب ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار، خۇسۇسەن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار، دەۋەتچىلەر ۋە ئىسلاھاتچىلار ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق بابلاردىن بىرىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ بابنىڭ مۇھىملىقىدىن شۇنى ئېيتالايمىزكى، ئۇ شەرىئەتنىڭ مەركىزىي ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ھىجرەتنىڭ بېشىدا مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بۇ ئۇقۇمنىڭ ئەڭ چوڭ شاھىدىدۇر.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئايەتلەر:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇزىنىنىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن﴾ [سۈرە كەھف، 28 ـ ئايەت].

﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾ [سۈرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەت].

﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، (ئاللاھ) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾ [سۈرە مائىدە، 54 ـ ئايەت].

﴿مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ﴾ [سۈرە فەتھ، 29 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتلەر ئىستىقامەتتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن بولسۇن ياكى دىنغا نۇسرەت بېرىش ئۈچۈن بولسۇن مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا مېھرىبانلىقنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىق دىندىكى ئېنىق (مۇھكەم) مەنىلەرنىڭ ۋە شەرىئەت ئېلىپ كەلگەن مەركىزىي ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزغا قارىساق، بۇ بابقا كۆڭۈل بۆلۈشتە چوڭ كەمچىلىك بارلىقىنى كۆرىمىز. ھەتتا «پارچىلىنىش ۋە تالاش - تارتىش» مەسىلىسى پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى مىقياسىدا ئەڭ چوڭ مەسىلىلەردىن بىرىگە ئايلاندى. شۇڭا، ئىسلاھات خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرى: «مۇئمىنلەر ئارىسىدا قويۇق ئالاقە ۋە مېھىر - مۇھەببەت ئورنىتىش»تۇر. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ ئىشتا زور قىيىنچىلىقلار بار، شۇڭا بۇ يەردە مۇكەممەل بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ (قولدىن كېلىشىچە تىرىشىش كېرەك).

# ھەدىسلەر

### بىرىنچى ھەدىس:

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىلەن ئەبۇ مۇسانى يەمەنگە ئەۋەتىش ئالدىدا مۇنداق دېگەن: «ئاسانلىق يارىتىڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇش خەۋەر بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈرمەڭلار، ئۆزئارا ماسلىشىڭلار (بويسۇنۇڭلار)، ئىختىلاپ قىلماڭلار» [سەھىھ بۇخارىي، 3038 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئىسلاھات خىزمىتىگە تەيىنلەنگەن ئىككى كىشى بار. ئۇلارغا قىلىنغان ۋەسىيەتنىڭ جۈملىسىدىن: «ئۆزئارا ماسلىشىش ۋە ئىختىلاپ قىلماسلىق»تۇر. بارلىق ئىسلاھات ساھەلىرىدە ئىشلىگۈچىلەر ئۈچۈن بىر پىروگراما بولۇشى كېرەك. بۇ ماسلىشىش ئاللاھ رازى بولىدىغان مۇباھ ئىشلاردا، شەخسىي مەنپەئەتلەردە ۋە بەزى ئىجتىھادىي مەسىلىلەردە بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ خىسلەتلىرىنى سانىغاندا: «دوستلىرى بىلەن كۆپ ئىختىلاپ قىلمايدىغانلىقى»نى زىكىر قىلىشقان.

### ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن مۇئمىن ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرىدىغان بىنادۇر». رەسۇلۇللاھ شۇنداق دەپ بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتتى [سەھىھ بۇخارىي، 481 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىس «ئىمان» نامى ئاستىدا بىر ـ بىرىنى دوست تۇتۇش ۋە ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى تەكىتلىگەن. كىمكى ئىمان دائىرىسىگە كىرىدىكەن، ئۇ چوقۇم بۇ ھەدىسنىڭ

مەزمۇنغا ئەمەل قىلىشى لازىم. ئىمانىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەقەززاسى مۆئمىنلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشىدۇر. يىقىلاي دەپ قالغان بىنانى تۈتۈپ تۇرۇش ۋە خىشتەك بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى بۇ نۇقتىدا تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

### ئۈچىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى دۈشمەنگە تاشلاپ بەرمەيدۇ. كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ بىر غېمىنى تۈگەتسە، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ غەملىرىدىن بىرىنى تۈگىتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭمۇ ئەيىبىنى ياپىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 2442 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر» دېگەن سۆز بۇيۇك بىر قائىدە، بۇ ھەدىستە يەنە قېرىنداشلىقنىڭ تەلەپلىرى زىكىر قىلىنغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** «ئۇنى دۈشمەنگە تاشلاپ بەرمەيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنە دائىرىسىگە: قېرىندىشىنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بەرمەسلىك، ئۇنى ئاسان ئۆۋلىنىدىغان ھالەتتە تاشلاپ قويماسلىق، بەلكى ئۇنى قوغداش ۋە زۆرۈر بولغاندا نۇسرەت بېرىش دېگەندەك مەزمۇنلار كىرىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** جازا (ياكى مۇكاپات) ئەمەلنىڭ تۈرىگە قاراپ بولىدۇ. سېنىڭ قېرىنداشلىرىڭغا قىلغان ئىھسانىڭغا قاراپ، مەرھەمەتلىك ئاللاھتىن ساڭا ئىھسان كېلىدۇ.

**تۆتىنچى نۇقتا:** كىمكى بۇ ھەدىس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دەلىللەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلسا، بۇ بابنىڭ دىندىكى مۇھىملىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

### تۆتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر ـ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، مالنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش ئۈچۈن، ئېلىش نىيىتىڭلار بولمىسىمۇ خېرىدار بولۇپ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ قويماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ئۆچلۈك قىلىشماڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن يۈز

ئۆرۈشمەڭلار، بىرىڭلار يەنە بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار. ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر: ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى ياردەمسىز تاشلاپ قويمايدۇ ۋە ئۇنى كەمسىتمەيدۇ. تەقۋادارلىق مانا بۇ يەردە! (رەسۇلۇللاھ يۈرىكىگە ئۈچ قېتىم ئىشارەت قىلدى). بىراۋنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كەمسىتكەنلىكى ئۇنىڭ يامانلىقىغا يېتىپ ئاشىدۇ. ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە يۈز - ئابرۇيى باشقا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھارامدۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 2140 - ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىسلەردىن شۇنى بىلىمىزكى، مۇسۇلمانلارنى ئەيىبلەشنى ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنى ئۆزىگە نىشان قىلىۋالغان ئېقىملاردا چوڭ بىر يامانلىق بار. بىزنىڭ مېڭىشقا تېگىشلىك يولىمىز مۇئمىنلەرنى دوست تۇتۇش، ئۇلارغا سەممىي بولۇش، مېھرىبان بولۇش، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە خاتالىقلارنى تۈزىتىشتۇر. بۇ تۈزىتىشنىڭ ئاساسي تېمىسى «ھىدايەت ئىزدەش» بولۇشى كېرەك. (ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن) ئاگاھلاندۇرۇشلار بولۇپ تۇرسا كېرەك يوق، لېكىن ئاگاھلاندۇرۇش تولۇپ نىشانغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

## بەشىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي مۇسۇلمان باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن ۋە قولىدىن ئامان قالغان كىشىدۇر. ھەقىقىي مۇھاجىر ئاللاھ چەكلىگەن نەرسىلەرنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 10 - ھەدىس].

## ئالتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي مۇئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايسىلەر. سىلەرگە شۇنداق بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ، ئۇنى قىلساڭلار بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىسىلەر؟ ئاراڭلاردا سالامنى يېيىڭلار» [سەھىھ مۇسلىم، 54 - ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** «بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايسىلەر»

دېگەن سۆز قېرىنداشلىق مەسىلىسىنىڭ ئەقىدە (ئىمان) بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھەدىستە مۇھەببەتنى ئاشۇرىدىغان ۋاسىتىلەردىن بىرى سۈپىتىدە سالامنى كېڭەيتىش ئىكەنلىكى زىكىر قىلىنغان.

**يەتتىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن دەمەشىق مەسچىتىگە كىردىم، ئۇ يەردە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان، ئۈتتۈر چىشلىرى پارقىراق بىر يىگىتنى كۆردۈم. كىشىلەر ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتى، بىرەر ئىشتا ئىختىلاپلىشىپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىشاتتى ۋە ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئىش كۆرۈشەتتى. مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىۋىدىم، كىشىلەر ماڭا: «بۇ مۇئاز ئىبنى جەبەل» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ئەتىسى مەسچىتكە بالدۇر باردىم، قارىسام ئۇ مەندىنمۇ بۇرۇن كېلىپ، ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ نامىزىنى تۈگەتكۈچە ساقلاپ تۇردۇم، ئاندىن ئالدىغا بېرىپ، سالام بەردىم ۋە ئۇنىڭغا:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىزنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن، ــ دېدىم. ئۇ:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەممۇ؟ ــ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەم، ــ دېدىم. ئۇ قايتىلاپ سورىدى:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەممۇ؟

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەم.

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەممۇ؟

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەم.

ئاندىن ئۇ چاپىنىمنىڭ پېشىدىن تارتتى ۋە مېنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

ــ خۇش خەۋەر! مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلەرگە، مەن ئۈچۈن بىرگە ئولتۇرۇشقانلارغا، مەن ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى

يوقلاشقانلارغا ۋە مەن ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە (مال ـ دۇنيا ياكى كۈچىنى) سەرپ قىلىشقانلارغا مۇھەببىتىمنى بېرىش ۋاجىپ بولدى» [مۇۋەتتا، 2744 ـ ھەدىس].

**سەككىزىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلەر قېنى؟ ھېچقانداق سايە بولمىغان بۈگۈنكى كۈندە، مەن ئۇلارنى ئۆز سايەمدە سايىدىتىمەن» [سەھىھ مۇسلىم، 2566 ـ ھەدىس].

**توققۇزىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىرەيلەن باشقا بىر شەھەردىكى قېرىندىشىنى يوقلاپ مېڭىپتۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ يولىغا بىر پەرىشتىنى كۆزەتچى قىلىپ قويۇپتۇ. مەزكۇر كىشى پەرىشتىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، پەرىشتە ئۇنىڭدىن:

ــ نەگە كېتىۋاتىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئۇ:

ــ پالان شەھەردىكى بىر قېرىندىشىمنى يوقلىغىلى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پەرىشتە قايتىلاپ سوراپتۇ:

ــ سېنىڭ ئۇنىڭدىن ئالىدىغان بىرەر مەنپەئىتىڭ بارمۇ؟ (شۇنى كۆزلەپ بارامسەن؟)

ــ ياق، مەن پەقەت ئۇنى بۈيۈك ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلىكىم سەۋەبلىكلا بارىمەن.

ــ مەن ئاللاھنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇرمەن، سەن ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرگىنىڭدەك، ئاللاھمۇ سېنى ياخشى كۆردى» [سەھىھ مۇسلىم، 2567 ـ ھەدىس].

**ئونىنچى ھەدىس:**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «تۆۋەندىكى ئۈچ خىل خىسلەت تېپىلغان كىشى ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالايدۇ: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك بولۇش؛ بىر كىشىنى ياخشى كۆرسە، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش؛ كۇفرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، كۇفرىغا قايتىشنى خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش» [سەھىھ بۇخارىي، 16 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ھەدىسلەر ئاللاھ ئۈچۈن قېرىنداش بولۇش ۋە بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشنىڭ پەزىلىتى ھەم ساۋابىنى بايان قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن:

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ بەندىنى ھېچقانداق سايە بولمىغان كۈندە ئۆز سايىسىدە سايىدىتىشى؛

2. ئاللاھ ئۈچۈن قېرىنداش بولۇش ۋە بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشنىڭ شۇ بەندىگە ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى كەلتۈرۈشى؛

3. ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىشى.

مۇشۇنچىۋالا كاتتا پەزىلەتلەر تۇرۇقلۇق، بۇ ئىشقا سەل قارىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! بولۇپمۇ ئۇممەت ھەر تەرەپتىن ئاجىزلىتىلغان مۇشۇنداق بىر دەۋردە، بۇ ئىشقا سەل قاراشنىڭ گۇناھى تېخىمۇ ئېغىردۇر.

**ئون بىرىنچى ھەدىس:**

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەجىدە ئۇنىڭغا: «كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى پەسلىگىن (قۇلاق سالسۇن)» دېدى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «مەندىن كېيىن بىر ـ بىرىڭلارنىڭ بويىنىنى چاپىدىغان كاپىرلارغا ئايلىنىپ قالماڭلار» [سەھىھ بۇخارىي، 121 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ ھەدىستە قېرىنداشلىققا خىلاپلىق قىلىپ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈش «كۇفرىلىق» بىلەن سۈپەتلەنگەن. بۇ (دىندىن چىقىرىدىغان كۇفرى بولمىسىمۇ) بۇ قىلمىشنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ۋە ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# پىتنىلەردىن ھەزەر ئەيلەش، دۇنيانىڭ پىتنىسى ۋە دۇنيا تالىشىش دېگەندەك سالىھلار پەخەس بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا

**پايدىلىق نۇقتا:**

بۇ بابتا شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىنغانكى، پىتنىلەرگە پەقەت بۇزۇق كىشىلەرلا ئەمەس، بەلكى سالىھ كىشىلەرمۇ پىتنىلەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن. كىشىنىڭ ئىستىقامەت يولىغا كىرىشى ئۇنىڭ مەنزىلگە يېتىشىگە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، چۈنكى ئىستىقامەت يولى پىتنىلەر، سىناقلار ۋە خىرىسلار بىلەن تولغان يولدۇر.

# ئايەتلەر

## بىرىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۇئمىندىن) ئايرىمىغۇچە مۇئمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ...﴾ [سۈرە ئال ئىمران، 179 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھ مۇئمىنلەر جەمئىيىتىنى مۇئمىن بىلەن مۇناپىقنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمىگەن ھەقىقىي سىناق ۋە ئىمتىھانلارسىز تاشلاپ قويمايدۇ. شۇڭا، توغرا يولدا مېڭىۋاتقان، دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان مۇئمىنلەر ئارىسىدا ناچار، مۇناپىق كىشىلەر بولسا، مۇئمىنلەر ئۆزلىرىنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزىدىغان پىتنىلەرگە تەييارلىشى كېرەك. بۇ پىتنىلەر سەۋەبلىك ناچارلار يىقىلىدۇ، پاكلار قالىدۇ. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ مۇئمىنلەر ياخشىلىقنى، يۈكسىلىشنى ۋە ئىسلامغا ياردەم بېرىشنى كۆزلەپ ماڭغان باسقۇچلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

## ئىككىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾ [سۈرە ئەنفال، 25 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئايەتتە زۇلۇم قىلمىغان مۇئمىنلەرنىڭمۇ زالىملارغا قوشۇلۇپ چوڭ پىتنىگە (بالا ـ قازاغا) قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. كۆپلىگەن مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ سەۋەبى، زۇلۇمنىڭ يامراپ كېتىشى، كىشىلەرنىڭ ئۇنى چەكلەپ، ئۆزگەرتمەسلىكىدۇر. ئەگەر زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىنسا، ئومۇمىيۈزلۈك بىر پىتنە ئارقىلىق جازالىنىشتىن ئەنسىرەش كېرەك.

ئۈچىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئاللاھ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾ [سۈرە ئەنكەبۇت، 2 ـ ئايەت].

پايدىلىق نۇقتا:

تىلدا ياكى ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ يولىدا ماڭىدىغان مۇئمىنلىكنى دەۋا قىلغان كىشى ياخشىلىق ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، ئىمتىھانغا تەييارلىنىشى كېرەك. بۇ ئىمتىھان قىيىنچىلىق بىلەن بولغاندەك، پاراۋانلىق (بايلىق) بىلەنمۇ بولىدۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى بۇنىڭ مىسالىدۇر: «(بۇ) رەببىمنىڭ مېنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ، دەپ سىنىشىدۇر» [سۈرە نەمل، 40 ـ ئايەت].

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇرەببىلكەئبە مۇنداق دەيدۇ: مەسچىتكە كىرسەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس كەئبىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپتۇ. بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر سەپەردە ئىدۇق، بىر يەرگە چۈشتۇق. ئارىمىزدىن بەزىلەر چېدىرلىرىنى قۇراشتۇرۇۋاتاتتى، بەزىلەر ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتاتتى، بەزىلەر تۆگىلىرىنى يايلىتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھنىڭ مۇئەززىنى «نامازغا كېلىڭلار!» دەپ توۋلىدى. بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا توپلانغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:

«مەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆز ئۈممىتىگە ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئىشلارنى كۆرسىتىپ بېرىشى، ئەڭ يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇشى ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى. بۇ ئۈممەتنىڭ ئامانلىقى ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قىلىندى. ئاخىرقى مەزگىلىدە بولسا بالايى - مۇسىبەتلەر ۋە سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ. شۇنداق پىتنىلەر يۈز بېرىدۇكى، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى يەڭگىل كۆرسىتىپ قويىدۇ. بىر پىتنە كەلگەندە مۇئمىن: ‹بۇ مېنى ھالاك قىلىدۇ› دەيدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. يەنە بىر پىتنە كەلگەندە مۇئمىن: ‹بۇ ئەڭ يامىنى› دەيدۇ. كىمكى دوزاختىن يىراقلىشىپ جەننەتكە كىرىشنى خالىسا، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرسۇن، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى خالىسا، ئۇمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلسۇن؛ بىر ئىمامغا (ئەمىرگە) چىن قەلبىدىن قول بېرىپ، بەيئەت قىلغان كىشى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن، باشقا بىراۋ ئۇنىڭ بىلەن ھوقۇق تالىشىپ كەلسە، ئۇنىڭ بويىنىنى چېپىڭلار» [سەھىھ مۇسلىم، 1844 - ھەدىس].

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئەمىر ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ئۇبەيدە بەھرەيندىن مال ئېلىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «خۇش خەۋەر بولسۇنكى، سىلەرنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارنى ئۈمىد قىلىڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ نامرات بولۇپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىمەيمەن، ئەمما ئىلگىرىكىلەرگە دۇنيا كەڭ - تاشا بېرىلگەندەك، سىلەرگىمۇ كەڭ - تاشا بېرىلىپ، ئاندىن ئۇلارغا ئوخشاش سىلەرنىڭمۇ دۇنيا تالىشىپ (رىقابەتلىشىپ) قېلىشىڭلاردىن، نەتىجىدە دۇنيا ئۇلارنى ھالاك قىلغاندەك سىلەرنىمۇ ھالاك قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» [سەھىھ بۇخارىي، 3158 - ھەدىس].

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى (كەۋسەر) كۆل بويىدا كۈتۈپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ كەڭلىكى ئەيلە[5] بىلەن جۇھفە[6] ئارىسىدىكى مۇساپىچىلىك كېلىدۇ. مەن سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن مۇشرىك بولۇپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرىمەيمەن، لېكىن سىلەرنىڭ دۇنيا تالىشىپ، بىر - بىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئىلگىرىكىلەر ھالاك بولغاندەك ھالاك بولۇشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن». ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: بۇ مېنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇنبەردە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم بولۇپ قالدى [سەھىھ بۇخارىي، 4042 - ھەدىس].

## تۆتىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «فارس (ئىران) ۋە رىم (ئىمپېرىيەلىرى) پەتھى قىلىنغاندا، سىلەر قانداق بىر قەۋم بولۇپ قالارسىلەر؟» دېۋىدى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف:

— ئاللاھ بىزنى بۇيرۇغاننى سۆزلەيمىز (يەنى شۈكۈر قىلىمىز)، — دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «ياكى ئۇنداق بولماي، بەلكى بىر - بىرىڭلار بىلەن دۇنيا تالىشىسىلەر، ئاندىن بىر - بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىسىلەر، ئاندىن بىر - بىرىڭلاردىن يۈز ئۆرۈشىسىلەر، ئاندىن بىر - بىرىڭلارغا ئۆچ بولىسىلەر

5 مەدىنە، دەمەشق، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئارىسىدىكى دېڭىزنىڭ ساھىلىغا جايلاشقان شەھەر
6 مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىغا جايلاشقان بىر جاي

(ياكى شـۇنىڭغا ئوخشـاش سـۆزلەرنى دېدى)، ئاندىن كەمبەغەللەرنىڭ (مۇھاجىرلارنىڭ) يېنىغا بېرىــپ، بىرىڭلارنــى يەنــە بىرىڭلارغا باشــلىق (يەنــى بىر ـ بىرىــڭلار بىلەن ئۇرۇشــىدىغان) قىلىســىلەر» [ســەھىھ مۇســلىم، 2962 ـ ھەدىس].

**بەشىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ســەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەســۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

ــ «مــەن ســىلەر ئۈچــۈن ئــەڭ ئەنســىرەيدىغان ئــش ئالــلاھ ســىلەرگە زېمىنىنــىڭ بەرىكەتلىرىدىــن چىقىرىــپ بەرگــەن نەرســىلەردۇر». رەسـۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمدىن:

ــ زېمىننىڭ بەرىكەتلىرى نېمە؟ ــ دەپ سورىلىۋىدى، ئۇ زات:

ــ «دۇنيانىــڭ زىبۇزىنىنتــى (پارلاۋانلىقــى)» ــ دەپ جاۋاب بەردى [ســەھىھ مۇســلىم، 1052 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بــۇ ھەدىســلەرنىڭ ئورتاق نۇقتىســى پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ئۈممىتىگــە بولغــان كۆيۈمچانلىقىنــى بايان قىلىش ۋە كىشــىلەرنى كەلگۈســىدە يولۇقىدىغان پىتنىلەردىــن ئاگاھلاندۇرۇش.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئاگاھلاندۇرۇلغان پىتنىلەرنىڭ بەزىســى ساھابىلەر دەۋرىدە، بەزىســى ئۇلاردىن كېيىن، بەزىســى بولسـا دەل بىزنىڭ دەۋرىمىزدە يۈز بەرمەكتە.

**ئۈچىنچــى نۇقتــا:** بــۇ ھەدىســلەر پىتنىنىــڭ خەتەرلىكلىكىنــى، رەسـۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتىگــە نەقــەدەر ئەھمىيــەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە پەقــەت توغرا يولدا مېڭىشــنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنــى، بەلكــى يولدىكــى توســالغۇلارنىمۇ بىلىــش كېرەكلىكىنــى كۆرســىتىپ بېرىدۇ.

**تۆتىنچــى نۇقتــا:** پىتنىلەردىــن غاپىل قالماسـلىق توغرا يولدا مۇســتەھكەم تۇرۇشــنىڭ مۇھىــم ئامىلىــدۇر. چۈنكــى، پىتنىدىــن قورقــۇش ۋە ھــەزەر ئەيلــەش كىشــىنى تەييارلىق قىلىشــقا مەجبۇرلايدۇ.

**بەشــىنچى نۇقتــا:** ئاللاھقــا قــاراپ يــول ماڭغۇچــى دۇچ كېلىدىغــان ســىناقلار كــۆپ (كېســەللىك، دۈشــمەنىنىڭ بېسىمى، مال ـ دۇنيا)، ئەمما رەسۇلۇللاھ ئەڭ بەك ئەنسىرىگىنى «دۇنيا پىتنىســى»دۇر.

**ئالتىنچى نۇقتا:** ئەگەر ئىلىمگە ۋە ئىسلامغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ھېرىس، ئەمما دۇنيا بايلىقىدىن قىسىلىپ قالغان ياشلارنى كۆرسىڭىز، ئۇلار ئۇچۇن قايغۇرماڭ؛ چۈنكى، ئۇلار پارچىلىنىش ۋە تالاش ـ تارتىشنىڭ بىر سەۋەبىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

**يەتتىنچى نۇقتا:** سالىھ كىشىلەر بەزىدە جاپا ـ مۇشەققەتكە سەۋر قىلالىغان بىلەن، نېمەت ۋە پاراۋانلىق سىنىقىغا سەۋر قىلالماسلىقى مۇمكىن.

**ئالتىنچى ھەدىس:**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇ:

ــ قايسىڭلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پىتنىلەر ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغان؟ ــ دەپ سورىدى. بەزىلەر:

ــ بىز ئاڭلىغان، ــ دېيىشتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ سىلەر بەلكىم كىشىنىڭ ئائىلىسى، قوشنىلىرى ئارىسىدا بولىدىغان (كىچىك) پىتنىنى دەۋاتقان بولساڭلار كېرەك، ــ دېدى. ئۇلار:

ــ شۇنداق، ــ دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىلاپ:

ــ ئۇ پىتنىلەرگە ناماز، روزا ۋە سەدىقە كاپپارەت بولىدۇ. لېكىن، ئاراڭلاردا كىم رەسۇلۇللاھنىڭ دېڭىز دولقۇنىدەك دولقۇنلايدىغان پىتنىلەر ھەققىدىكى سۆزىنى ئاڭلىغان؟ ــ دەپ سورىدى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى: كىشىلەر جىمىپ كەتتى. مەن:

ــ مەن ئاڭلىغان، ــ دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئاللاھ ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، ــ دېدى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن:

«پىتنىلەر قەلبلەرگە بورىنىڭ تاللىرىدەك بىر ـ بىرلەپ سۇنۇلىدۇ. قايسى قەلب ئۇنى قوبۇل قىلسا (سىڭدۈرسە)، ئۇنىڭغا بىر قارا چېكىت چۈشىدۇ. قايسى قەلب ئۇنى رەت قىلسا، ئۇنىڭغا بىر ئاق چېكىت چۈشىدۇ. شۇنداق قىلىپ قەلبلەر ئىككى تۈرگە ئايرىلىپ قالىدۇ: بىرى، سۈزۈك تاشتەك ئاق قەلب بولۇپ، ئاسمان ـ زېمىن تۇرغانچە ئۇنىڭغا ھېچقانداق پىتنىنىڭ زىيىنى تەگمەيدۇ؛ يەنە بىرى، كۆمتۈرۈپ قويۇلغان كوزىدەك

قاپقارا قەلب بولۇپ، ئۇ قەلب ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا سىڭدۈرۈلگەن نەرسىدىن باشقا ياخشىلىقنى تونۇمايدۇ، يامانلىقنى رەت قىلمايدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 144 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** سالىھ كىشىلەر ھەتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك بۈيۈك زاتلارمۇ پىتنىلەردىن ئەنسىرەيتتى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلەتتى.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پىتنىلەر قەلبكە بىراقلا ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرلەپ، توپلىشىپ كېلىدۇ. كىشى بىر پىتنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** قەلبنىڭ نۇرىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى پىتنىلەرگە تەسلىم بولماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىشتۇر.

**يەتتىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىلىرىدەك پىتنىلەر كېلىشتىن بۇرۇن، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار. ئۇ چاغدا كىشى ئەتىگەندە مۇئمىن بولۇپ، ئاخشىمى كاپىر بولۇپ قالىدۇ؛ ياكى ئاخشىمى مۇئمىن، ئەتىگەندە كاپىر بولۇپ قالىدۇ. ئۇ كىشى ئۆز دىنىنى دۇنيانىڭ بىر پارچە ماتاسىغا سېتىۋېتىدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 118 ـ ھەدىس].

**سەككىزىنچى ھەدىس:**

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى ئويغىنىپ كېتىپ مۇنداق دېدى: «سۇبھانەللاھ! بۇ كېچە نېمىدېگەن كۆپ پىتنىلەر نازىل بولدى ـ يا! يەنە نېمىدېگەن كۆپ خەزىنىلەر ئېچىلدى ـ يا! ھۇجرىلاردىكى ئاياللارنى ئويغىتىڭلار (نامازغا تۇرسۇن). دۇنيادا كىيىم كىيگەن نۇرغۇن ئاياللار باركى، ئۇلار ئاخىرەتتە يالىڭاچتۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 115 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** پاراۋانلىق ۋە ئامانلىقتا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراش كېرەك. بۇنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار:

1. بۇ ئەمەللەر پىتنىلەر كەلگەندە كىشىنى ساقلاپ قېلىش رولىنى ئوينايدۇ؛

2. پىتنىلەر كەلگەن چاغدا كىشىنىڭ ئەمەل قىلىشىغا پۇرسەت بولماسلىقى مۇمكىن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** تەھەججۇد (كېچە نامىزى) پىتنىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالدىراپ قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئەمەللەردىن بىرىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئەمەل ۋە ئىستىقامەتتىن زاپاس تويلىمىغان كىشى پىتنىلەر كەلگەندە ناھايىتى تېز تەۋرىنىپ قالىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان دىنىنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ماتالىرىغا سېتىۋېتىدۇ.

**تۆتىنچى نۇقتا:** پىتنىلەر پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

**بەشىنچى نۇقتا:** ھەر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئۆز ئەھلى - بەيتىنىڭ دىنىي ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ھېرىس بولۇشى لازىم.

**توققۇزىنچى ھەدىس:**

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەججار جەمەتىنىڭ بىر بېغىدا خېچىرىغا مىنىپ كېتىۋاتاتتى، بىز بىللە ئىدۇق. تۇيۇقسىز خېچىر تېپىچەكلەپ، ئۇ زاتنى يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى. قارىساق، ئۇ يەردە بەش - ئالتە قەبرە بار ئىكەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «بۇ قەبرە ئىگىلىرىنى كىم تونۇيدۇ؟ — دەپ سورىدى. بىرەيلەن:

— مەن، — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بۇلار قاچان ئۆلگەن؟ — دېۋىدى، ئۇ كىشى:

— شېرىك دەۋرىدە (مۇشرىك ھالەتتە) ئۆلگەن، — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «بۇ ئۇممەت قەبرىلىرىدە سىنىلىدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىڭلارنى كۆممەي تاشلاپ قويۇشۇڭلاردىن ئەنسىرىمىسەم، مەن ئاڭلاۋاتقان قەبرە ئازابىنى سىلەرگىمۇ ئاڭلىتىپ قويۇشنى ئاللاھتىن سورايتتىم».

ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قاراپ مۇنداق دېدى: «دوزاخ ئازابىدىن ئاللاھقا سىغىنىڭلار!». ئۇلار:

— دوزاخ ئازابىدىن ئاللاھقا سىغىنىمىز، — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قەبرە ئازابىدىن ئاللاھقا سىغىنىڭلار!» دېدى، ئۇلار:

— قەبرە ئازابىدىن ئاللاھقا سىغىنىمىز، — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پىتنىلەردىن ئاللاھقا سىغىنىڭلار!» دېدى، ئۇلار:

— ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پىتنىلەردىن ئاللاھقا سىغىنىمىز، — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئاللاھقا سىغىنىڭلار!» دېدى، ئۇلار:

— دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئاللاھقا سىغىنىمىز، — دېيىشتى [سەھىھ مۇسلىم، 2867 - ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە يولدىن تېيىلىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى بايان قىلىشقا نەقەدەر ھېرىس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئاللاھتىن پاناھ تىلەش پىتنىلەردىن ساقلىنىشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىلىرىدىن بىرىدۇر.

## ئونىنچى ھەدىس:

مەئقىل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەرج (پىتنىلەر ۋە قاتىللىق ئەۋج ئالغان) زاماندا قىلىنغان ئىبادەت ماڭا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنگە ئوخشاش (ساۋابلىق) تۇر» [سەھىھ مۇسلىم، 2948 - ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** «ھەرج» دېگەن سۆز تۈرلۈك پىتنىلەر ۋە ئۆلتۈرۈشلەر بىلەن ۋەزىيەتنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قالايمىقانچىلىق ۋاقتىدا قىلىنغان ئىبادەتنى ئۆزى تەرەپكە ھىجرەت قىلغانغا ئوخشاتقان. چۈنكى، ئۇنداق ۋاقىتلار ئادەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدىغان ۋاقىت بولالمايدۇ (ھەممە ئۆز غېمىدە بولۇپ قالىدۇ). كىمكى شۇنداق تەس شارائىتتىمۇ ئىبادىتىنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋابى ئىنتايىن بۈيۈك بولىدۇ.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىشىش ۋە ئەھۋالىنىڭ ناچارلىشىش سەۋەبلىرىنى چۈشىنىش ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى تەلىماتلىرى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ باب تېما جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى بۇ بابتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى، ئۈممەتنىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ۋە ئىسلاھاتچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان مۇسۇلمان ياشلار ئۈچۈن بىر مەشئەل ھەم بىر يول خەرىتىسى سۈپىتىدە تاللانغان. ئىسلاھاتچى بولۇش مەقسىتى بارلار ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىشىش سەۋەبلىرىنى تونۇپ يېتىشى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بىر ئىسلاھاتچى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىشىش سەۋەبلىرىنى بىلىشكە تولىمۇ موھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مۇكەممەل رەھىم - شەپقىتى، كۆيۈمچانلىقى ۋە چۈشەندۈرۈشكە بولغان ھېرىسمەنلىكى بىلەن، ئۈممەتنىگە ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئىشلارنى بايان قىلىپ بەردى ۋە ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ يامان ئىشلاردىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: «بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟» دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى». ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾ [ئال ئىمران سۈرىسى، 165 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

سىرتتىن كەلگەن مۇسىبەتلەردە، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ شۇ مۇسىبەتكە سەۋەب بولغان ئىچكى ئامىللارغا دىققەت قىلىشىمىزنى خالايدۇ. بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا سىرتتىكى دۈشمەنلەردىن ۋە مۇناپىقلاردىن تۈرلۈك مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىمىز، ئەمما پۈتۈن دىققىتىمىزنى شۇلارغا قارىتا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئارىمىزدىكىلەردىن غاپىل قالساق بولمايدۇ. ئۆزىمىزدىكى كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنى تەكشۈرۈپ: «ئۈستىمىزدىكى مەسئۇلىيەتنى لايىقىدا ئادا قىلدۇقمۇ؟ ئىسلاھات ۋە يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىمىزنى لايىقىدا ئورۇندىدۇقمۇ؟ بىرلىك ۋە ھەمكارلىقنى ساقلاش مەسئۇلىيىتىمىزنى تاماملىدۇقمۇ؟» دەپ سورىشىمىز ۋە بۇ جەھەتتە ئاكتىپ خىزمەت قىلىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگۈچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)، ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى (ياكى

ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان ئاللاھتىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ﴾ [رەئد سۈرىسى، 11 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بىر ئۈممەت ئۆز ئىچىدىكى پاساتچىلىقلارنى تۈزەتمىگۈچە ۋە ناچار ئەھۋالنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆملۈك، ئامانلىق ۋە پاراۋانلىق ھالىتىگە ئالماشتۇرۇپ قويمايدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىشىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئاۋۋال ئۆزىمىزگە ۋە ئەھۋالىمىزغا نەزەر سېلىشىمىز لازىم.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تائام يېگۈچىلەر قاچىدىكى تاماققا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئولىشىۋالغاندەك، (باشقا) ئۈممەتلەرنىڭ سىلەرگە قارشى بىرلىشىپ تۇشمۇتۇشتىن ھۇجۇم قىلىشى يېقىندۇر» دېگەندە، بىرەيلەن:

— ئۇ كۈندە بىزنىڭ سانىمىز ئاز بولغانلىقتىن شۇنداق بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ياق، ئۇ كۈندە سىلەر كۆپ بولىسىلەر، لېكىن سىلەر سەل ئېقىتىپ كەلگەن كۆپۈككە ئوخشاپ قالىسىلەر. ئاللاھ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەردىن قورقۇش ھەيۋىسىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ ۋە سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ‹ۋەھن› سالىدۇ» — دېدى. ھېلىقى كىشى:

— ئى رەسۇلۇللاھ، «ۋەھن» دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «دۇنياغا مۇھەببەت باغلاش ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈشتۇر» — دەپ جاۋاب بەردى [ئەبۇ داۋۇد، 4297 ـ ھەدىس].

بۇ ھەدىس بۈگۈنكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەسىلىسىنى تەسۋىرلەشتە ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك، ئەڭ روشەن ھەدىسلەرنىڭ بىرىدۇر.

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىنى ئىنتايىن روشەن بايان قىلغان بولۇپ، بىز دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنىڭ سەۋەبىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ، باشقا پۈتۈن ئەللەرنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە قارشى ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئىتتىپاقداشلىقتا ئىسلام ئۈممىتىنى شۇنچىلىك

مەنستىمەسلىك باركى، ئۇلار گويا بىر قاچا تاماقنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، قاچىدىكى تاماقنى تالىشىپ يەۋاتقانلارغا ئوخشىتىلغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە مۇنداق ئىككى ئىش بىرلەشتۈرۈلگەن:

1. سىرتقى ئامىل؛

2. سىرتقى ئامىلنىڭ يىلتىز تارتىشىغا سەۋەب بولغان ئىچكى ئامىل.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر زامان ھەققىدە توختالغانكى، بىز ھازىر ئاشۇ سۆزلەر تۇنجى بولۇپ ماس كېلىدىغان ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەسۋىرىگە ئەڭ توغرا كېلىدىغان تۇنجى كىشىلەر بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

**تۆتىنچى نۇقتا:** دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قەلبىدىن ھەيۋىمىزنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى تىلغا ئېلىنغان. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ئەھۋالنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ زامانلاردا مۇسۇلمانلار دۈشمەنگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن غەلىبە قىلاتتى.

**بەشىنچى نۇقتا:** مۇسۇلمانلار دۇنياغا بېرىلىپ، دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە دۈم چۈشىدىكەن، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن مال - مۈلكىنى ۋە تاپقان - تەرگىنىنى ئاتاپ، قۇربان بېرىشكە تەييار بولمىسا؛ بىلىڭلاركى، بۇنداق ئەھۋالدا ئىسلام دۈشمەنلىرى چوقۇم ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى دۇنياغا بېرىلمەي، ئاخىرەتكە يۈزلەنگەن، ئاللاھقا، رەسۇلغا ۋە ئىسلام ئۈممىتىگە مۇھەببەت بىلەن تولغان بولسا؛ ئۇ چاغدا ئىسلام دۈشمەنلىرى قانچىلىك ھەرقانچە كۈچەپ قارانىيەت پىلانلارنى تۈزۈپ كەتسىمۇ، ئۇلار چوقۇم مۇسۇلمانلارنىڭ تاغدەك مۇستەھكەم سېپىگە دۈچ كېلىدۇ.

**ئالتىنچى نۇقتا:** بۈگۈنكى كۈندە بىز مەنىۋىيەت، كىملىك ۋە قىممەت قاراشلىرىمىزنى قايتىدىن بەرپا قىلىشقا، ۋەھيىنىڭ ئاساسلىق مەنبە ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىمىزنى مۇستەھكەملەشكە، ئىمانىمىزنى چىڭىتىشقا ۋە مۇسۇلمان شەخسنى قايتىدىن تەربىيەلەپ چىقىشقا تولىمۇ موھتاجمىز. چۈنكى بۇ، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قەددىنى قايتا كۆتۈرۈشنىڭ ھالقىلىق سەۋەبىدۇر.

### ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەرنىڭ بېشىغا ئالدامچىلىققا تولغان يىللار كېلىدۇ: ئۇ زاماندا يالغانچى راستچىل بىلىنىدۇ، راستچىل يالغانچىغا چىقىرىلىدۇ، خائىنغا ئامانەت تاپشۇرۇلىدۇ، ئامانەتدار خائىن دەپ قارىلىدۇ، ئۇ زاماندا ‹رۇۋەيبىزە› سۆز قىلىدۇ» دېدى. كۆپچىلىك:

— «رۇۋەيبىزە» دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «جامائەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ھەققىدە سۆز قىلىدىغان ئەرزىمەس (بىلىمسىز) ئادەمدۇر» — دەپ جاۋاب بەردى [ئىبنى ماجە، 4036 - ھەدىس].

ئىمام ئەھمەد بۇ ھەدىسنى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «دەججالنىڭ ئالدىدا ئالدامچىلىققا تولغان يىللار بولىدۇ، ئۇ زاماندا راستچىللار يالغانچىغا چىقىرىلىدۇ...». بەززار بولسا ئەۋق ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «قىيامەتنىڭ ئالدىدا...» دېگەن ئىبارە بىلەن رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس كۆپلىگەن يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھەدىس كۈچلىنىدۇ ۋە ئاللاھ خالىسا «مەقبۇل» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھەدىس ئۈممەت بۈگۈنكى كۈندە بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان رېئال مەسىلىلەرنى تەسۋىرلەشتە ئەڭ دىققەت تارتىدىغان ھەدىسلەردىن بىرىدۇر.

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىسنى ئوقۇغىنىمىزدا، نۇرغۇن جەمئىيەتلەردە ۋە تاراتقۇلاردا ئالدىغا چىقىۋالغان، ئۆلچەملەرنى بەلگىلەيدىغان ۋە قارار چىقىرىدىغان ئەرزىمەس كىشىلەرنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۇلار كىشىلەرگە ئىنتايىن ئەرزىمەس، قارانىيەتلىك ئۆلچەملەرنى بېكىتىپ بېرىدۇ، قىممەت قاراشلار ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ، نەتىجىدە يالغانچى تەستىقلىنىدۇ، راستچىل رەت قىلىنىدۇ، خائىنغا ئىشەنچ قىلىنىدۇ، ئامانەتدار كىشىگە گۇمان بىلەن قارىلىدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ بىزنىڭ زامانىمىزغا دەل چۈشىدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ، چوڭقۇرراق تەپەككۇر قىلىدىغان كىشى ھەدىستە تەسۋىرلەنگەنلەر بىلەن زامانىمىزنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقى ئارىسىدا زور دەرىجىدە ئوخشاشلىق بارلىقىنى كۆرەلەيدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستىن چىقىرىلىدىغان يەنە بىر يەكۈن شۇكى، ئىنسان ھەرقانداق ئىشتا ھوشيار ۋە ئېھتىياتچان بولۇشى، بەزى پىكىرلەرنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىغا ياكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شۇ تەرەپكە ئېقىۋاتقانلىقىغا ئالدىنىپ قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئۆلچەملەرنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان. ئىلگىرى مۇشۇ كىتابىنىڭ ئۆزىدە ئۆلچەملەرنى ۋەھيي مەنبەسى ئارقىلىق توغرىلاشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە توختالغان ئىدۇق. چۈنكى، ئىنسانىيەت قاچانلا ھەقىقىي مەنبەنى (ۋەھيىنى) يوقاتسا، ئۆلچەملەرنى تۈزەش ۋە ئىشلارغا توغرا باھا بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالماي قالىدۇ - دە، ئۆلچەملەرنىڭ بۇزۇلۇشىغا دۇچ كېلىدۇ ۋە قايسى تەرەپنىڭ ئاۋازى يۇقىرى چىقسا، شۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىدۇ.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان: «قاچانكى سىلەر «ئىينە»[7] سودىسى قىلساڭلار، كالا قۇيرۇقىغا ئېسىلساڭلار (دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتسەڭلار)، تېرىقچىلىق قىلىشقا رازى بولۇپ، جىھادنى تاشلىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە شۇنداق بىر خارلىقنى مۇسەللەت قىلىدۇكى، تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە ئاللاھ ئۇ خارلىقنى ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ» [ئەبۇ داۋۇد، 3462 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە مال ـ دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي غەرق بولۇشتىن ۋە قەلبىنىڭ ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سودىنىڭ بىر تۈرى بولغان «ئىينە» سودىسىنى تىلغا ئالغان. بۇ، مال ـ دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە ھېرىسمەنلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر خىل سودا شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا: بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە مۇئەييەن بىر مالنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن پۇلنى بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ، ئاندىن شۇ مالنىڭ ئۆزىنى تۆۋەنرەك باھادا نەق پۇلغا سېتىۋالىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بۇ سودا جازانە تۈرلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** «ھەدىستىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش»نى ئەيىبلىگەنلىك چىقمايدۇ. ئەيىبلەش پەقەت مال ـ دۇنيانىلا دەپ ياشايدىغان، پۈتۈن كۈچىنى شۇنىڭغا سەرپ قىلىدىغان، باشقا ئاخىرەتلىك مۇھىم ئىشلارغا قارىماي، پەقەت دۇنيا ئىشلىرى بىلەنلا بولىدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان. شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا جىھادنى تاشلاشنى تىلغا ئالغان، يەنى بۇ ھەدىستە دۇنياغا بېرىلىش بىلەن ئاللاھ يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش ۋە قۇربان بېرىشنى تاشلاش بىرلەشتۈرۈلگەن. ئەگەر بۇ ئىككى سۈپەت بىر ئۈممەتتە جەم بولسا، ئاللاھ ئۇلارغا خارلىقنى مۇسەللەت قىلىدۇ، كىشىلەر دىنىغا قايتمىغۇچە ئۇ خارلىق ئۇلاردىن كۆتۈرۈلمەيدۇ.

**تۆتىنچى نۇقتا:** ئۈممەتنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سىرتقى ئامىللار قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزدە ئۆزىمىزگە ۋە مال ـ دۇنياغا باغلىنىپ قېلىش، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن شۇنىڭغىلا بېرىلىپ كېتىش... دېگەندەك سەۋەبلەرنىڭ بارلىقىمۇ مۇقەررەر.

7 بىر نەرسىنى نېسى سېتىپ، پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن يەنە ئۇنى بۇرۇنقىدىن ئەرزان باھادا نەق سېتىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## ئىسلاھاتتا، دىنىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈشتە، ئىنسانلارنى ئىدارە قىلىش ۋە دەۋەت قىلىشتا ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتا:

بۇ بابنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئايىتى ئاللاھنىڭ «يالغانغا چىقارغۇچىلارنى ۋە زالىملارنى ھالاك قىلىش»تىكى قانۇنىيىتىنى بايان قىلىشتا ئورتاقتۇر. بۇ ئايەتلەردە ئىككى تۈرلۈك كىشى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار: «مۇناپىقلار» ۋە «ھەقنى يالغانغا چىقارغۇچىلار ۋە يۈز ئۆرۈگۈچىلەر»دۇر.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ، ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر، ئاللاھنىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن﴾ [ئەھزاب سۈرىسى، 62 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت مۇناپىقلار ھەققىدە نازىل بولغان ۋە ئەھزاب سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتتىن كېيىن كەلگەن: ﴿مۇناپىقلار، قەلبىدە كېسەللى بارلار ۋە مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقىتىپ كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغانلار (بۇ قىلمىشلىرىدىن) يانمىسا، سېنى چوقۇم ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىمىز...﴾. بۇ ئايەت شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئەگەر مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارغا سېلىۋاتقان ئەزىيەتلىرىدىن يانمىسا، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى تەھدىتنىڭ (دۇنيادا) نېمە ئۈچۈن تولۇق يۈز بەرمىگەنلىكى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. ئۇلار يامانلىقلىرىنى يوشۇرۇشقا قايتىپ، ئەزىيەت بېرىشتىن توختىغان. قەتادە رەھىمەھۇللاھنىڭ بۇ قارىشى ئەڭ كۈچلۈك قاراشتۇر.

2. تەھدىتنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ئاللاھنىڭ كەرەمى ۋە ئەپۇچانلىقى دائىرىسىدىكى ئىشتۇر.

ئىمام ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «يەنى: بۇ، ئاللاھنىڭ مۇناپىقلارغا تۇتقان قانۇنىيىتىدۇر؛ ئەگەر ئۇلار نىپاق ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، خاتا يولدىن يانمىسا، ئىمان ئەھلى ئۇلارغا غالىب قىلىنىدۇ».

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئاللاھنىڭ «ئىلگىرى ئۆتكەنلەرگە تۇتقان يولى» دېگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار:

بۇ ئايەت مەزكۇر كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ بەدرىدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، يەنە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلدى. خۇددى شۇلارغا قىلغاندەك، مۇناپىقلارغا مۇسەللەت قىلىشمۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدۇر.

بۇ ئىلگىرىكى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنى ئاللاھنىڭ سۈننىتى شۇكى، بۇنداق ئەھۋاللاردا ئاللاھ ئۆز دوستلىرىنى (ئەۋلىيالىرىنى) دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ.

## ئىككىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بۇنداق بولۇشى) ئۇلارنىڭ زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقلىرى ۋە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەنلىكلىرىدىندۇر. ھىيلە ـ مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە قوللىنىلغان (ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت) يولنىلا كۈتىدۇ، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھەرگىز ئۆزگىرىش كۆرمەيسەن، ئاللاھ يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن﴾ [فاتىر سۈرىسى، 43 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئايەت فاتىر سۈرىسىدە مۇتەكەببىرلەر ۋە يامان پىلان تۈزگۈچىلەر ھەققىدە كەلگەن. ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە شۇنى خەۋەر قىلىدۇكى، ئىنىق دەلىللەر كەلگەن تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنى رەت قىلغان ۋە يالغانغا چىقارغانلارغا ئۆز ئازابىنى چۈشۈرۈپ ھالاك قىلىش ئاللاھنىڭ سۈننىتىدۇر. بۇلار ئىلگىرىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن شۇ سۈننەتتىن (ھالاكەتتىن) باشقا نەرسىنى كۈتۈۋاتامدۇ؟

## ئۈچىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى﴾ [غافىر سۈرىسى، 85 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئاللاھنىڭ سۈننىتى بويىچە، زالىملار ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانى ئۇلارغا ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئاللاھنىڭ زالىملارنى ھالاك قىلىشى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى شەكىلدە ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ھالاك قىلىش: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئوخشاش؛

2. مۇئمىنلەرنى زالىملار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئارقىلىق ھالاك قىلىش.

بىرىنچى تۈر «ئوچۇق ـ ئاشكارا مۆجىزىلەر» قاتارىدىن بولسا، ئىككىنچى تۈر ھەق بىلەن ناھەق ئارىسىدىكى كۈرەش دائىرىسىدە يۈز بېرىدىغان «يوشۇرۇن مۆجىزىلەر»دىندۇر. ئەگەر ئازاب بىرىنچى تۈردىكىدەك پۈتۈنلەي ھالاكەت شەكلىدە كەلسە، ئۇ چاغدا تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردە ئەمەلنى تۈزىتىشكە پۇرسەت قالمايدۇ. ئەمما، ئىككىنچى تۈردىكى (يەنى مۇئمىنلەر غالىب كېلىش جەريانىدىكى) ئەھۋالدا تەۋبە قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن. قۇرئاندا بايان قىلىنغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۈشمەنلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھالاك قىلىش سۈننىتى دەل مۇشۇ ئىككىنچى تۈرگە كىرىدۇ.

## تۆتىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەر كېلىپ كەتتى؛ يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، (ھەقنى) يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار﴾ [ئال ئىمران سۈرىسى، 137 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

ئىمام ئەبۇ جەئفەر تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بۇ سۆزى بىلەن شۇنى مەقسەت قىلىدۇ: ئەي مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرى ۋە مۇئمىنلەر! سىلەردىن ئىلگىرىكى ئاد، سەمۇد، ھۇد ۋە لۇت قەۋملىرىگە ئوخشاش ئۈممەتلەر ئۈستىدە مېنىڭ سۈننەتلىرىم (يەنى جازالاش ئۈلگىلىرىم) ئۆتكەن. مەن ئۇ يالغانغا چىقارغۇچىلارغا مۆھلەت بېرىپ، تاكى مەن بەلگىلىگەن ۋاقىت كەلگۈچە ئۇلارنى تەدرىجىي ھالدا ئۆز پىلانىمغا تارتتىم، ئاندىن پەيغەمبەرلىرىمنى ۋە مۇئمىنلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدىم. ئاندىن ئۇلارغا ئازابىمنى چۈشۈرۈپ، كېيىنكىلەرگە ئۈلگە ۋە ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇم. سىلەر يەر يۈزىدە ئايلىنىپ بېقىڭلار. ئەي ئۇھۇد كۈنىدىكى مەغلۇبىيەتنى ئاللاھنىڭ مۇشرىكلارنى

قوغدىغانلىقى دەپ گۇمان قىلغۇچىلار! مەن ئۇلارغا پەقەت مۆھلەت بېرىۋاتىمەن. سىلەردىن ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ يۇرتلىرىنى كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمنى يالغانغا چىقارغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقىغا نەزەر سېلىڭلار. شۇنى بىلىڭلاركى، ئۇھۇدتا مۇشرىكلارنىڭ غالىب كېلىشى پەقەتلا بىر مۆھلەتتۇر. ئاخىرىدا ئۇلار يا ئىلگىرىكىلەردەك ھالاك بولىدۇ، ياكى تەۋبە قىلىپ، مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئەگىشىدۇ».

### بەشىنچى ئايەت:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئەرەبلەر!) ئۇلار (يەنى مەن ھالاك قىلغان ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) دىن سىلەرنىڭ كۇففارلىرىڭلار ئارتۇقمۇ؟ ياكى سىلەرگە ساماۋى كىتابلاردا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) كەچۈرۈم قىلىنىش بارمۇ؟﴾ [قەمەر سۈرىسى، 43 ـ ئايەت].

### پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ئايەت قەمەر سۈرىسىدە نۇھ، ئاد، سەمۇد، لۇت قەۋملىرى ۋە پىرئەۋننىڭ ھالاك بولۇشى تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن كەلگەن. بۇ ئايەت بەدرى كۈنىدىكى كاپىرلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ كاپىرلارمۇ ئىلگىرىكىلەردىن ياخشى ئەمەس، شۇڭا ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ سۈننەتلىرىدىن (جازاسىدىن) قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ.

### ئالتىنچى، يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچى ئايەتلەر:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىش مېنىڭ تۇتقان يولۇم بولۇپ كەلدى (ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىلىمەن)﴾ [ئەنفال سۈرىسى، 38 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى). ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز، قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن مۆئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر﴾ [ئەنفال سۈرىسى، 19 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر

ئـۇلار بىزنــىڭ ياردىمىمىزگــە ئېرىشــتى، ئاللاھنــىڭ ســۆزلىرىنى ھېچكىــم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۇبھىســىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسســىلىرى ساڭا نازىل بولدى﴾ [ئەنئام سۈرىسى، 34 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتا:

ئالــلاھ تائــالا ئــۆز كىتابىــدا شــۇنى تەكىتلەيدۇكــى، ئىلگىرىكــى ئۈممەتلەرنىڭ بېشــىغا كەلگــەن ئىشــلار پەقەت ئۇلارغىلا خــاس ئەمەس، بەلكى ئــۇ ئاللاھنىڭ بارلىــق مەخلۇقاتلار ئۈســتىدىكى ئۆزگەرمــەس قانۇنىيىتىــدۇر. ئاللاھ نۇرغــۇن جايلاردا بــۇ قانۇنىيەتنىڭ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنــى تەكىتلــەش ئارقىلىــق، پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالامنى ۋە مۇئمىنلەرنى خاتىرجــەم قىلغان.

ئىبنى ئاشۇر مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتىكى «ئاللاھنىڭ سۆزلىرى» دېگەن ئىبارىدىن مەقسەت ـ ئاللاھنىــڭ ئەزەلــدە پۈتۈپ قويغان ۋە ئۈممەتلــەر ئۆچۈن بەلگىلىگــەن قانۇنىيەتلىرىدۇر، يەنــى ھەقنــى يالغانغا چىقارغۇچىلارنىڭ ھالاك بولۇشــى خۇددى ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاشــلا يۈز بېرىدۇ».

## توققۇزىنچى ئايەت:

ئالــلاھ تائــالا مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿شــۇنىڭدەك (يەنى ســاڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشــرىكلىرىدىن دۈشــمەنلەرنى قىلغاندەك) ھەربىر پەيغەمبەرگە بىر قىســىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشــمىنى قىلــدۇق، پەرۋەردىگارىــڭ يــول كۆرســەتكۈچى ۋە ياردەمچــى بولۇشــقا ســاڭا يېتەرلىكتۇر﴾ [فۇرقــان سۈرىســى، 31 ـ ئايەت].

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا زالىمغا (تەۋبە قىلىشى ياكى گۇناھىنىڭ تولۇقلىنىشى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە مۆھلەت بېرىدۇ، لېكىن ئۇنى جازالىماقچى بولغاندا، ھەرگىز قاچۇرۇپ قويمايدۇ». ئەبۇ مۇسا مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ئەلەملىك قاتتىقتۇر﴾ [ھۇد سۈرىسى، 102 ـ ئايەت].

**ئىككىنچى ھەدىس:**

ۋەھيي نازىل بولۇش ھەققىدىكى ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە (ۋەھيىگە) ئوخشاش بىر نەرسىنى ئېلىپ كەلگەن ھەركىم چوقۇم دۈشمەنلىككە ئۇچرىغان ئىدى» [سەھىھ مۇسلىم، 160 ـ ھەدىس].

**ئۈچىنچى ھەدىس:**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ھىرەقل (رىم پادىشاھى) بىلەن ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسەسىدە رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھىرەقل ئەبۇ سۇفيانغا مۇنداق دېگەن: مەن سەندىن «ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) بىلەن ئۇرۇشقان ئەللىكىڭلار ئۇرۇشقانلىقىڭلارنى ۋە غەلبىنىڭ باقتىڭلارمۇ؟» دەپ سورىسام، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقانلىقىڭلارنى ۋە غەلبىنىڭ ئاراڭلاردا ئالمىشىپ تۇرغانلىقىنى، گاھىدا ئۇنىڭ سىلەرنىڭ يەڭگەنلىكىنى، گاھىدا سىلەرنىڭ ئۇنى يەڭگەنلىكىڭلارنى ئېيتتىڭ. پەيغەمبەرلەرمۇ ئەنە شۇنداق سىناققا دۇچ

كېلىدۇ، لېكىن ئاخىرقى غەلىبە ئۇلارغا مەنسۇپ بولىدۇ [سەھىھ بۇخارىي، 4553 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

ھىرەقلىنىڭ بۇ سۆزلىرىدە ھېچ شەك يوقكى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسىدىن كەلگەن نۇر ئەكس ئېتىدۇ. بۇ سۆزدە ئىككى خىل قانۇنىيەت تىلغا ئېلىنغان:

**1. سىناش قانۇنىيىتى:** بۇ بىرگە ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەۋەتنىڭ بېشىدا ئېيتقان: «سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ دىننىڭ ئوخشىشىنى ئېلىپ كەلگەن ھەرقانداق كىشى چوقۇم دۈشمەنلىككە ئۇچراپ كەلگەن» دېگەن سۆزىنى ئەسلىتىدۇ.

**2. مۇئمىنلەرگە نۇسرەت بېرىش قانۇنىيىتى:** يەنى ئاخىرقى غەلىبە ۋە ياخشى ئاقىۋەت چوقۇم مۇئمىنلەرنىڭ بولىدۇ.

## تۆتىنچى ھەدىس:

خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەبىنىڭ سايىسىدە چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ ياتقان ئىكەن، بىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ دەرد ئېيتىپ:

— بىز ئۈچۈن (ئاللاھتىن) نۇسرەت تىلىمەمسەن، بىز ئۈچۈن دۇئا قىلمامسەن؟ — دېيىشتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

«سىلەردىن ئىلگىرىكىلەردىن بىر كىشى تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورەك كولىنىپ، بويىنىغىچە كۆمۈلەتتى. ئاندىن ھەرە كەلتۈرۈلۈپ، بېشىدىن تارتىپ ھەرىدىلىپ، ئىككى پارچە قىلىۋېتىلەتتى، لېكىن بۇ ئۇنى دىنىدىن قايتۇرالمايتتى. تۆمۈر تارغاقلار بىلەن ئەتلىرى ئارىسىدىكى سۆڭەك ۋە پەيلىرى تارىلاتتى ـ يۇ، بۇمۇ ئۇنى دىنىدىن قايتۇرالمايتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ دىن چوقۇم پۈتۈنلىنىدۇ، ھەتتا بىر ئاتلىق كىشى سەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماي، قويلىرى ئۈچۈن بۆرىدىنمۇ ئەنسىرىمەي سەپەر قىلالايدۇ. لېكىن، سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر» [سەھىھ بۇخارىي، 3612 ـ ھەدىس].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ھاياتى دەۋەت قىلىش، ئىسپات كەلتۈرۈش، ناھەقكە قارشى تۇرۇش، سىناقلارغا دۇچ كېلىش ۋە كاپىرلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىش، ئاندىن ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى... قاتارلىق ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر بويىچە بولغان، ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ نۇسرىتى ۋە غەلىبىسى كەلگەن.

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** سىناش قانۇنىيىتى مەيلى بۇ ئۇممەت بولسۇن ياكى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر بولسۇن، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قىيىنچىلىقلارنى بىلىش ئىنساننىڭ سەۋرچان بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىللاردىن بىرىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بۇ (نۇسرەت ھەققىدىكى) خۇش خەۋەر دەل مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىن ـ قىستاقلار ئەڭ ئەۋجگە چىققان بىر پەيتتە كەلگەن.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## ياخشى ئاقىۋەت ۋە سىناقتىن كېيىنكى زەپەر ھەققىدە

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئىسلاھات يولىدا كېتىۋاتقان، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈۋاتقان ۋە دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇۋاتقان مۆئمىن ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بۇ دىنىنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋە ئۇنى يەتكۈزۈۋاتقان دوستلىرى (ئەۋلىيالىرى) ھەققىدىكى قانۇنىيىتىگە ئائىت چۈشەنچىلەرنى بىلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ باب ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنىڭ ئەقىدىسىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، دىنىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئىسلاھاتچى مۆئمىنلەرنى زەپەرگە ئېرىشتۈرۈپ، قۇدرەت تاپقۇزىدىغان يول ھەرگىز گۈل ـ چېچەكلەرگە تولغان ئەمەس، بەلكى سىناقلارغا تولغان يولدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنمىگەن مۆئمىن ئۈمىدسىزلىنىپ، دىنىدا سۇسلىشىپ قېلىشى ياكى دىنىدىن يېنىۋېلىشى مۇمكىن.

**تۆتىنچى نۇقتا:** بۇ باب ئۈستىدە توختىلىشنىڭ پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇش؛

2. سەۋر ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىن ئوزۇقلىنىش ۋە سىناقلارغا تەييارلىق قىلىش؛

3. مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى كۆرگەندە ئۈمىدسىزلەنمەسلىك ۋە سۇسلىشىپ قالماسلىق؛

سىناق بىلەن بىرگە سەۋرچانلىق ۋە تەقۋادارلىق بىرلەشسە، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇشاللىنارلىق ياخشىلىقلار كېلىدۇ.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەتتا پەيغەمبەرلەر (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە قەۋمى تەرىپىدىن) يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزم قىلغان چاغدا، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز كەلدى. بىز خالىغان ئادەملەرنى قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ﴾ [يۇسۇف سۈرىسى، 110 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتا:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت يۇسۇف سۈرىسىدە زىكىر قىلىنغان بولۇپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسى ئاللاھ تائالا بايان قىلغان سىناقتىن كېيىنكى زەپەر ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەمۇنىلىرىدىن بىرىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت بىر ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالا دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان سالىھ بەندىلىرىنى ئىنتايىن ئېغىر ھەم ئۇزۇن سىناقلار بىلەن سىنايدۇ، ھەتتا ئۇلار ئۈمىدسىزلىككە يېقىنلىشىدىغان بىر باسقۇچقا يەتكەندە ئاللاھنىڭ نۇسرىتى كېلىدۇ.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾ [بەقەرە سۈرىسى، 214 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتنىڭ سۈژىت قۇرۇلمىسىدىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، بۇ ئىش (سىناق) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ھەم ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە زىچ باغلىق ئىشتۇر؛ چۈنكى ئايەتتە مۇشۇ ئۈممەتكە خىتاب قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان نامراتلىق، كېسەللىك ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ئىلگىرىكىلەرنىڭ بېشىغىمۇ كەلگەنلىكى بايان قىلىنماقتا.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەت مەدىنە دەۋرىنىڭ باشلىرىدا، مۇسۇلمانلار مەككىدە ئىنتايىن ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن نازىل بولغان. بۇ ئايەتنىڭ مەدىنە دەۋرىنىڭ باشلىرىدا نازىل بولۇشىدىكى ھېكمەت مۆئمىنلەرنى كېيىنكى «ئەھزاب» (خەندەك) غازىتىدا دۈشمەنلەرگە دۈچ كەلگەندە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشتۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتە بەزىلەردە كۆرۈلىدىغان بەزى تەربىيەۋى نۇقسانلارغا تۈزىتىش بېرىلگەن، ئۇ بولسىمۇ، «ئىسلاھات ۋە دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا ھېچقانداق سىناق بولمايدۇ» دەيدىغان قاراش بولۇپ، بۇ بىر خام خىيالدۇر.

# ھەدىسلەر

## بىرىنچى ھەدىس:

ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىــن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ســۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھــۇ ئۇنىڭغا ھىرەقلىنىــڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان: ســەندىن: «ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشــۇڭلار قانداق بولدى؟» دەپ سورىســام، ســەن غەلىبىنىڭ ئاراڭلاردا ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقىنــى ئېيتتىــڭ. پەيغەمبەرلەرمــۇ ئەنە شــۇنداق ســىناققا دۇچ كېلىــدۇ، ئاندىن ئاخىرقــى غەلىبە ئۇلارنىڭ بولىدۇ، [ســەھىھ بۇخارىــي، 2804 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتا:

ھىرەقلىنىــڭ بۇ ســۆزى ئىنتايىن مۇھىــم بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەرلــەر ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى ئارقىلىــق بۇ ئىلاھىي ســۈننەتنى تونۇپ يەتكەن.

## ئىككىنچى ھەدىس:

خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەســۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم كەبىنىــڭ سايىســىدە چاپىنىنــى بېشــىغا قويــۇپ ياتقان ئىكــەن، بىز ئۇنىــڭ يېنىغا بېرىــپ دەرد ئېيتىپ:

ـــ بىــز ئۈچۈن (ئاللاھتىن) نۇســرەت تىلىمەمســەن، بىــز ئۈچۈن دۇئا قىلمامســەن؟ ـــ دېيىشــدۇق، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم مۇنداق دېدى:

«ســىلەردىن ئىلگىرىكىلەردىــن بىر كىشــى تۇتۇلــۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئــورەك كولىنىپ، بوينىغىچــە كۆمۈلەتتــى. ئاندىن ھەرە كەلتۈرۈلۈپ، بېشــىدىن تارتىــپ ھەرىدىلىپ، ئىككى پارچــە قىلىۋېتىلەتتــى، لېكىــن بۇ ئۇنــى دىنىدىــن قايتۇرالمايتتــى. تۆمۈر تارغاقــلار بىلەن ئەتلىرى ئارىسىدىكى سۆڭەك ۋە پەيلىرى تارىلاتتى ـ يۇ، بۇمۇ ئۇنى دىنىدىن قايتۇرالمايتتى. ئاللاھ بىلەن قەســەمكى، بۇ دىن چوقۇم پۈتۈنلىنىدۇ، ھەتتا بىر ئاتلىق كىشــى ســەنئادىن ھەزرىمەۋتكىچــە بولغــان ئارىلىقتا ئاللاھتىن باشــقا ھېچكىمدىن قورقمــاي، قويلىرى ئۈچۈن

بۇرۇندىنمۇ ئەنسىرىمەي سەپەر قىلالايدۇ. لېكىن، سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر» [سەھىھ بۇخارىي، 3612 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ مەككىدە تارتقان جاپالىرىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ قىسسەلىرىنىڭ يېڭى زاماندىكى كىشىلەردە مۇستەھكەملىك روھىنى يېتىلدۈرۈشتە نەقەدەر زور ۋە مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسەلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسەلەر ھەقىقەتنى، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان﴾ [ھۇد سۈرىسى، 120 ـ ئايەت].

**ئۈچىنچى نۇقتا:** جىنايەتچىلەر، زالىملار ۋە ئىسلاھاتقا قارشى چىققۇچىلار پۈتۈن تارىخ بويى ئوخشاش يولنى تۇتۇپ كەلگەن. شۇڭا، ئىنسان دىنغا قارشى شەپقەتسىزلەرچە قارشىلىقنى كۆرگەندە بۇنى تارىختا تۇنجى قېتىم يۈز بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماسلىقى كېرەك.

**تۆتىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستىكى خەۋەرلەر پەيغەمبەرلىكنىڭ دەلىللىرىدىن (مۆجىزىلىرىدىن) دۇر. ئەجەبلىنەرلىك تەرىپى شۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ خۇش خەۋەرنى نۇسرەتنىڭ ھېچقانداق بەلگىسى كۆرۈنمىگەن بىر قىيىن زاماندا ئېيتقان.

**ئۈچىنچى ھەدىس:**

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ھىجرەت قىلدۇق، ئەجرىمىزنى بېرىش ئاللاھنىڭ ئىشى. ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار (بۇ دۇنيادىكى) ئەجرىدىن ھېچنەرسە تېتىماي ۋاپات بولدى، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. يەنە ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇنىڭ مېۋىسى پىشتى، ئۇ شۇ مېۋىلەرنى ئۈزۈۋاتىدۇ (بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ)» [سەھىھ بۇخارىي، 1276 ـ ھەدىس].

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «مېۋىسى پىشتى» دېگەن سۆزى مۇساپىرلىق ۋە نامراتلىقتىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارغا ئېچىپ بەرگەن دۇنيا بايلىقلىرىنى مەقسەت قىلىدۇ.

### پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىستە خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق سىناقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ؛ يەنى «ئەھۋال ئۆزگىرىپ، مېۋىلەر پىشتى، ئۇلار شۇ مېۋىلەرنى يېدى، ئۇنىڭ ھۇزۇرى ۋە نېمەتلىرى ئىچىدە ياشىدى».

### ئۆتىنچى ھەدىس:

ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇراتتىم، بىرەيلەن كېلىپ ئۇنىڭغا نامراتلىقتىن شىكايەت قىلدى، ئاندىن يەنە بىرى كېلىپ قاراقچىلارنىڭ يول توسۇشىدىن شىكايەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ئەي ئەدىي، سەن ھىيرە شەھىرىنى كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن:

— كۆرمىدىم، ئەمما خەۋىرىنى ئاڭلىغان، — دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ئەگەر ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، بىر ئايالنىڭ ھىيرەدىن يولغا چىقىپ، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماستىن كەبىنى تاۋاپ قىلغىنىنى چوقۇم كۆرىسەن» — دېدى. مەن ئىچىمدە: «ئۇنداقتا، ئەتراپىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن تەي قەبىلىسىنىڭ قاراقچىلىرى نەگە كېتىدۇ؟» دەپ ئويلىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

— «ئەگەر ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، كىسرانىڭ خەزىنىلىرى چوقۇم ئېچىلىدۇ» — دېدى. مەن:

— ھۇرمۇزنىڭ ئوغلى كىسرانىڭمۇ؟ — دەپ سورىۋىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ھۇرمۇزنىڭ ئوغلى كىسرانىڭ. ئەگەر ئۆمرۈڭ بولسا، بىراۋنىڭ چاڭگىلىدا سەدىقە قىلىدىغان تەڭگە - تىللالارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەم ئىزدەپ تاپالمايدىغانلىقىنىمۇ كۆرىسەن...» — دېدى.

ئەدىي شۇنداق دەيدۇ: مەن بىر ئايالنىڭ ھىيرەدىن كېلىپ، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماي كەبىنى تاۋاپ قىلغانلىقىنى كۆردۈم. كىسرانىڭ خەزىنىلىرىنى ئاچقانلار ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم. ئەگەر ئۆمرۈڭلار بولسا، پەيغەمبەر ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان شۇ بىر چاڭگال ئالتۇننى (سەدىقە قىلىدىغان كىشى تاپالمايدىغان

ئەھۋالنى) مۇ چوقۇم كۆرسىلەر [سەھىھ بۇخارىي، 3595 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى قىسسەنىڭ باشتىن ـ ئاخىر تولۇق بىر جەريان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ جەريان نۆلدىن باشلانغان، باسقۇچمۇباسقۇچ ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، ئۇ دەۋردە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىكنى توختىتىپ قويۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان بارلىق تۇسالغۇلار بار ئىدى. مۇئمىنلەر بۇ قىسسەدە تۈرلۈك ھالەتلەرنى، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، تاكى بۇ دىن تولۇقلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم...﴾ [مائىدە سۈرىسى، 3 ـ ئايەت] دېگەن سۆزى نازىل بولغۇچە شۇنداق بولغان، ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## قىيىنچىلىق ۋە پىتنىلەردىن كېيىن، ئاخىر زاماندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ تۈزىلىدىغانلىقى ۋە قۇدرەت تاپىدىغانلىقى ھەققىدىكى بېشارەتلەر توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئىسلام ئۈممىتى ئۇزۇندىن بېرى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان مۇسىبەت ۋە ئاپەتلەر سەۋەبلىك نۇرغۇن كىشىلەردە ئۈمىدسىزلىك ۋە روھىي چۈشكۈنلۈك پەيدا بولدى. بۇ باب ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كەلگۈسىدە ئىنتايىن زور غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچ پەيدا قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلدى.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ بابتىكى مەزمۇنلارغا نىسبەتەن سادىر بولىدىغان خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ بىرى مۇشۇ بېشارەتلەرگە تايىنىۋېلىپ، ھېچقانداق ئىش قىلماي قاراپ ئولتۇرۇشتۇر.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى ئايەت:**

ئالـلاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشــى ئەمەللەرنى قىلغـان كىشــىلەرگە ئۇلاردىن بــۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمـران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقــۇم ھۆكۈمــران قىلىشــنى، ئــۇلار ئۈچۈن تاللىغــان دىنىنــى چوقۇم مۇســتەھكەم قىلىپ بېرىشــنى ۋە ئۇلارنىــڭ قورقۇنچىســنى ئامانلىققا ئايلانــدۇرۇپ بېرىشــنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار مــاڭا ئىبـادەت قىلىــدۇ، ماڭا ھېچ نەرســنى شــېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شــۇ ۋەدىدىــن كېيىن كاپىــر بولغانــلار ئاللاھنىــڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىــلاردۇر﴾ [نۇر سۈرىســى، 55 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچــى نۇقتــا:** بــۇ ئايــەت پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامنىڭ دەۋرىگىلا خــاس ئەمەس، شــۇنداقلا بــۇ ۋەدە بىرىلگــەن كىشــىلەر پەقــەت ســاھابىلەرلا ئەمــەس. شــەيخ ســەئدىي رەھىمەھۇللاھ تەپســىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇســۇلمانلار قاچانلا ئىمان ۋە ســالىھ ئەمەللەرنى بەرپــا قىلىدىكــەن، بۇ ئــش (خەلىپىلىك ۋە زەپــەر) قىيامەتكىچە داۋاملىشــىدۇ؛ ئاللاھنىڭ ئۇلارغــا قىلغــان ۋەدىســى چوقۇم ئەمەلگە ئاشــىدۇ».

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ئايەتتىكى خۇش خەۋەر ئىمان ۋە ســالىھ ئەمەلگە شــەرت قىلىنغان. بــۇ ئىمانىنىــڭ بارلىق تارماقلىرىنى ۋە ســالىھ ئەمەلنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى ئــۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى ئۇ شەخســي ئىســتىقامەت بولســۇن ياكى باشــقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەققە ۋە ســەۋرگە تەۋســىيە قىلىش ئىشلىرى بولسۇن، ھەممىسى مۇشــۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

**ئىككىنچى ئايەت:**

ئالـلاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿... مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىش بىزگە تېگىشــلىك بولدى﴾ [رۇم سۈرىسى، 47 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە سۈننەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن كىشى شۇنى بايقايدۇكى، ئاللاھ تائالا ئۆز دىنىغا ۋە دوستلىرىغا (ئەۋلىيالىرىغا)، ئۇلار ئۈستىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغاندا چوقۇم نۇسرەت بېرىدۇ. زېمىننى زۇلمەت قاپلىغان ئەڭ قاراڭغۇ چاغلاردىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ ئەمەل قىلىدىغان، دىنىنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ۋە ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدىغان مۇئمىنلەر ئارقىلىق ئۇ زۇلمەتنى يورۇتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

**ئىككىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زەپەر ھەققىدە ئۈزۈلۈكسىز خۇش خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ زات ھەرگىز قورۇنۇپ ئولتۇرۇۋالمىغان، بەلكى ئۆزى ۋە ساھابىلىرى بىلەن بىرگە پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ، قۇربان بېرىپ خىزمەت قىلغان، نەتىجىدە ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشقان.

## ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يەر يۈزى زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىككە تولۇپ كەتكۈچە قىيامەت بولمايدۇ. ئاندىن (قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى) مېنىڭ نەسلىمدىن ياكى مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن بىر كىشى چىقىدۇ، ئۇ زېمىن زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىككە تولغانغا ئوخشاش، ئۇنى ئادالەت ۋە ھەققانىيەتكە تولدۇرىدۇ» [مۇسنەد ئەھمەد، 11313 ـ ھەدىس].

**ئىككىنچى ھەدىس:**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەرەبلەرگە مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن بولغان، ئىسمى ئىسمىمغا ئوخشاش (يەنى مۇھەممەد ئىسىملىك) بىر كىشى پادىشاھ بولمىغۇچە ئاخىر زامان بولمايدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 2230 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ باب (يەنى مەھدىي ھەققىدىكى بابلار) كېيىنكى دەۋردىكى بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنغان بابلاردىن بىرىدۇر. بۇ رەت قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن نۇرغۇن خاتا چۈشەنچە ۋە خاتا مۇئامىلىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدۇر. ئەسلىدە بۇ مەسىلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن توغرىلىقى ئېنىق ئىسپاتلانغان ھەقىقەتتۇر. ھەدىسلەردىكى مەھدىي ھەققىدە كەلگەن دەلىللەر مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. ئېنىق، ئوچۇق دەلىللەر؛

2. ئالىملار تەرىپىدىن بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان ئومۇمىي دەلىللەر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ باب ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۈممەتنى ھەرگىز تاشلاپ قويمايدىغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى قاتتىق زۇلۇم ـ ستەملەرنى شۇ پېتى قالدۇرۇپ قويمايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇلۇغ بېشارەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىسلەردىكى بېشارەتلەر تۇيۇقسىزلا (تاسادىپىي) يۈز بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلار ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر دائىرىسىدە يۈز بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ۋە مەخلۇقاتلار ئۈستىدىكى قانۇنىيىتى شۇكى، ئۆزگىرىش ھەرگىز تۇيۇقسىز يۈز بەرمەيدۇ. كىمكى ئىسلاھاتنى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەردىن تاشقىرى بىر شەكىلدە ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ ئويلايدىغان بولسا، ئۇ ئېنىقلا خاتالاشقان بولىدۇ.

### ئۈچىنچى ھەدىس:

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «خەلىپىلىرىڭلار ئارىسىدا شۇنداق بىر خەلىپە بولىدۇكى، ئۇ مال ـ دۇنيانى (ساناپ ئولتۇرماي) چاڭگاللاپ، ئوچۇملاپ بېرىدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 2914 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بىر تۈركۈم ئالىملار بۇ ھەدىستىكى خەلىپىدىن «مەھدىي» كۆزدە تۇتۇلغان، دەپ قارىغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە كەلگۈسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان خەلىپىلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بار.

### تۆتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ. ھەتتا يەھۇدىيلار تاش ۋە دەرەخلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، شۇ چاغدا تاش ياكى دەرەخ زۇۋانغا كېلىپ: ‹ئەي مۇسۇلمان، ئەي ئاللاھنىڭ بەندىسى! ئارقامدا بىر يەھۇدىي بار، كەل، ئۇنى ئۆلتۈر!› دەيدۇ. پەقەت ‹غەرقەد› دەرىخىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دەرىخىدۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 2926 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس كىشىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدىغان بېشارەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ھەدىستە يەھۇدىيلارنىڭ كەلگۈسىدە بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە قوشۇنغا ئىگە بولىدىغانلىقىغا يوشۇرۇن بېشارەت بار (بۇ ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار تارىخىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش). ئاندىن ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقى، ئاخىرىدا بۇ ئۇرۇشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ھەدىستە بۇ غەلىبىنىڭ تۈنجى قېتىملىق كۈرەشتىلا قولغا كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنمىغان، بەلكى بۇ بىر باسقۇچ ھەققىدىكى خەۋەردۇر. بۇ غەلىبە باسقۇچىدىن ئىلگىرى دۈشمەننىڭ ئىشغالىيىتى ۋە قاتتىق قىيىنچىلىقلار يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن.

### بەشىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىدا (ھەدىس) يېزىپ ئولتۇراتتۇق. رەسۇلۇللاھتىن:

ــ قايسى شەھەر بىرىنچى بولۇپ پەتھ قىلىنىدۇ: كونستانتىنوپول (ئىستانبۇل) مۇ ياكى رۇم (رىم) مۇ؟ ــ دەپ سورىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ «ھىرەقلىنىڭ شەھىرى بىرىنچى بولۇپ پەتھ قىلىنىدۇ» ــ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭدىن يەنى كونستانتىنوپول (ئىستانبۇل) نى كۆزدە تۇتقان، [مۇسنەد ئەھمەد، 6645 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىسمۇ بېشارەتلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلام كەلىمىسىنىڭ (تەۋھىدنىڭ) چوقۇم يۇقىرى ۋە غالىب بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

### ئالتىنچى ھەدىس:

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاراڭلاردا پەيغەمبەرلىك ئاللاھ خالىغان مۇددەتچە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ خالىغاندا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەرلىك يولى ئۈستىدە خەلىپىلىك بولىدۇ، ئۇمۇ ئاللاھ خالىغان مۇددەتچە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ خالىغاندا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن زالىم پادىشاھلىق دەۋرى كېلىدۇ، ئۇمۇ ئاللاھ خالىغان

مۇددەتچە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ خالىغاندا ئۇنىمۇ كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن زالىم پادىشاھلىق دەۋرى كېلىدۇ، ئۇمۇ ئاللاھ خالىغان مۇددەتچە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ خالىغاندا ئۇنىمۇ كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرلىك يولى ئۈستىدە خەلىپىلىك بارلىققا كېلىدۇ». ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇشۇ يەردە سۈكۈت قىلدى، [مۇسنەد ئەھمەد، 18406 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بەزى ئالىملار بۇ ھەدىستىكى (ئاخىرىدا كېلىدىغان) خەلىپىلىكنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھمەھۇللاھنىڭ دەۋرى دەپ چۈشەندۈرگەن. لېكىن، كېيىنكى دەۋردىكى نۇرغۇن ئالىملار بۇنى ئۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا دەل چۈشمەيدۇ، چۈنكى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىلەن راشىد خەلىپىلەرنىڭ ئارىسىدىكى باسقۇچتا «زالىم پادىشاھ» ۋە «زۇلۇم پادىشاھلىقى» دەۋرلىرى بولمىغان، بەلكى پەقەت ئۈلاردىن بىرى بولغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىسلەرنى رىئاللىققا چۈشۈرۈش ئىجتىھاد قىلىنىدىغان مەسىلە. لېكىن، بۇنىڭ شەرتى شۇكى، ئىجتىھاد قىلغۇچى چوقۇم ئىلىم ئەھلى بولۇشى كېرەك.

## يەتتىنچى ھەدىس:

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھەق ئۈستىدە كۈرەش قىلىپ، غالىب ھالەتتە داۋاملىشىدۇ. شۇ چاغدا ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى ئۇنىڭغا: ‹كەل، بىزگە ناماز باشلاپ بەرگىن› دەيدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام: ‹ياق، سىلەرنىڭ ئەمىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئىچىدىن بولىدۇ. بۇ، ئاللاھنىڭ بۇ ئۈممەتنى ئىززەتلىگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر› دەيدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 126 ـ ھەدىس].

## سەككىزىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئاراڭلارغا مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ ئادىل ھۆكۈمران بولۇپ چۈشۈشىگە ئاز قالدى. ئۇ كىرېستنى چېقىپ تاشلايدۇ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ؛ مال ـ دۇنيا شۇنچە كۆپىيىپ كېتىدۇكى، ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان بىرەر كىشى تېپىلمايدۇ. ھەتتا بىر قېتىملىق سەجدە قىلىش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئەۋزەل بولۇپ

كىتىــدۇ» . ئاندىــن ئەبۇ ھۇرەيرە: «خالىســاڭلار مۇنۇ ئايەتنى ئوقــۇڭلار: ﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنــى يەھۇدىيــلار ۋە ناســارالاردىن) ھەرقانداقــى جــان ئــۈزۈش ئالدىــدا ئۇنىڭغــا (يەنى ئىيســانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىســى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ...﴾»
دېــدى [ســەھىھ بۇخارىــي، 3448 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ئىككى ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىــر زامانــدا چۈشــىدىغانلىقى ھەققىــدە كەلگەن ھەدىســلەر جۈملىســىدىندۇر. ئۇ زاتنىڭ چۈشــىدىغانلىقى ھەققىدىكــى دەلىللــەر پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالامدىن قەتئىي ئىشــەنچلىك دەرىجىــدە رىۋايــەت قىلىنغان ھەدىســلەردۇر. بۇنى رەت قىلىش دىندا قەتئىي ئىســپاتلانغان بىــر ھەقىقەتنى رەت قىلغانلىق بىلــەن باراۋەردۇر.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** ئىيســا ئەلەيھىســسالام بــۇ ئۈممەتنىــڭ ئىچىدىكــى ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچــۈن خىزمــەت قىلىۋاتقــان بىر جامائەتنىڭ ئۈســتىگە چۈشــىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** ئىيســا ئەلەيھىســسالام يېڭى بىر شــەرىئەت ئېلىپ چۈشــمەيدۇ، بەلكى مۇھەممەد ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەمنىڭ شــەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ.

**تۆتىنچــى نۇقتــا:** ئىيســا ئەلەيھىســسالامنىڭ چۈشۈشــىدىكى ئــەڭ چوڭ ئىشــلار ئەھلى كىتابــلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناســارالار) بىلەن مۇناســىۋەتلىك بولىدۇ. يەھۇدىيلار دەججال بىلــەن بىرگــە بولىــدۇ ۋە دەججال بىلــەن بىرگــە ئۆلتۈرۈلىدۇ؛ ناســارالار (خىرىســتىيانلار) بولســا ئىيســا ئەلەيھىســسالامغا ئىمان ئېيتىدۇ.

## توققۇزىنچى ھەدىس:

تەمىــم دارىي رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ مۇنــداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغــان: «بۇ دىن كېچــە بىلەن كۈندۈز يەتكەنلىكى يەرگە ئەلۋەتتە يېتىپ بارىدۇ. ئاللاھ مەيلى شــەھەرلەردىكى خىشــتىن سېلىنغان ئۆيلــەر بولســۇن، مەيلــى چۆللەردىكــى يۇڭدىن تىكىلگــەن چېدىرلار بولســۇن، ھېچقانداق بىــر ئۆيىنــى قالدۇرمــاي، بۇ دىننى ئاشــۇ ئۆيلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئىززىتىنى ســاقلاپ ئىســلامغا كىرگەنلــەر بىلــەن دىنىنــى ئەزىــز قىلىــدۇ، كاپىــر بولــۇپ خارلىــق يولىنــى تاللىغانلارنى كۇفرىلىقى ســەۋەبلىك خــار قىلىدۇ».

تەمىــم دارىــي مۇنــداق دەيتتــى: مــەن بــۇ ھەدىســنىڭ ھــەق ئىكەنلىكىنى ئــۆز ئەھلى بەيتىمــدە كــۆردۈم؛ ئۇلاردىــن كىــم مۇســۇلمان بولغان بولســا، ياخشــىلىققا، شــەرەپكە ۋە ئىززەتكــە ئېرىشــتى؛ كىــم كاپىر بولغــان بولســا، خارلىققــا، تۆۋەنلىككــە ۋە جىزيەگە دۇچ

كەلـدى [مۇسـنەد ئەھمـەد، 16957 ـ ھەدىـس].

**پايدىلىق نۇقتا:**

بـۇ ھەدىـس پەيغەمبـەر ئەلەيھسسـالامنىڭ بېشـارەتلىرىدىن بىرى بولـۇپ، ئۇنىڭدىكى خەۋەرلەرنىـڭ كۆپىنچىسـى تارىختـا ۋە رېئاللىقتا ئەمەلگە ئاشـتى. تارىختا ئىسـلام قوشـۇنى يـەر شـارىنىڭ شـەرق ۋە غەربلىرىگە قەدەر يېتىپ بـاردى. رېئاللىقتا بولسـا دەۋەتنىڭ كەڭ تارقىلىشـى بىلـەن، دۇنيانىـڭ ھەرقايسـى جايلىرىدىـن نۇرغۇنلىغـان كىشـلەرنىڭ ھەتتا ئىسـلامغا كىرىش تەس دەپ قارالغان شـارائىتلاردىمۇ بۇ دىنغا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## ئىسلامنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىدىغان بىردىنبىر دىن ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ نىجاتلىقنىڭ شەرتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** «پەيغەمبەرلىك مىراسىدىكى يول خەرىتىسى» ناملىق بۇ كىتاب شەرىئەتنىڭ نېگىزلىك مەسىلىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاپتور رىئاللىقنىمۇ دىققەتكە ئالىدۇ، شۇڭا شەرىئەتتىكى قايسىبىر پىرىنسىپ رېئاللىقتا بىرەر پىكىر ياكى چۈشەنچە تۈپەيلى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان بولسا، ئۇنى بۇ كىتابقا كىرگۈزىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ بابنىڭ كىتابقا كىرگۈزۈلۈشىدىكى سەۋەب رېئاللىقتا ئىسلامنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىدىغان بىردىنبىر دىن ئىكەنلىكى ۋە نىجاتلىقنىڭ بىردىنبىر شەرتى ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى سۇسلاشتۇرۇش ياكى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدۇر.

# ئايەتلەر

**بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئايەتلەر:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ دىن قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾ [ئال ئىمران سۈرىسى، 85 ـ ئايەت].

﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر﴾ [ئال ئىمران سۈرىسى، 19 ـ ئايەت].

﴿ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ئاللاھقا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى﴾ [ئال ئىمران سۈرىسى، 67 ـ ئايەت].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى بىر ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن ياراتتى، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالاغا تەسلىم بولۇش، ئۇنى بىر دەپ بىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ بۇ نىشانغا يېتىشى ئۈچۈن بىر نۇر، بىر يول ۋە بىر مەنبە بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان ۋەھىيلەردۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** «ئىسلام» سۆزى ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ:

1. ئومۇمىي مەنىدىكى ئىسلام: بۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىدۇر. بۇ مەنە پەيغەمبەرلەرگە نازىل بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئاللاھقا تەسلىم بولۇش ۋە بويسۇنۇش دەۋىتىدە ئورتاقتۇر.

2. خۇسۇسىي مەنىدىكى ئىسلام: بۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەۋەتىلگەن دىندۇر. بۇ دىننىڭ شەرەپلىك يېرى شۇكى، ئۇ مەخسۇس «ئىسلام» دەپ ئاتالغان.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دىن بىلەن ئەۋەتىلگەن چاغدا ئۇنىڭ

ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېنىق ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىز: «مەن ئەگىشىش زۆرۈر بولمىغان رىسالەت بىلەن ئەۋەتىلدىم» دېگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ زاتنىڭ رىسالىتى بۇ دىنىنىڭ چوقۇم چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ھەق دىن ۋە نىجاتلىق يولى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق يولنىڭ جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئىدى. بۇنداق ئوچۇق بايان باشقا ئۇممەتلەرنىڭ يالغان دىن ۋە ئازغۇن پىكىرلەرگە ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلايدىغان كاتتا رەھمەتتۇر.

**تۆتىنچى نۇقتا:** بۈگۈنكى كۈنىمىزدە تارىختا يوقاپ كەتكەن بىر دەۋەتنى قايتا تىرىلدۈرمەكچى بولغانلار بار. بۇ دەۋەت: «نىجاتلىقنىڭ بىردىنبىر شەرتى ئىسلام ئەمەس، ئىنسانىيەت باشقا دىنلارنى چىڭ تۇتسىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نىجات تاپقۇچىلاردىن بولالايدۇ» دەيدۇ. بۇنداق سۆزلەرگە «ئىبراھىمىيە» (ئىبراھىمچە دىنلار) دېگەندەك چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇۋېلىپ: «بۇ بىر تۈركۈم دىنلارنىڭ ھەممىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ، بۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىر پەيغەمبەرلىكنىڭ مىۋىلىرى، شۇڭا بۇ دىنلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ دەۋا قىلىشماقتا.

**بەشىنچى نۇقتا:** «ئىبراھىمىيە» دەپ ئاتالغان بۇ دەۋەت ئىككى ئاساسقا تايىنىدۇ:

**بىرىنچى ئاساس: مۇئەييەن دەلىللەرگە تايىنىدىغان دىنىي ئاساسلار:**

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى دەلىل قىلىشىدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مۇئمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار (ئارىسىدىن) ۋە پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ يوقتۇر﴾ [بەقەرە سۈرىسى، 62 ـ ئايەت].

ئۇلارنىڭ دەۋا قىلىشىچە، بۇ ئايەتتە نىجاتلىق ئۈچۈن ئىسلامغا كىرىش شەرت قىلىنمىغان نىمىش.

بۇ شۈبھىگە مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن جاۋاب بېرىلىدۇ:

مۇتەشابىھ (مەنىسى ئېھتىماللىق) ئايەتنى مۇھكەم (مەنىسى ئېنىق) ئايەتكە قايتۇرۇش: ئەسلىدە بۇ مەسىلە ھەققىدە كەلگەن بارلىق ئومۇمىي دەلىللەرگە قاراش كېرەك، ئاندىن بىرقانچە مەنىگە ئېھتىماللىقى بار بۇ ئايەتنى پەقەت بىرلا ئېنىق مەنە چىقىدىغان ئايەتلەرگە ئاساسەن چۈشىنىش كېرەك. باشقا دەلىللەرگە قارىساق، نىجاتلىق ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش ۋە ئەگىشىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكى ئىنتايىن روشەن بايان قىلىنغان. بىر كىشى باشقا دىندا بولسا، گەرچە تەۋھىد ئۈستىدە بولۇپ ياخشى ئەمەل قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرمىسە،

بۇ ئۇنىڭ نىجات تېپىشىغا كۇپايە قىلمايدۇ.

بۇ بابتىكى «مۇھكەم» (ئېنىق) دەلىللەردىن بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾ [نىسا سۈرىسى، 115 ـ ئايەت].

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممىي پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار﴾ [ئەئراف سۈرىسى، 158 ـ ئايەت].

بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرىكىلەرگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. شەيخ سەئدىي بۇ ئايەتنىڭ مەقسىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى خەۋەردۇر. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى بولۇپ، ئايەتلەر جەريانىدا كىشىنىڭ كۆڭلىگە بىرەر گۇمان كىرىش ئېھتىمالى بولۇپ قالسا، دەرھال شۇ گۇماننى يوقىتىدىغان بايان كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى بايان قىلغاندا، بەلكىم بەزى كىشىلەر «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيىبلىنىۋاتامدۇ؟» دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك بولمىغان كىشىلەرنى سۈپەتلىرى بىلەن ئايرىپ كۆرسەتكەن».

### ئىككىنچى ئاساس: ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئائىت ئومۇمىي دىنىي پىرىنسىپلار:

**ئالتىنچى نۇقتا:** مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ بىزدىكى ھەققى شۇكى، بىز «ئىبراھىمىيە» مەسىلىسىدىكى ھەقنى ئوچۇق بايان قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بۇ دەۋەت كۆپلىگەن سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، جۈملىدىن:

1. ھەقىقىي دىن بولغان ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا سۇسلۇق پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى «ھەممە ئادەم نىجات تاپىدۇ» دەپ قارالسا، دەۋەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

2. مۇسۇلمان بولمىغانلارغا خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىلنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان گۇمراھلىقتا تېخىمۇ مەھكەم

پاتــۇرۇپ قويغانلىق بولىدۇ.

**يەتتىنچــى نۇقتــا:** «ئىبراھىمىيە» دەۋتىنىــڭ تارقىلىپ كېتىــش ئېھتىماللىقى مۇنداق بىرقانچە ســەۋەبكە باغلىق:

1. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ماددىي كۈچ (مەنپەئەت):

2. ئىنســان روھىنىــڭ «ئىنســانپەرۋەرلىك» (Humanism) ئېقىمىنىــڭ تەســىرىگە ئۇچرىشــى.

**ســەككىزىنچى نۇقتــا:** ئىبراھىــم ئەلەيھىســسالامنىڭ يەھۇدىيمۇ، ناســارامۇ ئەمەســلىكى ھەققىدە نازىل بولغان ئايەت ھەرقايســى دىنلار ئارىســىدىكى پەرقلەرنى يوقىتىش (ئېرىتىپ بىــر قىلىۋېتىــش) دەۋاســىنى بىتچىت قىلىدىغــان ئىنتايىن ئېنىق ۋە مۇھكــەم دەلىلدۇر.

# ھەدىسلەر

## بىرىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز بىر چېدىردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدۇق. ئۇ زات:

— «جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇشقا رازىمۇسىلەر؟» — دەپ سورىدى، بىز:

— ھەئە، — دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

— «جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتىن بىرى بولۇشقا رازىمۇسىلەر؟» — دەپ سورىدى، بىز:

— ھەئە، — دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

— «جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشقا رازىمۇسىلەر؟» — دەپ سورىدى، بىز:

— ھەئە، — دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى:

— «مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، جەننەتكە پەقەت مۇسۇلماندىن باشقىسى كىرمەيدۇ. سىلەر مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا خۇددى قارا ئۆكۈزنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال ئاق تۈككە، ياكى قىزىل ئۆكۈزنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال قارا تۈككە ئوخشايسىلەر (يەنى جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ سانى ئاز، دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ سانى بەك كۆپ)» [سەھىھ بۇخارىي، 6527 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە جەننەتكە پەقەت مۇسۇلماندىن باشقىسى كىرمەيدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. بۇ سۆز بىزنىڭ كاللىمىزدا پەقەت غەيرى مۇسۇلمانلارنىلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىمۇ ئەسلىتىشى كېرەك، يەنى ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىسلامىنى ساقلاپ قېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىشى لازىم. بولمىسا، دوزاخقا كىرىدىغانلاردىن بولۇپ قېلىش خەۋپى ھەر كىشىدىن يىراق ئەمەس. بۇنىڭدىن ھېچكىم ئەمىن بولالمايدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى ئىخلاستۇر، يەنى بەندىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى پەقەت ئالالاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىشىدۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە پەزىلىتىنى بايان قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ ھەدىس ئۈمىدۋارلىقنىڭ بىر دەرۋازىسىدۇر.

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۈممەتتىن (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتى يەتكەن ئىنسانلاردىن) مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى ناسارا بولسۇن، كىمكى مېنىڭ خەۋىرىمنى ئاڭلاپ، ئاندىن مەن ئەۋەتىلگەن دىنغا ئىمان ئېيتماي ئۆلۈپ كېتىدىكەن، ئۇ چوقۇم دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 153 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشىنىڭ دوزاخ ئەھلىدىن بولىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس مۇئمىننى كىشىلەرنى ئالالاھ يولىغا دەۋەت قىلىشقا، ئىنسانلارغا رەھىم قىلىپ، ئۇلارنى ئالالاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئۈندەيدۇ.

# ئوتتۇزىنچى باب

## مۇئمىنىنىڭ قورقۇنچ بىلەن ئۈمىد ئارىسىدا ئاللاھقا يۈزلىنىشى

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** مۇئمىنىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى سەپىرىدە «قورقۇنچ» ۋە «ئۈمىد»تىن ئىبارەت ئىككى قانىتى بولىدۇ، بۇ قاناتلاردىن بىرى كەم بولسا، ئۇنىڭ سەپىرىدە نۇقسان كۆرۈلىدۇ؛ پەقەت ئۈمىد بىلەنلا مېڭىپ قورقۇنچنى ئۇنتۇپ قالسا، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرگە سەل قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى نەپس پەقەت ئۈمىد بىلەنلا توغرا يولدا تۇرالمايدۇ، بەلكى قورقۇنچقىمۇ ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئەگەر قورقۇنچ بىلەنلا مېڭىپ ئۈمىدنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۈمىدۋارلىقنىڭ ھۇزۇرىدىن، ئاللاھقا بولغان ئىشتىياقتىن ۋە مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، چۈنكى ئۈمىد مۇھەببەتنى ئۇزۇقلاندۇرىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** تەلەپ قىلىنغان «قورقۇنچ» پەقەت گۇناھكارلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئىمان ۋە ئىستىقامەت ئەھلىگىمۇ ئوخشاشلا لازىم. ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتكە كىرگەندىن كېيىن مۇنداق دەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان: ﴿ئۇلار ئېيتىدۇ: بىز ھەقىقەتەن (دۇنيادىكى چاغدا) ئائىلىمىزدە (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقاتتۇق﴾ [تۇر سۈرىسى، 26 ـ ئايەت].

# ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) (مۇئمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن، مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر»﴾ [ھىجر سۈرىسى، 49 ــ 50 ـ ئايەتلەر].

**پايدىلىق نۇقتا:**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىر تەرەپتىن ئۈمىدكە، يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇنچقا سەۋەب ئامىللارنى زىكىر قىلدى.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇ راستچىل ۋە راستچىللىقى ئاللاھ تەرىپىدىن تەستىقلانغان زاتتۇر) بىزگە مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ، ھەتتا ئۆزى بىلەن دوزاخ ئارىسىدا پەقەت بىر گەزلا (ئازغىنا ئارىلىق) قالىدۇ، شۇ چاغدا تەقدىر (لەۋھۇلمەھفۇزغا پۈتۈلگەن ئەمەلى) غالىب كېلىپ، ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ ـ دە، جەننەتكە كىرىدۇ. يەنە بىر كىشى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ، ھەتتا ئۆزى بىلەن جەننەت ئارىسىدا پەقەت بىر گەزلا قالىدۇ، شۇ چاغدا تەقدىر (لەۋھۇلمەھفۇزغا پۈتۈلگەن ئەمەلى) غالىب كېلىپ، ئۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ ـ دە، دوزاخقا كىرىدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 2643 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىستە بىر تەرەپتىن ئۈمىد بار، يەنى گۇناھكار كىشىدىنمۇ ئۈمىد ئۈزمەسلىك كېرەك، چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا ھىدايەتنى پۈتۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ياخشى ئەمەل قىلىپ جەننەتكە كىرىپ كېتىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇنچ بار، يەنى ئىنسان ئۆزىنىڭ ھازىرقى تائەت ۋە ئىلىم يولىدىكى ھالىتىگە خاتىرجەم بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، چۈنكى بۇ يولدا مېڭىۋاتقانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئاخىرىدا شۇ ھالەتتە ئۆلۈشكە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** سالىھلار ھەمىشە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدىن (خاتىمىسىدىن) ئەنسىرەيتتى. ئۇلار ھازىرقى ياخشى ئەمەللىرىمىز ئۈستىدە ئۆلۈشىمىز مۇمكىنمۇ ـ يوق دەپ ئەندىشە قىلىشاتتى.

## ئىككىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مۇئمىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى جازانىڭ (نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى) تامامەن بىلسە ئىدى، ھېچبىرى ئۇنىڭ جەننىتىدىن ئۈمىد كۈتەلمەيتتى. ئەگەر كاپىر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رەھمەتنىڭ (نەقەدەر كەڭ ئىكەنلىكىنى) تامامەن بىلسە ئىدى، ھېچبىرى ئۇنىڭ جەننىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەيتتى» [سەھىھ بۇخارىي، 6469 ـ ھەدىس].

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەت سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغا ئايىغىڭلارنىڭ بوغقۇچىدىنمۇ يېقىندۇر، دوزاخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىندۇر» [سەھىھ بۇخارىي، 6488 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىش ئىنساننىڭ ئادەتتە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدىغان كىچىككىنە بىر ئىش سەۋەبلىك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ، بىر تەرەپتىن ئۈمىد دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ ۋە مۇئمىننى ھېچقانداق سالىھ ئەمەلگە سەل قارىماسلىققا ئۈندەيدۇ، چۈنكى شۇ ئەمەل جەننەتكە كىرىش سەۋەبى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇنچ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ ۋە مۇئمىننى ئاللاھ ھارام قىلغان كىچىك بىر ئىشقىمۇ سەل قارىماسلىققا ئۈندەيدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئاللاھنىڭ ئازابىغا ھېچكىم بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بۇ ئىنساننى قورقۇنچقا باشلايدۇ؛ ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭدۇر، بۇ ئىنساننى ئۈمىدكە باشلايدۇ. ئىنساننىڭ قىلىدىغىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن پەرۋەردىگارىدىن ئەيمىنىپ ياشاشتىن ئىبارەتتۇر.

## تۆتىنچى ھەدىس:

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم شۇنداق بىر خۇتبە سۆزلىدىكى، مەن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر خۇتبىنى ھەرگىز ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. ئۇ زات مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر

مەن بىلىدىغان نەرسىلەرنى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار». ئەنەس ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى يۈزلىرىنى توسۇپ تۇرۇپ يىغلىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى» [سەھىھ بۇخارىي، 4621 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز كۆرمىگەن نېمەت، دەرد ـ ئەلەم، رەھمەت ۋە ئازابلارنى كۆردى. ئۇ زاتنىڭ بۇ ئىلىملەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىنكى خىتابى شۇكى، ئىنسان ھاياتىدا ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىشتا سەممىي بولۇشى كېرەك. بۇ سەممىيلىكنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئاللاھتىن ئەيمىنىش، قورقۇش ۋە كۈلكىنى ئازايتىشتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىنساننىڭ ئاللاھ ھەققىدە ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر ھەققىدە بىلىمى قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭدا ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئەيمىنىش تۇيغۇسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

### بەشىنچى ھەدىس:

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىمكى بىر ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئۇنىڭغا شۇ ياخشىلىقنىڭ ئون ھەسسىسى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ئەجىر بېرىلىدۇ. كىمكى بىر يامانلىق بىلەن كەلسە، ئۇنىڭ جازاسى شۇنىڭغا تۇشلۇق بولىدۇ ياكى مېنىڭ مەغپىرىتىمگە ئېرىشىدۇ. كىمكى ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. كىمكى ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. كىمكى ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن. كىمكى ماڭا شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا، يەر يۈزى توشقۇدەك گۇناھ بىلەن مۇلاقات بولسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مەغپىرەت بىلەن مۇلاقات بولىمەن» [سەھىھ مۇسلىم، 2687 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى كۆچەيتىدىغان، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ۋە ساۋابىغا بولغان ئىشتىياقىنى ئاشۇرىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ھەدىسلەرنىڭ بىرىدۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** مۆئمىننى سالىھ ئەمەلگە قىزىقتۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە ئاللاھقا يېقىن بولۇشى ۋە ئاللاھ رازى بولغان بەندىلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىدۇر.

ئالتىنچى ھەدىس:

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەن ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، دوزاخقا كىرىدۇ». مەن (ئابدۇللاھ) ئېيتىمەنكى: كىمكى ئاللاھقا ھېچقانداق شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ، [سەھىھ بۇخارىي، 1238 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئىنسان ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىش تەۋھىدنى مۇستەھكەملەش ۋە شېرىكتىن يىراق بولۇشتۇر. چۈنكى، مۇئمىن پەرۋەردىگارىغا يولۇققاندا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ ئۇمىدلىك نەرسە مۇۋەھھىد (تەۋھىد ئەھلى) بولغان بىر قەلبتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** «تەۋھىد»نىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىدىن بىرى قەلب ئەمەللىرىدۇر، يەنى ئىخلاس، مۇھەببەت، ئاللاھقا يۈزلىنىش، تەۋەككۈل ۋە ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى (قۇرئان) غا چىڭ ئېسىلىش قاتارلىقلاردۇر. ئىنسان قەلب ئەمەللىرىنى قانچە كۈچەيتسە، ئۆزى بىلەن شېرىك ئارىسىدىكى بارلىق يامان مۇناسىۋەتلەرنى شۇنچە ئۈزۈپ تاشلىغان بولىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان باغلىنىشى ئاجىزلىغاندا شېرىككە چۈشۈپ قالىدۇ.

يەتتىنچى ھەدىس:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى يوقىتىپ، ئورنۇڭلارغا گۇناھ قىلىپ، ئاندىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيدىغان بىر قەۋمنى ئاپىرىدە قىلغان، ئاندىن ئۇلارغا مەغپىرەت قىلغان بولاتتى» [سەھىھ مۇسلىم، 2749 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس ئۈمىدۋارلىق ھەققىدىكى ئۇلۇغ ھەدىسلەردىن بولۇپ، ئىنساننى قىلغان گۇناھى سەۋەبلىك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشتىن توسىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئاللاھ تائالا ئاجىزلىقنى ھېس قىلىپ ئۆزى تەرەپكە يۈزلەنگۈچىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق ھالەت كۆپىنچە گۇناھتىن كېيىنلا كېلىدۇ. گۇناھتىن كېيىنكى قەلبنىڭ سۇنۇقلۇق، خارلىق ۋە پۇشايمان بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىشى بەندىچىلىكنىڭ ئەڭ

گۈزەل كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرىدۇر.

**سەككىزىنچى ھەدىس:**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار ئاللاھ تائالا ھەققىدە ياخشى قاراشتا بولماي تۇرۇپ ئۆلمىسۇن، (يەنى ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئۈمىدى كۈچلۈك ھالەتتە ئۆلسۇن)» [سەھىھ مۇسلىم، 2877 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** ئالىملار بەزى ئەھۋاللاردا «ئۈمىد» تەرەپنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مۇشۇ ھەدىسكە تايىنىدۇ. دىنىي چۈشەنچىگە كۆرە، ۋاپاتى يېقىنلاشقان كىشىگە قورقۇنچتىن كۆرە، ئۈمىدنى (ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى) كۆپرەك ئەسلىتىش كېرەك دەپ قارىلىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** «ئاللاھ ھەققىدە ياخشى قاراشتا بولۇش» دېگەنلىك «ئۇنىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا، ناھايىتى مېھرىبان پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا بارىدىغانلىقىغا ئىشىنىش» دېگەنلىكتۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس پەقەت ئۆلۈم دەقىقىلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئىنساننىڭ دائىم ئاللاھ ھەققىدە ياخشى قاراشتا بولۇشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان سېغىنىش ۋە ئىشتىياق توغرىسىدا

پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا بولغان سېغىنىش مۇئمىنىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى سەپىرىدە ئەڭ مۇھىم قوزغاتقۇچ ئامىللاردىن بىرىدۇر. چۈنكى، بۇ دىن پەقەت قۇرۇق بىلىم دىنىلا ئەمەس، بەلكى «مۇھەببەت» ئاساسىغا قۇرۇلغان دىندۇر. بۇ شۇنداق بىر مۇھەببەتكى، ئۇ كىشىنى ئەمەلگە، پىداكارلىققا ۋە سۆيۈملۈك زات (رەسۇلۇللاھ) ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى باشقا ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن كۆرۈشكە ئۈندەيدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان سېغىنىش ۋە ئىشتىياق ھەققىدە سۆزلەش بىر يېڭىلىق ئەمەس، بەلكى بۇ سېغىنىش ئۇ زاتنىڭ ھايات ۋاقتىدا ھەتتا جانسىز نەرسىلەردىمۇ كۆرۈلگەن.

# ھەدىسلەر

**بىرىنچى ھەدىس:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىم ئىچىدە مېنى ئەڭ قاتتىق ياخشى كۆرىدىغانلار مەندىن كېيىن كېلىدىغان بىر قەۋمدۇركى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مېنى كۆرۈش ئۈچۈن پۈتۈن مال ـ مۈلكى ۋە ئائىلىسىدىن كېچىشكە رازى بولىدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 2732 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرگۈچى ۋە سېغىنغۇچىلارنىڭ ئىشتىياقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، چۈنكى كېيىنكى زامانلاردا ئۆزىنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىسلام ئۈممىتى ئەسىرلەر بويى نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئىختىلاپ قىلىشقان بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرەر مۇئمىننى تاپالمايسىز. مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدىكى بۇ مۇھەببەت باشقا ھېچقانداق ئىنسانغا بولغان مۇھەببەتكە ئوخشىمايدىغان دەرىجىدىكى يۇقىرى مۇھەببەتتۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار:

1. ئۇ زات سەۋەبلىك بۇ ئۈممەتكە كەلگەن ئۇلۇغ ياخشىلىقلار؛

2. ئۇ زاتنىڭ ئۆز زاتىدىكى ئەخلاقىي كامالىتى.

**ئىككىنچى ھەدىس:**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ

سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ مەسـچىتىدە بىر تـۈۋرۈك (خورما دەرىخىنىـڭ غولى) بار بولۇپ، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم جۈمە كۈنلىرى ئۇنىڭغـا يۆلىنىپ تۇرۇپ خۇتبـە سـۆزلەيتتى. بىـر ئەنسـارىي ئايال (ياكى ئەر كىشـى):

ــ ئەي رەسۇلۇللاھ، سىزگە بىر مۇنبەر ياساپ بەرسەك قانداق؟ ــ دېۋىدى، ئۇ زات:

ــ «خالىساڭلار ياساڭلار» ــ دېدى.

مۇنبـەر ياسـىلىپ، جۈمـە كۈنى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنبەرگە چىققاندا، مەزكۇر تۈۋرۈك بوۋاقتەك ئىڭراپ يىغلاپ كەتتى. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم مۇنبەردىـن چۈشـۈپ ئۇنـى قۇچاقلىۋىـدى، ئۇ خـۇددى يىغىسـىدىن توختىغان بوۋاقتـەك ئىڭشـىپ توختاپ قالدى. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم:

ــ «بـۇ تـۈۋرۈك ئۆزىنىڭ يېنىـدا ئاڭلىنىدىغـان زىكىرلەرنى سـېغىنىپ يىغلىدى» ــ دېـدى [سـەھىھ بۇخارىـي، 3584 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچـى نۇقتـا:** ئالـلاھ تائـالا جانسـىز جىسـىملارغىمۇ ئـۆزى بىلىدىغـان بـەزى خۇسۇسـىيەتلەرنى بەرگـەن. ئالـلاھ بـەزى بەندىلىرىگـە بۇنـى بىلدۈرىـدۇ. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنى سـېغىنىپ يىغلىغـان خورمـا دەرىخىنىـڭ غولـى بۇنىڭ تىپىـك مىسـالىدۇر.

**ئىككىنچـى نۇقتـا:** رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنى ئـەڭ كۈچلـۈك سـېغىنىدىغانلار ئـۇ زات بىلـەن بىرگە ياشـاپ، ئاندىـن ئۇنىڭدىن ئايرىلىـپ قالغانلاردۇر.

## ئۈچىنچى ھەدىس:

ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ھىشـام رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلىنىدۇكى، بىـز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام بىلـەن بىرگـە ئىـدۇق، ئـۇ زات ئۆمـەر ئىبنـى خەتتابنىـڭ قولىنـى تۇتۇپ تۇراتتـى. ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ:

ــ ئـەي رەسـۇلۇللاھ! سـىز مـەن ئۈچـۈن ئـۆز نەپسـىمدىن باشـقا ھەممـە نەرسـىدىن سـۆيۈملۈكرەك، ــ دېۋىـدى، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام:

ــ «يـاق، جېنىـم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسـەمكى، تاكى مەن سـەن ئۈچۈن ئۆز نەپسـىڭدىنمۇ سـۆيۈملۈك بولمىغۇچە (ئىمانىڭ كامىل بولمايدۇ)» ــ دېدى. ئۆمەر شـۇئان:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسـەمكى، ھازىر سـىز مەن ئۈچۈن ئۆز نەپسـىمدىنمۇ سـۆيۈملۈكرەك،

ــ دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ «ئەي ئۆمەر! ئەمدى (ئىمانىڭ كامىل بولدى)» ــ دېدى، [سەھىھ بۇخارىي، 6632 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** مۇئمىنلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈشى پەرزدۇر. بۇ ھەدىس مۇئمىنىنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ بارلىق ئىنسانىي سۆيگۈلەردىن، جۈملىدىن ئۆز نەپسى، ئائىلىسى، مېلى ۋە بالىلىرىدىن ئۈستۈن تۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىدۇ. كىمكى بۇ دەرىجىدىكى مۇھەببەتنى تىكلىيەلىسە، ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ تۈزىلىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش دەرىجىسىدىن گۇمان قىلمىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ھەقىقىي مۇھەببەت ئەگىشىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن قالدۇرغان ئەڭ گۈزەل ئىزلىرىدىن بىرى مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىگە پۈتۈلگەن مۇھەببەتتۇر. بۇ شۇنداق ئاجايىپ مۇھەببەتكى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى باشقا ھېچقانداق مۇھەببەت ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## ئاللاھ تائالانى سېغىنىش ھەققىدە

# ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھنىڭ (بۇنىڭغا بەلگىلىگەن) ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ [ئەنكەبۇت سۈرىسى، 5 ـ ئايەت].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچى نۇقتا:** بەزى ئالىملار بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانى سېغىنىشقا دالالەت قىلىدىغان مەنىلەر بارلىقىنى زىكىر قىلغان.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئاللاھنى سېغىنغۇچىلارغا بېرىلگەن تەسەللى ۋە تەسكىن تاپقۇزۇشتۇر». شەيخ ئىبنى سەئدىي رەھىمەھۇللاھ ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەي پەرۋەردىگارىنى ياخشى كۆرگۈچى، ئۇنىڭغا يېقىن بولۇشنى ۋە مۇلاقات بولۇشنى سېغىنغۇچى، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئالدىرىغۇچى بەندە! سۆيۈملۈك پەرۋەردىگارىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقتىنىڭ يېقىنلىقىدىن خۇش خەۋەر ئالغىن، ئۇ ۋاقىت چوقۇم كېلىدۇ. كېلىدىغان ھەربىر نەرسە يېقىندۇر. شۇڭا، ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇش ئۈچۈن ئوزۇقۇڭنى تەييارلىغىن، ئۇنىڭغا يېتىشتىن ئۈمىدۋار بولغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ يولغا چىققىن».

# ھەدىسلەر

### بىرىنچى ھەدىس:

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدۇ» [سەھىھ بۇخارىي، 6508 ـ ھەدىس].

### پايدىلىق نۇقتا:

بۇ ھەدىس ئەگەر ۋاپات بولغان كىشى سالىھ ۋە ئىستىقامەت ئەھلىدىن بولسا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا تەسەللى بېرىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ خەۋەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

### ئىككىنچى ھەدىس:

ئەتائ ئىبنى سائىب دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە ناماز ئۆتەپ بەردى ۋە نامازنى قىسقا قىلدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا:

— نامازنى بەك يېنىك (ياكى قىسقا) قىلىۋەتتىڭىزغۇ؟ — دېۋىدى، ئۇ:

— مەن بۇ نامازدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىرقانچە دۇئامۇ قىلدىم، — دېدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەندە، بىر كىشى (رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ دادىسى) ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ دۇئا ھەققىدە سورىدى ۋە كېلىپ باشقىلارغا خەۋەر بەردى (دۇئانىڭ تېكىستى مۇنداق ئىدى):

«ئەي ئاللاھ! غەيبنى بىلىش قۇدرىتىڭ ۋە مەخلۇقاتلار ئۈستىدىكى قۇدرىتىڭ بىلەن سەندىن شۇنى سورايمەنكى، ئەگەر ياشىشىم مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنى ياشاتقىن؛ ئەگەر ئۆلۈشۈم مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنىڭ جېنىمنى ئالغىن. ئەي

ئالــلاھ! مەن ســەندىن مەيلى كىشــلەر كۆرمەيدىغــان خىلۋەتتىكى ھالەتتە بولســۇن، مەيلى كىشــىلەر كۆرىدىغان ئاشــكارا ھالەتتە بولسۇن، ماڭا ســەندىن قورقۇشنى نېسىپ قىلىشىڭنى ســورايمەن؛ مەيلى رازىلىق (خۇشــاللىق) ھالىتىدە بولسۇن، مەيلى غەزەپ ھالىتىدە بولسۇن، ماڭا ھەقنى سۆزلەشــنى نېســىپ قىلىشــىڭنى ســورايمەن؛ مەيلى نامراتلىقتا بولسۇن، مەيلى بايلىقتــا بولســۇن ئوتتۇراھاللىقنى ســورايمەن؛ ســەندىن تۈگىمەيدىغان نېمــەت ۋە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان خۇشــاللىق سورايمەن؛ تەقدىرگە رازى بولۇشــنى، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتنىڭ راھەتلىكىنى ســورايمەن؛ ســەندىن جامالىڭغا قاراش لەززىتىنى ۋە ســاڭا مۇلاقات بولۇشــنى ســېغىنىش نېمىتىنــى بېرىشــىڭنى ســورايمەن؛ بۇ ســېغىنىش زىيــان يەتكۈزىدىغــان بىرەر قىيىنچىلىــق ۋە ئازدۇرغۇچــى بىــرەر پىتنىدىــن خالىــي بولســۇن. ئەي ئالــلاھ! بىزنى ئىمان زىننىتــى بىلــەن زىننەتلىگــىن ۋە بىزنــى باشــقىلارنى ھىدايەتكــە باشــلايدىغان ھىدايــەت تاپقۇچىلاردىــن قىلغىن» [ســۇنەن نەســەئىي، 1305 ـ ھەدىس].

## پايدىلىق نۇقتىلار:

**بىرىنچــى نۇقتا:** بىر مۇئمىنگە نىسبەتەن بۇ دۇئانى يادلىۋېلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆپ دۇئا قىلىش چوڭ ياخشىلىق ۋە نىجاتلىقتۇر. بــۇ دۇئانىڭ ئالاھىدىلىكى شــۇكى، ئۇنىڭدا ئىنســاننىڭ ئىچكى دۇنياســىنى ئىســلاھ قىلىدىغان ۋە تۈرلۈك ئەھۋاللاردا ئىستىقامەتتە چىڭ تۇرۇشــقا ياردەم بېرىدىغان تەلەپلەر بار.

**ئىككىنچــى نۇقتــا:** پەيغەمبەرلىــك بەرىكىتىنىــڭ ئــەڭ ئۇلــۇغ كۆرۈنۈشــلىرىدىن بىرى رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەمنىڭ دۇئالىرىدىكى بەرىكەتتۇر. كىمكى ئۇ زاتنىڭ دۇئالىرىنــى چىــڭ تۇتســا، بەرىكەتلىك ئىش قىلغــان بولىدۇ.

**ئۈچىنچــى نۇقتــا:** بۇ ھەدىــس ئاللاھ تائالانــى سېغىنىشــنىڭ ئىمانىنىــڭ تەلەپلىرىدىن بىــرى ئىكەنلىكىگە دالالــەت قىلىدۇ.

**تۆتىنچــى نۇقتــا:** ئاللاھقا بولغان ســېغىنىش پەقەت قەلــب ئاللاھقا بولغــان مۇھەببەت بىلــەن تولغانــدىلا مەۋجۇت بولىدۇ. بــۇ مۇھەببەتنىڭ بىرقانچە ســەۋەبى بــار، جۈملىدىن:

1. ئالــلاھ تائالانى تونۇش (ئىلىم): بۇنى قۇرئــان كەرىمدىن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھقا قىلغان ئىبادەتلىرى ۋە مۇئامىلىلىرىدىن ئۆگىنىشــكە بولىدۇ؛

2. ئومۇمىــي ۋە خۇسۇســىي نېمەتلــەر ھەققىــدە تەپەككــۇر قىلىــش: بــۇ ئاللاھنىــڭ نېمەتلىرىنــى تونــۇش ۋە كــۆرۈش ئارقىلىــق ھاســىل بولىــدۇ.

**ئۈچىنچى ھەدىس:**

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندا، ئاللاھ تائالا: يەنە بىرەر نەرسىنى زىيادە بېرىشىمنى خالامسىلەر؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار:

ــ سەن بىزنىڭ يۈزلىرىمىزنى ئاق ۋە نۇرلۇق قىلمىدىڭمۇ؟ بىزنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، دوزاختىن قۇتقۇزمىدىڭمۇ؟ ــ دېيىشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ (ئۆزى بىلەن بەندىلىرى ئارىسىدىكى) پەردىنى ئاچىدۇ. جەننەت ئەھلىگە پەرۋەردىگارىنىڭ جامالىغا قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈك ۋە قىممەتلىكرەك ھېچقانداق نېمەت بېرىلمىگەن بولىدۇ» [سەھىھ مۇسلىم، 181 ـ ھەدىس].

**پايدىلىق نۇقتىلار:**

**بىرىنچى نۇقتا:** مۇئمىننىڭ ئاخىرەتتىكى ئارزۇسى پەقەت جىسمانىي ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئەڭ ئالىي تەلەپ ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتۇر.

**ئىككىنچى نۇقتا:** ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن تۆۋەن بولغان بىرەر نىشاننى بەلگىلىمەسلىكى كېرەك.

# خاتىمە

ئۈممەتنىڭ دۈشمەنلىرى «بۇ ئۈممەت ئۆلدى، ياشلىرى تۈگىدى، ئۇلار لەززەت ۋە شەھۋەتلەرگە، ئەخلاقسىزلىقلارغا غەرق بولدى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن باشقا غېمى قالمىدى» دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشماقتا. بۇ گۇمان ۋە خام خىياللار چوقۇم بەربات بولىدۇ. يېقىن كۈنلەردە ئىسپاتلىنىدۇكى، بۇ ئۈممەت ئۆز دىنىغا، ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە، شانۇشەۋكىتىگە چوقۇم قايتىدۇ. يېگانە ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كەلگۈسى غەلىبە چوقۇم ئىسلامغا ئائىتتۇر، مەن بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمەن!

ئۇستاز: مۇھەممەد شۇمەيس